# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(25)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
خالىق ساقى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (25)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇاڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.125، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1988 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5,700
ISBN7 — 228 — 00866 — 9/K·74
باھاسى 20
(ئىچكى جە... دۇ)

## مۇندەرىجە

1 - قەيسەر جەڭچى...................سەيپۇللايوپ 1
2 - ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەققىدە ئەسلىمە.......
...............................ئەنۋەر خانبابا 25
3 - ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى
توغرىسىدا ئەسلىمە..................خالىق ساقى 44
4 - ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان
قاسىمى ھەققىدە ئەسلىمە.........يۇسۇپجان ئەيسا 62
5 - «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بىر قىسمى بولغان
ئالتاي ئىنقىلابى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم..پاتىخان 120
6 - تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەق-
قىيات تارىخىغا دائىر ئەسلىمە...ئابلىمىت ھاجىيوپ 269
7 - توخسۇن ناھىيىسى مەدەنىي - مائارىپىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى توغرىسىدا.................سەيدۇللا تاھىر 308
8 - ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ئۈستىدە ئەسلىمە
...............................نەسىردىن ناسىرى 370
9 - مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجىم ھەققىدە ئەسلىمە
...............................شېرىپ خۇشتار 383
10 - تەرەققىيپەرۋەر قاسىم تاش ھاجىم توغرىسىدا
...............................شېرىپ خۇشتار 394
11 - دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت (كەمى) نىڭ
ھاياتى توغرىسىدا..................شېرىپ خۇشتار 402

12 ـ يەكەن ناھىيىسىدىكى خويزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەئى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى.....(يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش) 414

13 ـ قارا شەھەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە..............................ئەيسا مۇسا 431

14 ـ باي ناھىيىسىدىكى قاچ ـ قاچ ۋەقەسى.......................................ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 438

15 ـ پېلەك دېخۇەي بىلەن جاڭ جۇجۇڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەسلىمە........................ يۇجەنباڭ 450

16 ـ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە..................تېڭ جىجۇ 462




# قەيسەر جەڭچى

## (يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ توغرىسىدا)

### سەيپۇلاليۇپ

يولداش ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى سەھىپىسى ئىچىدە بارلىقىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدا خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ماركسىزم ــ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە يېتەكچى قىلدى ۋە ئۇنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا تەدبىقلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشتى بولدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى ئىچىدىكى خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئاكتىپ قەيسەر

جەڭچى ئىدى.

1931 - يىللىرى فېئوداللىق زۇلۇم ۋە مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھەر خىل دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان قۇمۇل دېھقانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك تەسىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

1933 - يىلى 4 - ئايدا جاللات شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق بىلەن پۈرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر مەزگىلگىچە مەلۇم ئىلغار سىياسەتلەرنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، ھەتتا ماركسىزم - لېنىنىزم پەلسەپىلىرى تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ۋۇجۇتقا كەلدى. جۈملىدىن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى شىنجاڭدىمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى - مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى، يەنئەندىن بىر تۈركۈم جۇڭگو گۇڭچەنداڭ كادىرلىرى كېلىپ ھەر قايسى ساھەلەردە خىزمەت ئىشلىدى، ئۈرۈمچىدە «8 - ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى»نى قۇردى.

1937 - يىلى 4 - ئايلاردا، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلارمۇ



ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلار يەنئەندىن شىنجاڭغا كېلىپ ھەر قايسى ساھەلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، ئىنقىلابنىڭ داۋلىلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇنداق ئۈنۈملۈك تەشۋىقات - تەربىيىلەر ۋە كوممۇنىستلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش پائالىيەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، خەلقىمىزنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىدى. مانا شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، روھىي قىياپىتىدە يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئەنە شۇ دەۋردە ئۇچتۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى.

يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلار ئىچىدە لى يۈنلياڭ (يەنە بىر ئىسمى لى زىلياڭ) 1938 - يىلى ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيىسى ئالاھىدە ياخشىلاندى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ماركسچە - پەلسەپە ۋە سىياسىي ئىقتىسادتىن دەرسلەر سۆز-

لەندى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەركەز قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ پائالىيەتلەردە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە باشلامچىلىق رول ئويناپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كوچا ئويۇنلىرى تەييارلاپ، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قوياتتى، تام گېزىتلىرى چىقىرىپ، دېكلاماتسىيە يىغىلىشلىرى ئۇيۇشتۇراتتى. مۇشۇ پائالىيەتلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ رول ئوينىغان بىر ياش ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تېتىكلىكى، روھىي كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇنلۇقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ بولسا دەل، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىدى.

لى زىلياڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئارقىسىدا ياش ئوقۇغۇچى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋدىمۇ باشقا ھەر مىللەت ياشلىرىغا ئوخشاش كوممۇنىستىك ئىدىيە بىخ تارتتى. 1938 - يىلى ئۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا كىرگەندە، يولداش لىن جىلۇ دارىلفۇنۇندا ئىلمىي مۇدىر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ مەكتەپتە يولداش لىن جىلۇنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى، بولۇپمۇ ماركسىزمچە پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقى، سوتسىيالىزم يولىلا خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىر قەدەر



چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى، بۇ ئارقىلىق ئۇ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەرگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىدى.

1941 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، غەربتە گىتلېر فاشىزىمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ موسكۋا ئەتراپىغىچە بېسىپ كىردى، شەرقتە ياپون باسقۇنچىلىرى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جۇڭگودا بولسا، جياڭ جيېشى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى پاجىئەلىك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىكى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پۇرسەتپەرەست شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنقىلابقا، گومىنداڭغا، خەلققە قارشى چىقىپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. بۇ چاغدا جياڭ جيېشى ئۆز يېقىنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى شىنجاڭغا كەينى - كەينىدىن ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سىياسىي سودا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قانچە چوڭ مەنسەپلەرنى كۆرسەتتى.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يالغان ئەنزە ياساپ چىقىپ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ھەر مىللەت خەلقىدىن ئىلغار زىيالىيلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىمۇ كۆپلەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېرورلۇق قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغلاردا شېڭ

شىسەي پەيدا قىلغان پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

شېڭ شىسەي قولغا ئالغان كىشىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنى «خائىنلارنىڭ ئائىلە تەۋەسى» دەپ، چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلدى. شۇ قاتاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىمۇ ساۋەنگە سۈرگۈن قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئەينى يىللاردا بىر قەدەر ئاڭلىق - تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، 30 - يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىشىغا ئاكتىپ قوللىغۇچىلاردىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەي ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى.

ئابباسوۋ ساۋەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا ئۆزىگە خەنزۇچە تىل ۋە يېزىق جەھەتلەردە پۇختا ئاساس سېلىۋالدى.

ئابدۇكېرىم ئاببابسوۋ، گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئارىلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىۋالدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسى غۇلجىدا ئىدى.

گومىنداڭ كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پىرقە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى، 1943 - يىلى ئىلىدا گومىنداڭنىڭ چۆيداڭبۇسى قۇرۇلدى. بۇ چۆيداڭبۇ ئىلىدىكى نەججىگە قاراشلىق ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنى بازا



قىلىپ، ئۆزىگە كۈچ توپلىماقچى بولدى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىۋېلىپ، كۇرس ئېچىش ئۇسۇلى بىلەن مېڭە يۇيۇش ئېلىپ باردى. غۇلجىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە مەكتەپ دەرسلىكلىرى سېتىلىدىغان خەلقارا كىتابخانىنىمۇ پايلاقچى قويۇپ، نازارەت ئاستىغا ئالدى ۋە كىتابخانىغا كەلگەن كىشىلەرنى تەقىپ قىلدى. شۇ يىلى يازدا «چەت ئەل كىتابلىرى كۈتۈپخانىسى» ئېچىش باھانىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىكى چەت ئەل كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە دەرسلىك قوللانمىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شېڭ شىسەينىڭ خائىنلىقى ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، بولۇپمۇ يوقىرىدا ئېيتىلغان ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ خەلقنىڭ جېنىغا تەگدى، ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچىلاردا خەلقنى بوزەك قىلغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇدا بىر قانچە قېتىم ماجىرالار چىقتى. گومىنداڭ خەلققە تەھدىت سېلىش، تەقىپ قىلىش، قاماققا ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى كۈچەيتتى، ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپەيتىپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويغازدى. بۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئات سېلىقى سېلىپ، چارۋىچى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى، بۇ قوزغىلاڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىغان پىلتە بولدى.

1944 - يىللىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە تۈپكى

بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، گىتلېر گېرمانىيىسى مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلەندى، شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ قالغانىدى. مۇنداق پايدىلىق شەرت-شارائىت ئاستىدا «غۇلجا ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. شۇ چاغدىكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «غۇلجا ئازادلىق جەمئىيىتى» رەھبەرلىكى تەركىبىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر گەرچە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ لېكىن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەكىللىكىدىكى ياش ئىلغار كۈچلەرمۇ بار ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئىچىدە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئۆگەنگەن ھەم ئۆزىدە مەلۇم ئاساس ياراتقان بولغاچقا، بۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى توغرا يولغا سېلىشتا، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەشتە، شەھەر خەلقىنى قوزغىتىپ، تەشكىللەپ قوراللاندۇرۇشتا بولسۇن يولداش ئابباسوۋنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولدى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا، نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، گومىنداڭچىلار بولسا، قوزغىلاڭ باشلىغان ئالتە كىشىنى «ئالتە ئوغرى»، دەپ سۈيدۈرۈپ، ناھايىتى چاپسان يوقىتىپ تاشلايمىز دەپ داۋراڭ سالدى. ئەمما ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بولسا ئۇلارنى «ئالتە باتۇر» دەپ ھۆرمەت بىلەن



تىلغا ئالاتتى ۋە ئۇلارنى سۆيەتتى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا مەدھىيىلىنىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش روھىغا مەدەت بولاتتى.

نىلقا تاغلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ئازارلىتى ۋە تۇتقۇن قىلىشلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ شەھەردە تۇرۇپ ئىشلىشى خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ۋاقىتلىق شەھەردىن ئايرىلىپ، تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىشنىڭ ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە نىلقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشلىغان قوراللىق كۈچلەر شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى، ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە 11 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىندى، ئەتىسى 12 - نويابىر كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق قوراللىق كۈچلىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، 45 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى گومىنداڭچىلارنى تەلتۆكۈس تازىلاپ بولدى.

1945 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە

ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مېۋىلىرىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يولداش ئابباسوۋ «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1945 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا 1 - قېتىملىق ياشلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ، «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» رەسمىي قۇرۇلدى. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي - تارباغاتاي ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئارقىمۇ - ئارقا قۇرۇلدى. 1946 - يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنگە قەدەر يولداش ئابباسوۋ ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىدا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. بۇ ئارىلىقتا مەنمۇ شۇ تەشكىلاتتا بولۇپ، ئابباسوۋ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىدىم.

ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى يولداش ئابباسوۋنىڭ رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ياشلارغا ئىلغار ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيىلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلاتتى.

يولداش ئابباسوۋ ياشلارغا قارىتا سىياسىي — ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ياشلارغا خەلقارا ۋەزىيەت، جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئۆزى بىۋاسىتە دوكلات بېرەتتى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ روشەن ئالاھىدىلىك-



لىرىدىن بىرى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. خىزمەتنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيتتى، ماتېرىيال كۆرەتتى ۋە خاتىرە يازاتتى. ئابباسوۋنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئۇ چاغلاردا يەنئەن بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، شىنخۇا شېنىڭ رادىئو خەۋەرلىرى بىرگە ئاڭلانمايتتى، شۇڭا، ئابباسوۋ شىنجاڭغا قوشنا بولغان بىر قانچە دۆلەتلەرنىڭ خەنزۇچە رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدىن بىر قەدەر ئوبيېكتىپ دەپ تونۇلغان ئىستانسىلارنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، رەتلەپ، بىزنى كۈندىلىك خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى شۇ خەۋەرلەردىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان ئاساستا ياشلارغا بېرىدىغان دوكلاتلارنى تەييارلاپ چىقاتتى. يولداش ئابباسوۋ يالغۇز يەرلىكتىكى ياشلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن ئارمىيە ئىچىدىكى ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.

1948 - يىلى يولداش ئابباسوۋ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا فرونتىغا كېلىپ قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە سىياسىي دەرس ئۆتۈپ، مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات بەرگەن ئىدى. بۇنىڭدا ئاساسەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى سۆزلەنگەن ئىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ماھىر تەشۋىقاتچى ۋە ئىختىدارلىق تەشكىلاتچى ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە ئوينىغان رولى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تولۇق ئىسپاتلىدى.

ياشلارغا ئىشلەنگەن سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق، ياشلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش قىلىش ئاڭلىقچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى كۆرەش جەريانىدا ھەر قايسى ساھەدىكى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشى رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك مىللىي ئارمىيەگە كۈچ تولۇقلاش توغرا كەلسىلا، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قىسىملارغا كىرەتتى. بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە، شۇئان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلاتتى. مەسىلەن: ئالتايدا گومىنداڭچىلار ۋە باندىتلار ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق ۋەقە توغدۇرغاندا، چۆچەكتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى دەرھال سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلغان ئىدى. قىسقىسى ئىدارە جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە يېزىلاردا ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلغانلىقتىن، ياشلارنى تەربىيىلەش، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىشقا شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە بۇ تەشكىلات كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. دېمەك ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشتا يولداش ئابباسوۋنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 1946 - يىلى × × ئايلاردا جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ (سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ پولكى بىلەن)، مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ گومىنداڭ



قىسىملىرىغا قارشى بولغان جەڭلەرگە رەھبەرلىك قىلدى.

يولداش ئابباسوۋ يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ماھىر تەشۋىقاتچى، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماستىن ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ھوشيارلىقى ۋە ئالدىن كۆرەرمەنلىكى بىلەن يولداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابقا، گۇڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنىڭ زادىلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭغا قارشى كۆرەش قىلىشتا ئىككى قول تەييارلىق كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدىنئالا تولۇق مۆلچەرلىگەن يولداش ئابباسوۋ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا تەشكىللەش ۋە بۇ كۆرەشنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر مەخپىي پارتىيە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئابباسوۋنىڭ بۇ تەشەببۇسى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ مۇزاكىرىسىدە ماقۇل كۆرۈلگەندىن كېيىن، 1946 - يىلى باھاردا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە» تەشكىلى قۇرۇلدى. يولداش ئابباسوۋ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئەھۋالغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پارتىيىنىڭ پروگرامما ۋە نىزامنامە لايىھىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ چىقتى. پارتىيە پراگراممىسىنى تەييارلاشتا شىنجاڭنىڭ

مەسىلىسى ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، يولداش ئابباسوۋ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قەتئىي سوتسىيالىزمغا ماڭىمىز، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكى بولۇش لازىم»، دەپ ھازىرقى ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا ئۇنداق ئوچۇق يېزىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىنى گومىنداڭ ئاغدۇرۇلۇپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مۇزاكىرىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، دېگەن مەزمۇندىكى پىكىرنى بەرگەندە، بۇ پىكىرنى ھەممە بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلدى. «شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» (قىسقارتىپ «خ ئى پ») دەپ بېكىتىلدى، يىغىندا «خ ئى پ» نىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى. يولداش ئابباسوۋ «خ ئى پ» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، شۇنىڭدەك يولداش ئابباسوۋنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى «خ ئى پ» نىڭ ياشلار بۆلۈمى بولىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، خەت ئالاقىلەردە ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى يېزىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۆزگەرتكەن ئىسىم قوللىنىش لازىملىقى تەكىتلەندى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئابباسوۋنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ بەزى مۇھىم جايلىرىدا پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ چاغدا، يەتتە ۋىلايەتتىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى گومىنداڭنى بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇلارنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچى-



لىق قىلىشقا يول قويماسلىق ئىدى.

1946-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جياڭ جيېشى ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىرىش دېگىنى، 1945-يىلى 1-ئايدا چاقىرىلغان ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر زاتلار قاتناشقان سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى ۋە پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولغاچقا، جۇڭگو كوڭچەنداڭى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار بۇ ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، گومىنداڭنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ، ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتناشماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا 11 بىتىم سەۋەبچى بولۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار قۇرۇلتايغا قاتناشمىسا گومىنداڭنىڭ بىتىمنى بۇزۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇرۇۋاتقان نەنجىڭدە، جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى. دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەقسەتلىك ھالدا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە نەنجىڭگە باردى.

قۇرچاق قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەر 1947-يىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا «خ ئى پ» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى چاقىردى. مەن شۇ چاغدا ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن بىرگە غۇلجىدىن

ئۈرۈمچىگە كەلدىم. يىغىندا ئابباسوۋ نەنجىڭگە بارغاندىن
كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئۆزىنىڭ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن
كۆرۈشۈپ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى، دۇڭ بىۋۇنىڭ مۇھىم
يوليورۇق بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ھەمدە ئۈرۈمچىدى-
كى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن «شىنجاڭ
كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرىنىمۇ «خئىپ» قا
قاتناشتۇرۇشنى مۇزاكىرىگە قويدى ۋە مۇنداق بىرلىشىشنى
ئېلىپ بارغاندا «خئىپ» نىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتقىلى
بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمچى-
لار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرىدىن لى تەيىۋى، چېن شىخۇا،
لوجىزلەر يىغىنغا قاتناشتى، بۇ يىغىندا «خئىپ» نىڭ رەھ-
بەرلىكى تولۇقلاپ سايلاندى.

رەھبەرلىك تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ قېتىم يولداش ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن نەنجىڭگە بارغاندا، قورچاق قۇرۇلتايغا شەكلەن قاتنىشىپ قويۇپلا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەنجىڭدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ يۈرگەچ جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇرغان جايىنى ئىزلەپ تاپقانلىقىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسى ئەھۋاللىرى، گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغانلىقى، «خئىپ» نىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك تەركىبى، نۆۋەتتە جۇڭگو گوڭچەنداڭى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا جىددىي مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دوكلات قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ مەركەزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەش-



تۈزگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك مەركەزنىڭ مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكىنى، قايتىدىغان چاغدا يولداش دۇڭ بىۋۇ ئالاقە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يولداش پىڭ گوئەننى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ نەندى، ئازادلىقتىن كېيىن بىرمەزگىل پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان) ئابباسوۋقا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

1947 ـ جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ يەنئەنگە ھۇجۇم قوزغىدى، داڭجۇڭياڭ يەنئەندىن ۋاقىتلىق چېكىندى، بۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆرەڭلەپ شىنجاڭدا بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى، بىتىمدە بەلگىلەنگەن خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىغا ھەرخىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چاك سېلىپ، ۋەقە تۇغدۇردى. بىتىم ماددىلىرىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە دېموكراتىك سايلام ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ سەنيخۇيىلىرىنى خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىقىدۇ، سەنيخۇيلەر شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى سايلاپ چىقىدۇ، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىنى خەلق كۆرسىتىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ (ئاساسى مەزمۇنى) ...... دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ لېكىن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە ساقچىلىرى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، سۈيىقەست ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەرەزرىنى خەلققە مەجبۇرى تېڭىپ، كۆپ جايلاردا سايلامغا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. سايلامدا مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسا خەلق سايلاپ چىققان ھاكىملارغا خىلمۇخىل بەتنامىلارنى چاپلاپ قولغا ئېلىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. بەزى

جايلاردا سايلام مەيدانىنى قوراللىق قورشاپ ئالدى، ھەتتا كۈچار ناھىيىسىدە سايلىغۇچىلارغا ئوق ئېتىپ، خەلقلەرنى يارىدار قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. بىر قانچە ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرىنى خەلقنىڭ نارازى بولۇشىغا قارىماستىن ئۆز ئالدىغا خىزمەتكە تەيىن قىلدى. ئۈرۈمچى ۋە باشقا بىر قىسىم جايلاردا ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىغا نارازىلىق قىلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بەزى ئەكسىيەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياساكا ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۇقراچە ياساندۇرۇپ «نامايىش» قىلدۇردى، ئۇلار گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى شوئارلارنى توۋلاپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىردى (بۇ چاغدا ئابباسوۋ، سەيپىدىن قاتارلىق يولداشلار تۈرلۈك چارە-ئاماللار ئىزدەپ يولداش ئەخمەتجاننىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالغان)، يەنە بىر تەرەپتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئۇچۇشلۇق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئىشپىيون ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارغا قورال - ياراق، ئوق - دورا، پۇل - پىچەك بېرىپ ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ باندىتلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىسىنىڭ ئارقا سېپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقچى بولدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گەرچە بىتىمگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ لېكىن بىتىمگە



خىلاپلىق قىلىش ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1947 - يىلى 5 - ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالمايلا ئۆزىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا مەسئۇتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، بۇنداق قىلىش بىتىمنىڭ روھىغا خىلاپ ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغا نارازى بولغان ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى نامايىشلار ئۆتكۈزۈپ نارازىلىق كۆرسەتتى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە يىغىن ئېچىشقا كەلگەن يېڭىدىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپچىلىك ۋەكىللەرمۇ مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغانلىقىغا نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى چەكلەپ، بوغۇپ قويغانلىقتىن، ئاخىرى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. نەتىجىدە ۋەكىللەر يىغىن ئاچالماي تارقاپ كەتتى، جۈملىدىن ۋەكىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئىستىھكام ئەكسىگە كەلدى، ئۈرۈمچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلدى.

1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ رەھ-

بەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ستراتېگىيىسىنىڭ قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتاتتى، ۋەزىيەتتىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەڭ دائىرىلىك بىرلىكسەپ قۇرۇلدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭ - تىنچلىق، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن «خ ئى پ» نىڭ ئىشىنى توختىتىپ ئىتتىپاققا قوشۇۋېتىش لازىم تېپىلدى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن يولداش ئابباسوۋ تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. پىڭ گوئەن بىزگە شىنخۇاشېنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنى ئېلىپ ئاڭلىتىپ تۇردى، ئىلىدىكى گېزىتلەر شىنخۇاشې خەۋەرلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەستىن بېسىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقلىرىگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى.

بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىلىدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ خەلق ئىچىدە غۇلغۇلىلار كۆپىيىشكە باشلىدى، يولداش ئابباسوۋ پىڭ گوئەننىڭ خىزمەتتە ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەن بىلەن بىر قوروغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ھەمدە ماڭا قوروغا قالايمىقان ئادەملەرنى كىرگۈزمەسلىكنى، ئەتە - ئاخشامدا دىققەت قىلىشىمنى تاپىلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق



قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئازادلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. يولداش ئابباسوۋ مەتبۇئاتلاردا يەنە ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىگە دائىر ماقالە - نۇتۇقلارنى ئېلان قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ماۋجۇشىنىڭ ماقالىلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، شۇ قاتاردا ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قول يازمىسىنى تەييارلىدى، مەن بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ئابباسوۋنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرگەن ئىدىم.

جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرلىكسەپ خاراكتېرىنى ئالغان «شىنجاڭ تىنچلىق، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىكى، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە يېقىندىن زىچ ماسلاشتى.

داڭجۇڭياڭ ۋە ماۋجۇشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭنى بالدۇرراق ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يولداش دېڭ لىچۈننى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتتى. يولداش دېڭ لىچۈن 1949 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، «لىچۈن» رادىئو گرامىمىسى قۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن داڭجۇڭياڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلار، يولداش دېڭ لىچۈننى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. داڭجۇڭيا گېنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلخان، لوجى قاتارلىق بەش كىشى (يولداش لوجى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، يولغا چىقىش ئالدىدا غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئارقىلىق بېيجىڭغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاندا يولغا چىقىدۇ. كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، شۇنچە يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ شۇنچە زور قۇربانلار بېرىپ ئېلىپ بارغان ئازادلىق كۈرەشنىڭ غەلىبىسى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىش ئالدىدا تۇرغان شۇنداق ئۇلۇغ كۈنلەردە ئۇلار ئولتۇرغان ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ، بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شۇنداقلا پارتىيىمىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماۋ جۇشى ئۈچ ۋىلايەتكە: «...... يولداش ئەخمەتجان باشلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، يولداش دەلىلخان



سوگۇربايېۋ ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات» دېگەن مەزمۇندا تەزىيە تېلېگراممىسى يېزىپ ئەۋەتتى.

بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىنتايىن ئېغىر قايغۇغا چۆمدى، 1949 - يىلى × × ئاينىڭ × × كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ بارلىق ئەزالىرى، زاۋۇت - كان ئىشچىلىرى، دېھقانلار، ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قاتتىق سۈكۈت ئىچىدە قايغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلغان قەھرىمانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ناھايىتى قىسقا ياشىغان بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن مەنىلىك ياشىدى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئىنقىلاب يولىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنا ھاياتى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان تىرىشچان ھايات؛ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش تۇغىنى باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرگەن جەڭگىۋار ھايات؛ ئۇ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي باتۇرانە كۈرەش قىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ تىپىك - قەيسەر ۋەكىلى. شۇڭا يولداش ئابباسوۋنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى دائىم ياد ئېتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

بىز بۈگۈن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ئەسلىگىنىمىزدە

ئۇنىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈن زېرىكمەي ئۆگىنىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ھارماي - تالماي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئىنقىلابى روھىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، دۆلىتىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.



# ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەققىدە ئەسلىمە

ئەنۋەر خانبابا

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشكىللەشتە، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن دائىم ئەسلەيدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سادىق ئىنقىلابىي پەرزەنتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داڭلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ بىرى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ — شىنجاڭ ئاتۇشلۇق ھاشىم ئاخۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، ھاشىم ئاقساقال قىرغىزىستان قاراقول (ھازىرقى پرژىۋالسكى) دا ياشاۋاتقان ۋاقتىدا، 1921 - يىلى تۇغۇلىدۇ، 1934 - يىلى دادىسى بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ سۈيدۈڭ ۋە غۇلجىدا تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سۈيدۈڭ ناھىيە (ھازىرقى قورغاس) باشلانغۇچ نەسىفە مەكتىپىدە ھەمدە غۇلجا شەھەر «ئۈمىل» مەكتىپىدە ئوقۇپ باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىدۇ. ئۇ بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا زېرەك، تېتىك، تىرىشچان بولۇپ، تىرىشىپ

ئوقۇش بىلەنلا قالماي، سەنئەت كۈرژۈكلىرىغا قاتنىشىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا (1936 ـــ، 1935 ـــ، 1939 ـ يىللىرى) شىنجاڭدىن سوۋېتلەر سايۇزىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ھەر يىلى يۈز نەپەردىن ھەر مىللەت ياشلىرىدىن ئوقۇغۇچى چىقىرىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابباسوۋ سايۇزغا چىقىپ ئوقۇش مەقسىتىدە 1936 ـ يىلى ئۈچ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ۋاقىتتا ئابباسوۋنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن سايۇزغا چىقىپ ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغان ئابباسوۋ ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرىدۇ. 1938 ـ يىلى ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا تولۇقسىز سىنىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مىللىيلار ئۈچۈن ئاچقان تۆتىنچى قېتىملىق ئالىي ئوتتۇرا سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 1 ـ ئوتتۇرا ۋە شىنجاڭ شۆيۈەن ئالىي ئوتتۇرا بۆلۈمىدە ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئوقۇش تىرىشچانلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈش بىلەن بىللە مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە پائال ئىشتىراك قىلىدى. مەكتەپنىڭ ۋالىبول، ۋاسكېتبول كاماندىلىرىغا قاتنىشىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىدۇ. مەكتەپ شېئىر گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئازاد رايونلاردا ئېيتىلىدىغان شېئىرلارنى ئوبدان ئۆگىنىش بىلەن بىللە، باشقا ئورۇنلاردىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئۆگىتىدۇ. كەچكى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.



ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇيدى، لېكىن ئۇ، خەنزۇچە ئۆگىنىشكە بەك قىزىقىدۇ. ئۇ، جاپاغا چىداپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان، خەنزۇچە خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان ھەم يازالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇ، تەبىئىيكى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تىرىشچانلىقى، قەيسەرلىكى، خەنزۇ مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەتىجىسى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خەنزۇ خەلقى بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئىنقىلابى تارىخىنى ئۆگىنىش، خۇسۇسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنى بىلىش، شۇ يول بىلەن ئىنقىلابى نەزەرىيىنى ئىگىلەش ئۈچۈن خەنزۇچە تىل ۋە يېزىقنى بىلىش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئوقۇش دەۋرىدە ناھايىتى پائالىيەتچان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ بولغان، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغان، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، شىبە، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەرلىك ئاساسىدا دوستانە ھەمكارلىشىپ ئۆگەنگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئوقۇش دەۋرىدىن تارتىپ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بىر خۇسۇسىيىتى، ئۆز سىنىپىدىكى ۋە مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىناقلىقىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزلىكىدىن باشقىلار بىلەن مۇلايىم مۇناسىۋەت قىلغان، ساۋاقداشلىرىنى رەنجىتمىگەن، ساۋاقداشلىرىغا قولىدىن كەلگەن ياردەمنى قىلغان، ساۋاقداشلار ئارا خۇسۇسەن ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرى ئارا ئىناق-

سىڭىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ساۋاقداشلىرىنى ئىناقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان، خۇسۇسەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىناقلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلىشقا تىرىشقان، گەرچە ئۆزى مىللىي سىنىپتا ئوقۇسىمۇ باشقا سىنىپلاردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغان، ئۇلار بىلەن يېقىن دوست بولغان. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، خەنزۇچە تىلنى تېز ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئۆگىنىۋالغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئالىي پەزىلەتلىك ئوقۇغۇچى بولۇپ قېلىشى مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بولغان، ئۇ، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتتا ۋاڭ شۆچىنىڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى)، كېيىن لى جىۋلياڭ (ئەسلە ئىسمى لى يۈنياڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى) مەكتەپنىڭ شياۋجاڭى بولغان. شىنجاڭ شۆيۈەن ئالىي ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇغان ۋاقىتتا لىن جىلو (جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى)، گوچۈنگاڭلار (جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى)، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن، سوۋېتتىن يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتقان ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەن. شىنجاڭ داشۆ ئالىي ئوتتۇرا بۆلۈمىدە ئوقۇغان ۋاقىتتا ئاممىباپ پەلسەپە، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، سىياسىي ئىقتىسادتىن ساۋاد قاتارلىق ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى دەرسلەر ئۆتۈلگەن. ئوقۇغۇچىلارغا ئىنقىلابىي لېكسىيىلەر بېرىلىپ تۇرۇلغان، خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىلىق دوكلاتلار قىلىنغان، ئىنقىلابىي شېئىرلار ئۆگىتىلگەن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلغان، يېڭىلىق



ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تۇرغان ياش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ قەلبىدە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئىنقىلابىي تەربىيىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

ئەپسۇسكى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئوقۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى، شىنجاڭنى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلايدۇ، ھىلىگەر، زالىم شېڭ شىسەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېتكە، گوڭچەندانغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدۇ، گوڭچەنداڭ ئەزالىرىنى، ئىلغار ياشلارنى، ھەر مىللەت ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى كۆپلەپ قاماققا ئالىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شېڭ شىسەي يۈزمىڭ ئادەمنى گۆرۈگە ئالغان، بانىدىت شېڭ شىسەي قولغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى «خائىن» دەپ ئاتىغان.

1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقال ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خوجۇلۇق بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ، شېڭ شىسەي 1938 - يىلنىڭ باشلىرىدا ھاشىم ئاقساقالنى باشقا نۇرغۇن بىگۇنا تۈرمىگە ئالغانلار قاتارىدا «خائىن» نامى بىلەن تۈرمىگە ئالىدۇ.

1939 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق نۇرغۇن ئائىلە تەۋەلىرىنى ئائىلە بويىچە «خائىن ئەۋلادى» دېگەن بەدنام بىلەن كۈرەگە (ئىلى ۋىلايەت، سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە) سۈرگۈن قىلىدى، شۇ جۈملىدىن ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقان، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياشلارنىمۇ ھەر تەرەپكە پالايدۇ. شۇ قاتاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى 1940 - يىلى 5 - ئايدا «خا-

ئىن ئەۋلادى» دەپ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساۋەن ناھىيى-
سىگە سۈرگۈن قىلىندۇ. ساۋەن قۇملۇق ئارىسىغا جايلاشقان
چەت - ياقا ناھىيە بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا مەزكۇر ناھىيە
ئىچىدە ئاساسەن خەنزۇ ئاھالىلىرى ياشايدۇ. ساۋەن گەر-
چە چەت - ياقا ناھىيە بولسىمۇ ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ
«خائىن ئەۋلادى» نامى بىلەن پالانغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق
چەكلىمە بىلەن ئەۋەتىلدۇ، مەسىلەن: ئۆيگە خەت يازماسلىق،
خەت يېزىش توغرا كەلگەندە ئۆلكىلىك گوڭئەن گېۋەنلىچۇ
ئارقىلىق يېزىش، سىرتقا چىقماسلىق، سىرتقا چىقىش توغرا
كەلسە، ناھىيىلىك گوڭئەنجۈيگە ئېيتىپ، گوڭئەنجۈي ئادەم
قوشۇپ بەرگەندىن كېيىن چىقىش، ئەگەر بىر كىلومېتىر-
دىن ئېشىپ كەتسە شەنجاڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش، باش-
قا ناھىيىگە بېرىش توغرا كەلسە شىڭ شىسەيىنىڭ تەس-
تىقىدىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق چەكلىمىلەرقويۇلىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ساۋەنگە بارغاندىن كېيىن، ئو-
قۇتقۇچى قىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ
يەرنىڭ ئاساسى ئاھالىسى خەنزۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن 4-
5 - سىنىپلىق خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بولىدۇ. پەقەت
تۆت ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ياشايدۇ، ئۇيغۇرلاردىن پەقەت بەش
ئوقۇغۇچى بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈچ خەنزۇ، ئىككى
ئۇيغۇر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرگۈن قىلىنغان ئاتال-
مىش «خائىن ئەۋلادى» بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ گەرچە ساۋەنگە
سۈرگۈن قىلىنغان بولسىمۇ، روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرى-
ماي، ئۆزى ئالغاچ بارغان پەلسەپىگە دائىر ماتېرىياللار-
نى، ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن



ئەسىرىنى، ۋ ك پ (ب) تارىخىنى قىسقىچە ئۆگىنىدۇ. خەنزۇ-
چە تىل ئۆگىنىشىنىمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار
بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلىدۇ ۋە خەنزۇ تىلىنى تاكامىللا-
شتۇرۇش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولىدۇ. يەنە
ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ ئۈچۈن پايدىلىق يېرى شۇ بولدىكى،
ساۋەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ يەنە
بىرى، ئۆزىگە ئوخشاش «خائىن ئەۋلادى» نامى بىلەن
سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇر سايرانى بولىدۇ. ئۇيغۇر سايرا-
نى سايوزدىن يېقىندىن ئوقۇشتىن قايتقان، روسچە تىلغا
كامىل، بىلىم، سىياسى — نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە ياش
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم ئۈچۈن تېپىلماس يولداش
بولىدۇ، ئۇيغۇر سايرانى ئاتپوسكىغا قاتنىغان روسلار ئارقىلىق
سوۋېتنىڭ «پراۋدا» گېزىتىنى ئېلىپ ئوقۇپ تۇرىدۇ. شۇ
ۋاقىتتا ۋ ك پ (ب) تارىخىنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم
بابىگە دائىر ماتېرىياللار پراۋدا گېزىتىگە داۋاملىق بېسى-
لىپ تۇرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوۋ ئۇيغۇر سايرانىغا ماركسىزم نەزەرىيىسىگە دائىر ما-
تېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۆزى
ئۇيغۇرچە تەھرىرلىكىگە ياردەملىشىدۇ. بۇلار ساۋەندىكى
يەرلىك ئاھالە بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئابدۇ-
كېرىم ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك، تىرىشچان، تېتىك، يېقىملىق،
چىقىشقاق، خۇش خۇي يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئا-
ئىلىلەردىن ئۇنى كۆيۈئوغۇل قىلىۋېلىش توغرۇلۇق تەكلىپمۇ
قويىدۇ. ساۋەن گەرچە چەت - ياقا جاي بولسىمۇ، ئابدۇ-
كېرىم ئاببا سوۋ جاپا مۇشەققەتكە چىداپ، قىيىنچىلىقنى
يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تىرىشچانلىق بىلەن

ئىشلەپ ھايات كەچۈردى. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا ماڭغان بىر خەنزۇ ۋالىي بولارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ، پولاتتىن مەھكەم ئادەم ئىكەنسىلەر، دەپ باھا بېرىدۇ.

1942 - يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ساۋەندىن غۇلجىغا قايتىدۇ، غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمان، خەنزۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ماركسىزم-لىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ، ئىلغار ياشلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن كەڭ مۇناسىۋەت باغلايدۇ، ئامما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىدۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچۈن كەڭ ئىنقىلابىي پائالىيەت مەيدانى بارلىققا كېلىدۇ، ئىنقىلاب يولىنى ئىزدىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا غۇلجىدا تەشكىل بولغان «ئازادلىق» تەشكىلاتىغا قاتنىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابىي تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ مەخپىي ھەرىكىتى سېزىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئۇ، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ. 1944 - يىلى 7 - نويابىر كۈنى نىلقا ئىنقىلابىي پارتىزانلىرى غۇلجىغا كىرگەندە، ئۇمۇ بىر ۋاقىتتا غۇلجىغا كىرىدۇ، ئىنقىلاب ياقۇنى غۇلجا شەھىرىنى قاپلايدۇ. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق 7 - دىۋىزىيە 19 - پولكى، 23 - پولكلىرى تارمار قىلىنىپ، غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. گومىنداڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى چاچقان ئىنىدا تاچقان-دەك ھەيرانباغ گازارمىسىغا قېچىپ كىرىۋالغان بولسىمۇ



ئاخىرى گۇمران قىلىنىدۇ. 44 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ، مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنىدۇ. دۈشمەن ھىسابىغا قوراللانغان مىللىي ئارمىيە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىندىن ياردىمى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ئاۋال ئىلى ۋىلايىتىنى، ئاندىن تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى، ئىنقىلابىي غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ ئەڭ يېشى ئىدى، ئۇ، 23 يېشىدا ئىنقىلابىي رەھبەر دېگەن نامغا ئىگە بولدى، ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈز ئۈستىگە ئالدى. دەسلەپتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جەنۇبقا كۆچكەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئىنقىلابتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نىشان ۋە مېداللار بىلەن بىر نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈستىدە توختالغاندا، ئالاھىدە تەكىتلەشكە زۆرۈر بولغان بىر مەسىلە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ مىللەتلەرگە نىسبەتەن مۇناسىۋىتى خۇسۇسەن خەنزۇ مىللىتىگە بولغان مۇناسىۋەت بىز يۇقىرىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئوقۇغۇچى ۋاقىتلىرىدا خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق، دوست بولۇپ ئۆتكەنلىكى، ساۋەندە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەندە خەنزۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق، سۈرگۈندىن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىنمۇ، غۇلجىدا ئىشلەۋاتقان بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىنى تېپىپ ئۇلار بىلەن

دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى سىرتىدا، يېڭى خەنزۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدۇ. خۇسۇسەن ئىلغار خەنزۇ ياشلىرىدىن ئۆزئارا ئۆگىنىدۇ، خەنزۇ مىللىتىگە نىسبەتەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ئىلى ئىنقىلابى ئالدىدا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار، چېرىكلەر ۋە ئىدارە خادىملىرى ئاساسەن ئەكسىيەتچى گومىنداڭچىلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى، بۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى، تەشكىلى ئاز سانلىق ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا غەزەپ ۋە نەپرەت قوزغىغان ئىدى، ئىنقىلاب قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن تامامەن مەھرۇم قىلىنىپ، ھەر جەھەتتىن قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشقا دۇچار بولغانلىقتىن، زورلۇق، زوراۋانلىق دەستىدىن ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغانلىقىدىن بولغان ئىدى (تەبىئىيكى خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئاددىي خەنزۇ پۇقرالارنى پەرق ئەتمەسلىك ئەھۋاللىرى يۈز بېرىشتىن خالى بولالمىدى، لېكىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنقىلابقا قاتناشقان بىرىنچى كۈندىن ئارتىپ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلدى، ئەھمىيەت بەردى ۋە قولىدىن كەلگەن بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى كۆردى. ئۇ، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى، قوراللىق قارشى تۇرغانلارنىڭ تەسلىم بولغانلىرىنى قارشى ئېلىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. خۇسۇسەن بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالىرىغا ھەرگىز



تەگمەسلىك لازىملىقىنى دەۋەت قىلدى. دەرۋەقە خەنزۇ ئاھالىسى نىسبەتەن كۆپرەك بولغان غۇلجا شەھرى، سۈيدۇڭ ناھىيىسى (ھازىرقى قورغاس) ۋە باشقا جايلارنى ئالساق، خەنزۇ ئاھالىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرۇلۇق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر كۆرۈلدى، بۇ جەھەتتە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ قوشقان ھەسسىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. نۇرغۇن خەنزۇ قېرىنداشلار ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئۇلارغا نىسبەتەن تۇتقان پوزىتسىيىسىنى چوڭقۇر ئەسلىشىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەرساھە خىزمەتلىرىگە جۈملىدىن ياشلارنى تەربىيلەش خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1945 - يىلى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتى سايلاندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى، ئۇ، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن رەھبەرلىك قىلدى. ياشلار ئىنقىلابچىل تەشكىلاتىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى تۈزۈلۈپ، مەركىزىي كومىتېت تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلان قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك شۆبىلىرى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە قۇرۇلۇپ، ياشلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى، سىياسى، تەربىيىۋى خىزمەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

نۆۋەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان كۆرەشتە زور رول ئوينىدى. يېشىغا توشقان ئىنقىلابى ياشلارنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قارىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە «كۆرەش» ژۇرنالىنى نەشر قىلدى، بۇ ژۇرنال يالغۇز ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدىمۇ مەخپى تارقىتىلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى خىزمىتىدىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆزىنىڭ تالانتلىق تەشكىلاتچى ۋە ئاتاقلىق تەشۋىقاتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى بىلەن چەكلىنىپ قېلىش كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سىياسىي پارتىيە تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتنىڭ شەرت-شارائىتى ئىختىيارى بىلەن «خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيە» (قىسقارتىلمىسى «خ ئى پ») دەپ نام قويۇلدى. خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ يەتتە كىشىلىك مەركىزىي كومىتېتى تەشكىللىنىپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تەيىنلەندى، بۇ، يەر ئاستى تەشكىلات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ تەش-



كىلىنى كېڭەيتىش ۋە ئەزا قوبۇل قىلىشتا ئېھتىياتچانلىققا ۋە سىياسىي جەھەتتە ھوشيار بولۇشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىندى. «خ ئى پ» نىڭ تەشكىللىرى تەدرىجىي ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە، شۇنىڭدەك ھەربىيلەر، ساقچىلار ئىچىدىمۇ قۇرۇلدى، بىتىم دەۋرىگە كەلگەندە، «خ ئى پ» خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىمۇ تەشكىللەندى. خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىنقىلابى پائالىيەت ئېلىپ باردى، ئاشكارا قىلىشقا مۇمكىن بولغان پائالىيەتلەرنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق ئىشلىدى. «خ ئى پ» تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ياشلارنىڭ ئاممىۋى، ئىنقىلابى تەشكىلاتى سۈپىتىدە خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىر يىلدىن ئارتۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم بىلەن قوشۇمچە بىر ھۆججەت ئىمزالىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلدى. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا، قوشۇمچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا كۆرسىتىلدى.

گەرچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بىتىم بويىچە سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى ئىجرا

قىلمىدى، ئۆلكە دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامغا قوراللىق ئارىلاشتى، يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار ئادەملەرنى بېسىقتۇردى. گەرچە ئۆلكە بويىچە كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە توپلانغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن مەجلىس ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىدى، 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى تۇغدۇردى. مەسئۇتنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن رەئىسلىككە تەيىنلەپ، ھەرخىل يوللار بىلەن بىتىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. بۇ، ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ تەرەپنىڭ بىتىم تۈزۈش ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، چېگرا رايون بولغان شىنجاڭنى ۋاقىتلىق تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داۋام قىلغان سەككىز يىللىق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد رايونلارنى بېسىپ ئېلىپ، ئۆزى مەملىكەتنىڭ يېگانە خوجىسى بولماقچى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ خام خىيالى ئىدى، ئەمەلىيەت ھەم شۇنداق بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىتىم تۈزۈشكە رازى بولدى، چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى تىنچلىقنى خالايتتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىتىم دەۋرى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ كۈرەش شارائىتىدا ئۆتتى، بىتىم دەۋرىدە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭپەرەست مەسئۇد، مەمتىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارغا ۋە گومىنداڭنىڭ ھەرمىللەت ئىچىدىن بېقىپ يېتىشتۈرگەن جانىم-



خان، ئوسمان، قالىبەك قاتارلىق ئىشپىيون باندىتلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ كەسكىن كۈرەش جەريانىدىمۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك رەھبەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە «گومىن داخۇي» (قۇرچاق گومىنداڭ مىللىي قۇرۇلتاي) غا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭگە باردى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن بارغان ۋەكىللەر گەرچە بۇ قۇرۇلتايغا بارغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاتناشمىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نەنجىڭگە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرغان مېيۇەن يېڭى مەھەللىسىگە بېرىپ يولداش دۇڭبىۋۇ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمگە نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى خۇسۇسەن شىنجاڭدا خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت پائالىيىتىنى دوكلات قىلغان ھەم بۇ توغرۇلۇق يوليورۇق سورىغان، يولداش دۇڭ بىۋۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييار تۇرۇش، ئۈچ ۋىلايەتنى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئارىسىدا پارچىلاش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق يوليورۇقلارنى بېرىش بىلەن بىللە خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن پىلىك گوئەن (ئىسمىنى ۋاڭ نەندى دەپ ئۆزگەرتىپ كەلگەن) يولداشنى قوشۇپ بەرگەن. ئەپسۇسكى يولداش پىلىك گو-

ئەن ئالاقىلىشىش ئاپپاراتىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن (1947 - يىل 1 - ئايدا)، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىلدى، بۇنىڭدا «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى قاتناشتى، بۇ مەجلىستە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نەنجىڭدە يولداش دوڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە يولداش دوڭ بىۋۇنىڭ بەرگەن يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدى. يىغىن «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىلەن بىرلىشىشنى، پارتىيىنىڭ نامىنى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە دەپ ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلدى. مەركىزىي كومىتېت قايتىدىن سايلىنىپ بۇرۇنقى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ 7 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن باشقا يەنە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىن بەش كىشى كىرگۈزۈلۈپ، 12 ئەزادىن تەركىب تاپتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قايتا خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە كېيىنكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى يېڭىدىن تەشكىل تاپقان مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ باردى.

11 - ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ گومىنداڭ تەرەپ بۇنىڭغا يول قويمىدى، ئاخىرى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەتتى، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.



ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى، مەتبۇئات، تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. تەربىيىۋى خىزمەتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئارمىيە ئىچىدە، ساقچى كادىرلىرى ئىچىدە، ياشلار ۋە خەلق قاتناشقان مەجلىسلەردە نەزەرىيە جەھەتتە رىغبەتلەر بېرىپ تۇردى. مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. خۇسۇسەن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھەقىقەتەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تالانتلىق ناتىق ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان مەجلىس ئەھلى ئۇنىڭ سۆزگە ئۇستىلىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقى بىلەن زوقلىناتتى.

1948 - يىلى 8 - ئاي ئىچىدە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىل قىلىندى. ئىتتىپاقنىڭ باش ئورگىنى سۈپىتىدە ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتى سايلاندى. ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئاخبارات ئىدارىسىگە مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندى. ئاخباراتچىلىق خىزمىتىدە ئۇ يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ، شىنخۇاشېي خەۋەرلىرىنى كۆپلەپ گېزىتلەرگە بېسىشقا يېتەكچىلىك قىلدى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ھەرمىللەت خەلقى ئۆز ۋاقتىدا ئاڭلاپ تۇردى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشىنى ئارزۇ بىلەن كۈزىتىپ باردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مىللەتلەر ئىتتىپاقى، ۋەتەن بىرلىكىنى كۆزقارىچۇغىدەك ھىمايە قىلاتتى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ غۇلجا ئاكتىپلار يىغىنىدا ئىتتىپاق نامىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، ئىنقىلاب جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىللە مەملىكىتىمىز جۇڭگو دائىرىسىدە بولۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان، ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان ماركسىزمچىلارنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئۇ، كۈتكەن كۈنلەر بارغانچە يېقىنلىشىۋاتاتتى، غەلىبە خۇش خەۋەرلىرى داۋاملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئاخىرى خەلقىمىز جۈملىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تەشنالىق بىلەن كۈتكەن كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدىغانلىقىنى جاكالايدىغان مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەشىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مەجلىسى ئېچىلىدىغان بولدى، بۇنىڭغا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، گېنېرال دەلىلخان، لوجىۋ يولداشلار 1949 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. ھەركىم كۈتمىگەن يەردە، بەختكە قارشى بايقال كۆلى ئەتراپىدا ئايروپىلان ۋەقەسى تۇغۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى قۇربان بولدى. بۇ شۇم خەۋەر ئاڭلىتىلغاندا،



پۈتۈن ئۆلكە خەلقى چوڭقۇر قايغۇغا چۆكتى، ئىسسىق، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزدى، ھەممە يەرنى ماتەم قايغۇسى قاپلىغان ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىزدىن ياش ئايرىلدى، ئۇ، قۇربان بولغاندا پەقەت 28 ياشتا ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ گەرچە ياش قۇربان بولغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلابى تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى، ئۇنىڭ سەبداشلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

# ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى توغرىسىدا ئەسلىمە

**خالىق ساقى**

مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىم، 1936 - يىللىرىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا مەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى دىخۋا (ئۈرۈمچى) دە ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىللىي 2 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتىم، ئېسىمدە قېلىشىچە، دەرس باشلىنىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، بىر كۈنى دەرس ئالدىدا بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىز بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى باشلاپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. بۇ بالا 15 ياشلاردا بولۇپ، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، تەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇراھال، ئاددىيغىنا كىيىنگەن، ئۇستى باشلىرى رەتلىك ئىدى. قارىماققا ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىللىق چىرايىدىن قانداقتۇر بىر يېقىملىق نۇر چاقناپ تۇراتتى، مۇئەللىم تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن سىلەر بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى، دېدى. سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار ھەممىمىز چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مۇئەللىم ۋە بارلىق ساۋاقداشلارغا قاراپ ئېگىلىپ سالام بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىم ئۇنى ئەڭ ئالدىنقى پارتىغا، يەنى، مەن بىلەن بىر پارتىغا ئورۇنلاشتۇردى.



تەنەپپۇستا ئىزۋانۇك چېلىندى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممە ساۋاقداشلار ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سوراپ ئۆز ئارا تونۇشۇشتى. ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەن بار ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەر بىر ياتاقتا ياتاقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئىككىدىن تۆتكىچە ئوقۇغۇچى ياتاتتى. بىزنىڭ ياتاقتا بىز ئىككىمىزدىن باشقا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى مەرھۇم ئابدۇرېھىم خۇدابەردى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كادىرى مەرھۇم ئابدۇغۇپۇر ياقۇپلار بار ئىدى. شۇندىن باشلاپ مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىگىچە بولغان تۆت يىلدىن ئارتۇق ساۋاقداشلىق ھاياتىم باشلانغان ئىدى.

1936 - يىلى كۈزدىن 1938 - يىلى 8 - ئايغىچە، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇق، 1938 - يىلى 9 - ئايدىن 1940 - يىلى 6 - ئايغىچە، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مىللىي سىنىپىدا ئوقۇدۇق. تۆۋەندە مەن ئاددىيغىنا ئەسلىمەم ئارقىلىق ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا بولغان چوڭقۇر ۋە سەمىمىي سېغىنىشىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى، چۈنكى ئۇ مەكتەپكە كېچىكىپ كېلىپ بىرەر مەۋسۇمدىن كېيىن قېتىلغان ئوقۇغۇچى بولغاچقا، بىر قىسىم دەرسلەردىن

خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ، كۈندىلىك دەرستە باشقىلار بى-
لەن تەڭ ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋا-
قىتنى چىڭ ئىگىلەپ، ئوقۇلۇپ كەتكەن دەرسلەرنى تولۇق-
لاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىتلاردا دەرس
كونسپېكتى يوق، پەقەتلا مۇئەللىمنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاپ
خاتىرە يېزىش ئاساس قىلىناتتى. شۇڭا ئۇ، كۈندۈزى ئەس-
تايىدىل دەرس تىڭشاپ كونسپېكت يازسا، دەرستىن چۈش-
كەندىن كېيىن كەچتە ساۋاقداشلارنىڭ كونسپېكتى بىلەن
ئۆزىنىڭ يېزىۋالغان كونسپېكتىنى سېلىشتۇرۇپ، كونسپېكتنى
تولۇقلاپ رەتلەيتتى. چۈشىنەلمىگەن جايلىرىنى ھېچ بىر
تارتىنماستىن سەممىيەتلىك بىلەن ساۋاقداشلىرى ۋە مۇئەل-
لىملەردىن سوراپ بىلىشكە ئالدىرايتتى. ئۇ، شۇنداق تىرىش-
چان، سەممىي بولغاچقا، ھەممە ساۋاقداشلار ۋە مۇئەللىملەر
ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئېرىن-
مەي سەممىي ياردەم بېرەتتى، ئەينى ۋاقىتتا، مەكتەپتە كەچ
سائەت توققۇزدا (شىنجاڭ ۋاقتى) چىراقنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاش
دېگەن تۈزۈمى بار ئىدى، چىراقنى ئۆچۈرۈش ۋاقتى بولغاندىن
كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ياتاقنىڭ پەنجىرىسىگە ئە-
دىيالنى تارتىپ قويۇپ، كىرسىن چىراق ئالدىدا داۋاملىق
دەرس كونسپېكتلىرىنى كۆچۈرۈپ ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇ،
ھەقىقەتەن قەيسەر، ئىرادىلىك، جاپاغا چىدامىلىق يىگىت
ئىدى، ئۆگىنىشتە ۋاقىتنى چىڭ ئىگىلەپ، جاپالىق كۈرەش
قىلىپ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكتىن، ئوقۇلۇپ بولغان دەرسلەرنى
يۈزدە - يۈز تولۇقلاپ ئالغاندىن تاشقىرى، سىنىپ بويىچە ئەلا
ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئې-
رىشىپ، مەكتەپ تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم تەقدىرلەن-



گەن ئىدى.
ئۇ، مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا خەنزۇ تىل-
يېزىقىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇ، خاتىرە
دەپتەرلىرىگە خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنى يېزىۋېلىپ، ماڭسا - تۇرسا
يادلاپ يۈرگەندىن تاشقىرى، ئالقان بىلەكلىرىگە
خەنزۇ يېزىقى بىلەن سۆزلەرنى يېزىۋېلىپ يادلاشنى
ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇندىن باشقا ئۇ، بىر
قانچە خەنزۇ ساۋاقداشلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇچراشقانلا
يەرلەردە ئۇلار بىلەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىپ، ئۆگەنگەنلى-
رىنى مەشىق قىلاتتى. شۇنداق ھەر خىل چارە - تەدبىر-
لەرنى ئىشلىتىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىر قانچە يىل ئى-
چىدە خەنزۇچە تىل - يېزىقنى رەسمىي ئىگىلەپ ئېلىپ،
خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابلارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان،
خەنزۇچە لېكسىيىلەرنى ئاڭلىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن
ئىدى. ئۇ، بىلىم دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن
مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي كى-
تابلارنى كۆرگەندىن تاشقىرى، قولىغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل
كىرسىلا ھەر خىل كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.
بەزى ئايلاردا ئۇچتۇرپاندىكى ئائىلىسىدىن پارچە، پۇرات
راسخوتلىرى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئازغىنا تۇرمۇش پۇلى، مەك-
تەپتىن ھەر ئايدا تارقىتىپ بېرىلىدىغان تۇرمۇش راسخودى ۋە
ساۋادسىزلىقنى يويۇش كەچلىك كۇرسقا دەرس ئۆتۈش
بەدىلىگە بېرىلگەن ناھايىتى ئاز قوشۇمچە پۇللىرىنى تېجەپ
ئىشلىتىپ كىتاب سېتىۋالاتتى (شۇ يىللىرى نەنلياڭدا
بىر قانچە جايدا ساۋاتسىزلارنى ئوقۇتۇش كەچكى كۇرس-
لىرى ئېچىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنى-
نىڭ مىللىي سىنىپىدا بىر قانچە ئوقۇغۇچىلارنى كەچتە دەرس
ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارغا ھەر ئايدا ئازغىنا

قوشۇمچە ھەق بېرىلەتتى)، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «پولات قانداق تاۋلاندى»، «قۇللار»، «لېنىننىڭ ياشلىق دەۋرى»، «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەن رومانلارنى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ئەسەرلىرى ھەمدە «جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى»، ئەيسىچىنىڭ پەلسەپىسى قاتارلىق ئىلغار ئەسەرلەرنى سۆيۈپ ئوقۇيتتى.

دەرسخانىدا مۇئەللىمنىڭ لېكسىيىسىنى ئەستايىدىل دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى، ھېچ قانداق ئۇششاق ھەرىكىتى يوق ئىدى، باشقا ساۋاقداشلارنىڭمۇ شۇنداق ئەستايىدىل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. مۇئەللىمنىڭ لېكسىيىسى ئاياقلىشىشى بىلەن تەڭ قول كۆتۈرۈپ، چۈشىنەلمىگەن مۇجمەل ئۇقۇملار ئۈستىدە مۇئەللىمگە سوئال قويۇپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالمىغىچە توختىمايتتى. ھەتتا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ، مۇئەللىملەرنى قورودا توسۇۋېلىپ، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئېلىپ توختايتتى، شۇڭا ئۇنى مۇئەللىملەر «چاتاقچى» دەپ بېشىنى سىلاپ قوياتتى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېلەچەكتە بىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىدۋار ئىدى، ھەقىقەتەن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈتكىنىدەك ئىسمى جىسمىغا لايىق تىلشۇناس ۋە بىر قەيسەر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر ئىدى، ئۇ، ئىتتىپاقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، ئۇ، مەكتەپكە كېلىشى بىلەنلا ساۋاقداشلار ئۇنىڭ مۇلايىم، سەممىمىي، خۇش چاقچاق، جۇشقۇن،



قېتىك، ناخشا - مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. شۇڭا ساۋاقداشلارنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولۇشقا خۇشتار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان تۆت يىلدىن ئارتۇق جەريانىمدا، مەن ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر ساۋاقداش بىلەن قىزىرىشىپ، يامانلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرمىگەن، ئەكسىنچە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقتىن قاچماي دەرستە ئارقىدا قالغان ساۋاقداشلىرىغا كونسپېكتىنى بېرىپ تۇرۇپ، دائىم ساۋاقداشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى، دەرس سىرتىدا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. ئۇندىن باشقا يەنە، ساۋاقداشلار ئىچىدە مەلۇم قىيىنچىلىقى بارلارغا سەممىمىي غەمخورلۇق قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئېسىمدە قېلىشىچە، 1939 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە، ئوقۇۋاتقان قىشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، خوتەنلىك ئىمىن ئىسلام ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىز ئۇشتۇمتۇت «نامازشام قارىغۇسى» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، كېچىدە ھاجەتخانىغا چىققىچە ئېرىق ئۈستىدىكى كۆۋرۈكنى پەرق ئېتەلمەي ئېرىققا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بۇنىڭدىن دەرھال خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئېرىقتىن تارتىپ چىقىرىپ، يۆلەپ ياتاققا ئېلىپ كىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پاكىزە كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ قۇرۇتۇپ بېرىدۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسەتكەندە، دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئوزۇقلۇقنىڭ ناچارلىقىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەر كۈنى سۈت، تۇخۇم،

كاكاۋا بىلەن ئوزۇقلىنىشىنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەندە بولغاچقا، ئۇ، مۇنداق ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشكە ئىقتىسادى جەھەتتىن چارىسىز ئىدى. بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، گەرچە ئۆزىدىمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان ئىقتىساد بولمىسىمۇ ئۇ يەنىلا سەمىمىي ساۋاقداشلىق روھى بىلەن ئۇچۇق قوللۇق قىلىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، دائىم دېگۈدەك بىر مەزگىل سۈت، شېكەر، تۇخۇم كاكاۋىلارنى ئېلىپ بېرىپ ئۆز قولى بىلەن پىشۇرۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى يېتىشەلمىگەن چاغلاردا باشقا ساۋاقداشلار ئارا ھەمكارلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يولداشلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بەختىگە يارىشا بىر، ئىككى ئايدىن كېيىن ساۋاقدىشىمىز ئىمىن ئىسلامنىڭ كۆزى ياخشى بولۇپ كەتكەن ئىدى.

كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ساۋاقدىشىمىز ئىمىن ئىسلام 1947 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بىلەن كۆرۈشۈپ خوتەنگە قايتىشىدا، يەكەنگە بارغاندا زالىم جۇفاڭگاڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تىرىك كۆمۈۋېتىلىدۇ. ئەگەر بەختىمىزگە ھايات بولغان بولسا، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆچمەس داستانلارنى يازغان بولاتتى.

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ، ساۋاقداشلىرىدىنمۇ سەمىمىي دوستلىرى بار ئىدى، ئومۇمەن ئېيتقان-



دا، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، ھەممە ئادەم بىلەن سەمىمىي مۇناسىۋەت قىلاتتى. بۇنىڭ بۇ دوستلۇقى، ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە ھەر تەرەپلىمە ئۆسۈشىگە ياردەم بەردى. ئۇ، مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىدا بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ بىلمەيتتى، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەنزۇ تىلىنى بىمالال راۋان سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم دېگۈدەك خەنزۇ، خۇيزۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۆز ئارا ئۆگىنەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ ئۈلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە، لىۋ چىڭلىڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇ دوستى بار ئىدى. ئۇ، 1941 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ياردەم يىغىش تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باندىتلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ پاجىئەلىك خەۋەر ھەممىمىزنى قاتتىق ئېچىندۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاباسوۋنىڭ يەنە خۇيزۇ مىللىتىدىن، بولغان بىر دوستى يۈجەنلىڭ ئىدى، بۇ ساۋاقدىشىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ ئۇنىڭ بىلەن دائىم دېگۈدەك تەنتەربىيە ۋاقىتلىرىدا ۋاسكېتبول، ۋالىبول ئويناش جەريانىدا يېقىن دوستلۇق ئورناتقان ئىدى. ئۇ، بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ مەكتەپنىڭ مەيدانىنى بىر قانچە قېتىم يۈگۈرۈپ

ئايلانغاندىن تاشقىرى، ھەر قېتىم دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ۋاسكىتبول مەيدانىغا بېرىپ توپ ئوينايتتى. مەكتەپنىڭ ھەر خىل تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، باشقىلارغا باشلامچىلىق قىلاتتى. ئۇ، دائىم «ساغلاملىق زور بايلىق»، دەپ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئۇ، ئوقۇغۇچىلىق جەريانىدا بىر كۈنمۇ ئاغرىپ قالغىنى يوق، ساغلام، تېتىك، جانلىق بولۇپ ھەممە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يۈكسەك ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ، ساۋاقداشلار ئارىسىدا مۇئامىلىدە سەممىي ئىدى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى ئىززەتلەيتتى، چوڭلارنى بولسا ھۆرمەتلەيتتى، كىچىك پېئىل ئىدى، ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجىگە ئىگە بولغاندا مەغرۇرلانماي، ئەكسىچە باشقىلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، تېخىمۇ قېتىرقىنىپ، ئىزدىنىپ ئۆگىنەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇچراتقاندا سالام بەرمەي ئالدىدىن ئۆتمەيتتى، شۇڭا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. شۇنداقلا ئۇ مەكتەپنىڭ بارلىق قائىدە - تۈزۈملىرىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيتتى. تۆت يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلىق جەريانىدا ئۇ، بىرەر قېتىممۇ مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ باقمىغان. دەرسكە ئۆز ۋاقتىدا قاتنىشىپ، دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، بىر - بىرلەپ خاتىرە يېزىپ قالدۇراتتى. تەشكىلىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، بىرەر سائەتمۇ مەكتەپتىن ئايرىلمىغان ئىدى، ئىنتىزامچان ئىدى، ئۆلكىلىك بىرىنچى



ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، بىرىنچى قىشتا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆمۈرمۇ قىس بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەر ھەپتىدە ھەر بىر ياتاققا ئاران بىر زەمبىل كۆمۈر تارقىتىپ بېرەتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئوقۇغۇچىلار كۆمۈرخانىنى ئېچىپ، ئوغرىلىقچە ھەممە ياتاقلارغا بەس - بەس بىلەن كۆمۈر توشۇيدۇ، بىز بىر قانچىمىزمۇ بىر زەمبىل كۆمۈر ئەكەلدۇق. لېكىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىزنىڭ بۇ قىلغىنىمىزغا قارشى تۇردى. ئۇنىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا بىز ئوغرىلاپ كەلگەن بىر زەمبىل كۆمۈرنى قايتۇرۇپ كۆمۈرخانىغا ئاپىرىپ قويدۇق. ئىككىنچى كۈنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزنىڭ بۇ قىلغان ئىشىمىزنى ئالاھىدە تەقدىرلىگەن ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ. تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل ئىدى. ئىسراپچىلىققا، ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇراتتى، ئۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئاددىي - ساددى ئۆتكۈزەتتى. ئادەتتە پۈتۈنلەي ئاددىي يىپ رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ياماپ، قۇرۇغاندىن كېيىن كەچقۇرۇن ئۇخلاش ئالدىدا شالۋۇرلىرىنى كارىۋات پىراستىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، دەزمال سالغاندەك قىرلىرىنى چىقىرىپ كىيىپ يۈرەتتى، تازىلىقتا ھەممىگە ئۈلگە ئىدى.

ئۇ، ساۋاقداشلارغا ۋە كوللېكتىپقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، ھەر ئايدا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى كىشى نۆۋەت بىلەن سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولاتتى، بىر قېتىم نۆۋەت ئابدۇ -

كېرىم ئابباسوۋ بىلەن ماڭا كەلگەن ئىدى. ئۇ، تاماقنى ياخشىلاش ئۈچۈن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، مېنى باشلاپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ پۇلى ئەرزان سۈپىتى نىسبەتەن ياخشى سەي ۋە نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئاشخانىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، ئاشخانىنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، يەڭنى تۈرۈپ ئاشپەز ئۇستاملارغا تەڭ ياردەملىشىپ، تاماقنىڭ تەملىك، سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ساۋاقداشلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان ئىدۇق.

ئۇ، ئەمگەكچان ئىدى، كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى. قىش كۈنلىرى مەكتەپ ياتاقلىرىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ شۇنداقلا قورولارنىڭ قارلىرىنى تازىلاش ئەمگەكلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە سىنىپ ۋە ياتاقلارنىڭ تازىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزلىكىدىن تازىلىق قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى، ۋەتىنىمىز جۇڭخۇانىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە دائىما دېگىدەك پىكىر يۈرگۈزۈپ، باش قاتۇراتتى. ۋەتىنىمىز ئاسمىنىدا ئادالەت تېڭىنىڭ پارلاپ يورۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ۋەتىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، جاھانگىر مۇستەملىكچىلەرگە غەزەپ - نەپرەتلىرىنى ئىزھار قىلاتتى.

ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، مەكتىۋىمىزگە جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لى زىلياڭ (لى يۇنلاڭ) شوجاڭ بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا بىر قانچىلىغان ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللانغان



ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇتۇش سېپىدە ئىنقىلابى ئىدىيە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ مىنفۇ (خۇاڭ خۇچىڭ) باش كاتىپلىقىدا قۇرۇلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىلغار تەشكىلات جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى مەكتىۋىمىزدە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىزلەر ئەزا بولۇپ كىردۇق. مەزكۇر ئۇيۇشما ئۆز ئەزالىرىنى ئىلغار ئىنقىلابى ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە ئۈزلۈكسىز ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. جۈملىدىن بىزلەر كوچىلارغا چىقىپ، جاھانگىرلىككە قارشى شېئىرلارنى ئوقۇپ، كۆپچىلىك توپلانغان سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەھۋاللىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئويغىتىپ، جاھانگىرلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان ئىدى.

1938 - يىلى بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنى غەلىبىلىك تۈگىتىپ، سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنگە يۆتكەلدۇق. شىنجاڭ شۆيۈەن 1939 - يىلى نەنلياڭغا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ كەينىدىكى بىر كونا ھەربىي گازارمىغا) كۆچكەن ئىدى. چۈنكى، بۇ ئورۇن ئەينى زاماندا ئاتالمىش ئۆلكىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتاي ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىسمەن رېمونت قىلىنغان ئىدى. قۇرۇلتاي ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئورۇننى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنگە مەكتەپ ئورنى قىلىپ

بەرگەن ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتىۋىمىز بۇ ئو-
رۇنغا كۆچۈپ چىققان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەكتەپ مۇدىرى-
مىز داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر سىياسىي ئەرباپ دۇجۇكيۈەن
ئەپەندى، ئىلمىي مۇدىرىمىز جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى لىن
جىلۇ، كېيىن گۇشىڭشەن بولغان ئىدى. مەكتەپ رەھ-
بەرلىكى، ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار يازغۇچى شېن
يەنبىڭ (ماۋدۇن)، ئىقتىسادشۇناس جاڭ جۇڭشى، پەي-
لاسوپ شىمى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى
شىنجاڭ شۆبىۋىنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغاچقا، مەك-
تەپنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە ياپون جاھان-
گىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ئىشلىرى تېخىمۇ قايناپ تاش-
قان، كىشىلەر قەلبى يورۇپ، مەكتەپتە ئاجايىپ جانلىنىش
بارلىققا كەلگەن ئالتۇن دەۋر بولغان ئىدى. بۇ ئىنقى-
لابى ئوقۇتقۇچى، رەھبەرلەر دائىم دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلار
ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ياپون جاھانگىر-
لىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىمىزنىڭ تەپسى-
لاتى ئۈستىدە سۆزلەپ تەربىيە بېرەتتى. شۇنداقلا ئالدىن-
قى سەپكە ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە
سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ يولدا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن
تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

ئۆلكىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغان-
دا، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە مەن
قاتارلىق تۆت، بەش ساۋاقداشنى يىغىننىڭ خىزمەتچى
خادىملىقىغا ئەۋەتىپ، ۋەكىللەرگە ياپون جاھانگىرلىكىگە
قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتىش، شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلى-
كىنىڭ قانلىق تاجاۋۇزىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ۋەكىللەرگە



چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇ-
تۇش يولىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى
ئىشلەشكە قاتناشتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يولداش
ماۋدۇن «ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ» ناملىق درامىنى يېزىپ
چىقىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە مەن
قاتارلىق بىر قانچە ساۋاقداشلارنى چاقىرىپ پىكىر ئالغان
ئىدى. مەزكۇر دراما ئۈرۈمچىدە ئوينالغاندا، ئابدۇكېرىم
مەلۇم رول ئېلىپ قاتناشقانىدى. يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەر
يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئىنقىلابى ئىدىيىسى-
نىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان
ئىدى.

شىنجاڭ شۆبىۋىنىدە ئوقۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە، مەك-
تەپتىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ تەشەببۇسى
ۋە تەشكىللىشى بىلەن ھەر بىر بايرام، دەم ئېلىش كۈن-
لىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل كوچا ئويۇنلىرىنى تەي-
يارلاپ، كوچىلارغا چىقىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
تەشۋىقات ئېلىپ باراتتۇق ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەم توپ-
لايتتۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بويى پاكارراق بول-
غاچقا، دائىم دېگۈدەك ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ رولىنى
ئالاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ، ياپون جاھانگىرلىكىگە ئىنتايىن
ئۆچ ئىدى. ئۇ، كوچىلارغىچە چىقىپ تۈرلۈك كوچا ئويۇن-
لىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ
بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي
ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە
پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى ۋە بۇنى ئۆزى-

تۇرسا، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ دېگەن سوئالنى قويغان ئىدى. ئوقۇتقۇچى تىلى تۇتۇلۇپ، دەرھال جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي، سۈرلۈك قىياپەتتە. «سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن «ئىسمىم ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇئان ھەممىمىزنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچۈن ئەنسىرەپ سوغۇق تەر باسقان ئىدى، بىر قانچە ئايدىن كېيىن بالايىئاپەت يېتىپ كەلدى.

1940 - يىلى 5 - ئايدا، شىڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇشتۇمتۇت مەن ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق بەش نەپەر ساۋاقداشلارنىڭ ساقچى باشقارمىسىغا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى قورۇسىدىكى كۇلۇپقا) بېرىپ پەندى - نەسىھەت ئاڭلاشقا بۇيرىدى. دەل ۋاقتىدا بارساق، ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى ئوتتۇرا، سىفەن مەكتەپلىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئوشۇق ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرى توپلانغان ئىكەن. لى يىڭچى سۆزگە چىقىپ، شۇيەرنىڭ ئۆزىدە بىزلەرنىڭ «خائىنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى» دېگەن نام بىلەن سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. مەن بىر قانچە ھەرمىللەت ساۋاقداشلار بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىر قانچە ساۋاقداش بىلەن ساۋەن ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىندۇق. ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، بىز 13 نەپەر ساۋاقداشلار بىر يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، بىر نەپەر قوراللىق ساقچى ئەمەلدارنىڭ پالىشىدا يولغا چىقتۇق. ماشىنا ماناس ناھىيىسىگە



نىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى، قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەشۋىق - تەرغىپ ئىشلىرىغا باشتىن ئاخىر ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ۋە رەھبەرلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا بەك ئېچىناتتى. خەلق مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئارزۇ - ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، ئەينى زاماندا ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بېرىلغان ساۋادسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئەنلىياڭ رايونىدا ئېچىلغان خەلق ساۋادىنى ئاچىدىغان كەچكۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. خەلقلەر ئۇنى «بالا مۇئەللىمىمىز» دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئەينى زاماندا، شىنجاڭدىكى مىللىتارىست شىڭ شىسەي بىر مەزگىل ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچ بولۇش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، بىر كۈنى شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئۈستىدە دەرس ئۆتىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەۋېتىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ شۇ مەيداندىلا، ماركسىزم - لېنىنىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان مۇتلەق نەرسە يوق، ھەممە نەرسە نىسپىي

بارغاندا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ، بەردى، ئايرىلىش ۋاقتىدا ئاغزىمىزغا گەپ كەلمەي، كۆڭۈلدىكى ھېسسىياتىمىزنى كۆزلىرىمىز ئارقىلىق بىلدۇرۇپ، بىر - بىرىمىزگە ئۇزۇنغىچە تويماستىن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتۇق. ئاخىرىدا قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ، كۆزىمىزگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئۆز ئارا ئەسلەپ تۇرۇشنى تاپىلىشىپ، ئەلۋىدا دوستۇم دەپ ئايرىلدۇق. ماشىنا ئۇنى يول چېتىدە قالدۇرۇپ، بارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋەردى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتكەن ھالدا ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىپ تۇردۇم ..... شۇنىڭدىن كېيىن قەدىردان دوستۇم، ساۋاقدىشىم ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى قايتا كۆرەلمىدىم.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سابىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلىكتە خىزمەت قىلىشىمنى تەكلىپ قىلىپ، ماڭا خەت يازغان ئىدى. لېكىن، بەختىمگە قارشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنتايىن ھالجىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاقسۇ دەريا كۆۋرۈكىدە ھەربىي چازا قويۇپ، يولنى قامال قىلىۋالغانلىقتىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە كېلىشكە ئىمكانىيەت يارىتالمىغان ئىدىم. بىر قانچە ئايدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلغار زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پار-



چىلىنىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار ئىلىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ خەت ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن ئاشۇ تاڭ نۇرى ئالدىدىكى قاراڭغۇ تۈندە يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى سېغىنىپ پات ئارىدا كۆرۈشۈش ئۈمىدىدە تۇرغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن ماڭا ئۇنىڭ زور بەختسىزلىككە يولۇققانلىقى توغرىسىدىكى ھەممىنى ئېچىندۇرىدىغان قايغۇلۇق، شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 40 نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم خۇددى تۇنۇگۈنكىدەك كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنمەكتە. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ باللىق، ياشلىق، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، مەن كىشىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر ئىنقىلابى ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى، پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ۋە تالانت ئىگىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا بىرىنچى بولۇپ پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان، بىرىنچى بولۇپ ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان ئۇيغۇر ئىنقىلابچىسى.

قەدىردان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ئەسلىمە

يۈسۈپجان ئەيسا

غۇلجا شەھىرى تۇغرى كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى ئۈنچە باغ بىلەن (بۇرۇن سوۋېت كونسۇلى تۇرغان جاي) مارجانباغ (ھازىرقى ئىلى ھەربىي رايون شتابى) دىن ئىبارەت ئىككى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار، خالتا كوچىدا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى بار ئاددىي بىر ھويلا بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۈككىدە ئۆسكەن بىر تۈپ سۆگەت سايىسى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

مانا مۇشۇ ھويلىدا، 1913 - يىلى قورغاسنىڭ دۆڭمازاردىن كۆچۈپ كەلگەن نادىر مەھمۇت ئوغلى ئولتۇراتتى، مەھمۇت ئۇستا سەتراچ بولۇپ، سۈيدۈڭ، قورغاسلاردا خېلى ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى.

نادىر، مەھمۇتنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى، مەھمۇت ئوغلى نادىرنى ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ سەۋىيىسىگە ئىگە قىلغاندىن كېيىن، 16 يېشىدىلا موزدوزلۇق دۇكىنىغا شاگىرتلىققا بەرگەن ئىدى، چۈنكى، بۇ دەۋرلەردە يۇقىرى بىلىم ئېلىش ئورنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بالىلىرىنى بىر ھۈنەر



ئۆگىتىشكە قىزىقاتتى، نادىر ئوقۇمۇشلۇق، تېتىك بالا بولۇپ، ئۇستىلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ موزدوزلۇقنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى، شۇنداقلا ناخشىچى، سازچىلارغا ئارىلىشىپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتىشنى، ساز چېلىشنى ئۆگەندى.

نادىر ئاكا قورغاستىن غۇلجىغا كۆچۈپ كىرگەندە، ئايالى شەرۋانەم بىلەن قىزى جەننەتبۈۋىلا بار ئىدى، نادىر ئاكىنىڭ قولىدا ئارتۇقچە دەسمايە بولمىغاچقا، تۇغرى كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپ بىر قانچە ئاي ياماقچىلىق قىلدى ۋە كېيىنچە دۇكان ئىجارىگە ئالدى. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق سازچى روزى تەمبۇر، جامى تەمبۇر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن توي - تۆكۈن، سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ، كېيىنچە غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاسلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن سازچى ۋە ناخشىچى بولۇپ قالدى.

شۇ دەۋرلەردىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئاھ - زارى بولغانلىقتىن، نادىر ئاكىنىڭ جاراڭلىق ناخشا ساداسى، ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ئەكسىيەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ جېنىغا تېگىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1914 - يىلى 14 - ئاپرېل تاڭ سەھەردە شەرۋانەم ئوغۇل تۇغدى، تۇغۇت ئانىسى سەلىمخان ئانىنىڭ يەتكۈزگەن خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان نادىر ئاكىنىڭ خۇشاللىقتىن بېشىنى ئاسمانغا تاقاشقىدەك بولۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ھېزىم ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئەزان ئېيتقۇزۇپ ئەخمەتجان قويدى.

ئەخمەتجان بوۋاق ۋاقتىدىلا سىمىز ۋە ئوماق ئىدى،

ئۇ، تۇغۇلۇپلا چىراق يورۇقىغا قاراپ كۆزىنى ئاچقانلىقتىن، نادىر ئاكىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى «خۇدايىم ئىززىتىگە نۇرىنى بەرسۇن» دېيىشىپ، دۇئا قىلغان ئىدى.

ئەخمەتجان تۆت ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا دادىسى بىلەن موزدۇزلۇق دۇكىنىغا بېرىپ، دادىسىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدى.

ئەخمەتجان بالىلىق چاغلىرىدىلا ھېكايە، چۆچەك، ماقال - تەمسىللەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى، دادىسى نادىر ئاكا ھەر كۈنى كەچتە سادىر پالۋان، نۇزۇگۇملارنىڭ قىسسىلىرىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە، ئەخمەتجان ئىختىيارسىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قالاتتى.

نادىر ئاكا ئەخمەتجاننى چوڭ سورۇنلارغىمۇ ئاپىراتتى، ئەخمەتجان ئاتاقلىق ناخشىچى، سازچىلارنىڭ ناخشا - سازلىرىنى تىڭشاپ، مەشرەپلەرنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىنەتتى.

1917 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، خەلق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، يەرلىك ئىستىبدات ئەمەلدارلارغا، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى چەكسىز غەزەپلەندى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ دەرد - ئەلىمىنى ناخشا ئارقىلىق ئىپادىلەپ، زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىقىنى بىلدۈردى.

نادىر ئاكا ناخشا ئېيتىش بىلەن غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس قاتارلىق جايلاردا كۆزگە كۆرۈنۈپ، خەلقنىڭ ئالاھىدە ئىززەت - ئابرويىغا ئىگە بولغان ئىدى.

1926 - يىلى كۈزدە، نادىر ئاكا ئوغلى ئەخمەتجاننى ئېلىپ تۇغقان يوقلاپ سۈيدۈڭگە باردى، سۈيدۈڭدە بىر چوڭ



باغ مەرىكە بولۇپ، نادىر ئاكىمۇ بۇ مەرىكىگە تەكلىپ قىلىندى. مەرىكىدە نادىر ئاكا سادىر پالۋان ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئالدىدىن پىلانلىشى بويىچە بىر مەلئۇن تۇيۇقسىز پىچاق ئۇرۇپ، نادىر ئاكا ۋاپات بولدى.

قاتىل كۆرەدىكى يامۇلغا قېچىپ كىرىۋالدى، شۇ كۈنى غۇلجىدىن نادىر ئاكىنىڭ ئىنىسى ناسىر بىلەن شەرۋانەم چىقىپ، ئەتىسى (جۈمە كۈنى) نادىر ئاكىنىڭ جەسىتىنى سۈيدۈڭگە دەپنە قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان ئالتە ياشتا بولۇپ، قانلىق پاجىئە ئەخمەتجان ئائىلىسىگە ئېغىر مۇسىبەت، قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى، ئەخمەتجاننىڭ يۈرىكىگە ئۆچمەس تامغا باستى.

ئەخمەتجاننىڭ تاغىسى ئۆمەرجان شۇ يىلى تاشكەنت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، قورغاس مەكتىپىگە مۇئەللىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى ھەدىسى شەرۋانەم بىلەن ئەخمەتجاننى قورغاسقا كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلدى.

ئەخمەتجان يەتتە يېشىدا قورغاستىكى تاغىسى بار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى، مەكتەپتە ئاساسەن تىل، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، گىمناستىكا قاتارلىق دەرسلەر ئاساس قىلىنىپ، دىنىي دەرسمۇ قوشۇمچە ئۆتۈلەتتى، دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئالمۇتا، تاشكەنتلەردىن يېزىلىپ كېلەتتى.

نادىر ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى قىيىنچىلىقتا ئۆتتى، مەكتەپ مۇئەللىملىرىنىڭ مۇئاشى خەلقتىن يىغىپ بېرىلگەنلىكتىن ھەم تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۆمەرجاننىڭ مۇئاشى يەتمەيتتى، شۇڭلاشقا شەرۋانەم ئانا

باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ بېرىش ۋە باشقا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش بىلەن تۇرمۇشقا ئاز - تولا قوشۇمچە قىلاتتى.

ئەخمەتجان مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ، سىنىپ ئىچىدە ۋە تېشىدا ئانچە شوخلۇق قىلمايتتى، مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشتە كېچىكىپ قالمايتتى، تاپشۇرۇقلىرىنى ھەر كۈنى تولۇق ئىشلەيتتى، بەزىدە ئوقۇشتا ناچار - بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرەتتى، ساۋاقداشلىرى بىلەن دائىم چىقىشىپ ئۆتەتتى، دەپتەر، قەلەملىرىنى پاكىز، رەتلىك تۇتاتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيتتى، مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشسە يەنە بىر تەرەپتىن خولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

ئەخمەتجان 6 - سىنىپنى ئەلاچى بولۇپ تۈگەتتى، ئەمدى ئۇ ئەقلى، ئەخلاقىي جەھەتتىن بىر قەدەر ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ، جەمئىيەتكە شەخسىي ئاداۋەتتىن ئەمەس بەلكى سىنىپىي زىددىيەت ئاساسىدا كۆز قارايدىغان بولدى.

## ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆگىنىش

1928 - يىلى 7 - ئايدا ئەخمەتجان ئاپىسى شەرۋانەم، تاغىسى ئۆمەرجان بىلەن يەركەتكە كۆچۈپ چىقتى، يەركەتكە كۆچۈپ چىقىپ بىر يىل بولمايلا ئاپىسى شەرۋانەم كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

ياقا يۇرت، ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىش 13 ياشلىق ئەخمەتجان ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى، ئۇ، ئۆمەر-



جاننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئانىسى شەرۋانەمنىڭ ۋە تاغىسى ئۆمەرجاننىڭ دادىسى قاسىمى فامىلىسى بىلەن دارىلئېيتامغا ئوقۇشقا كىرىپ، دۆلەت تەمىناتى بىلەن 7 - سىنىپنى ئەلاچى بولۇپ تۈگەتتى، شۇندىن باشلاپ ئەخمەتجان قاسىمى فامىلىسى بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. ئۇ، مۇشۇ بىر يىللىق ئوقۇش جەريانىدا دوست ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئادەتتىكى رۇسچە سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى دارىلئېيتامدىن كېيىن ئالمۇتا شەھىرىدىكى زارۋات (ئالىي تېخنىكوم) غا ئوقۇشقا كىردى.

زارۋات مەكتىپى شۇ ۋاقىتلاردا قازاقىستاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پۈتۈن قازاقىستان بويىچە ئىمتىھاندىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇيتتى، مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، دۆلەت تەمىناتىدا ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى زارۋاتقا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى، يېتىملىك، يوقسۇزلۇقنىڭ ھەممە ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەخمەتجان، ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمىدى، ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، ئەدەپ ئەخلاقى، تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، سىنىپ باشلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە «لېنىنچە كومسومول» غا ئەزا بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1932 - يىلى زارۋاتنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇ، چوڭ كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدى، تاغىسى ئۆمەرجان، شۇ ۋاقىتتىكى سولچىللىق نەتىجىسىدە «مىللەتچى» دېگەن بەتنام بىلەن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە سۈرگۈن قىلىندى، بۇ، ئەخمەت-

جان قاسىمىنىڭ سىياسىي ھاياتىنىمۇ تاقىلىپ، ئوقۇش تەلىپى تولۇق ئادەتتىكى خىزمەتكىمۇ تەقسىم قىلىنمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككى يىلغا يېقىن ئىشسىز يۈرۈپ، تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى يىلى ئۇ ئەنجان شەھىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولدى، بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ تىرىشىپ ئىشلەپ خىزمەتتە، ئۆگىنىشتە ۋە ئىنتىپاقلىق جەھەتلەردە مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەلىپى، مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قازاندىكى «لېنىن» نامىلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرىپ، دەسلەپتە تىل - ئەدەبىيات، كېيىن سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىل - ئەدەبىيات ئىنسپېكتورى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، سىياسىي - ئىدىيىۋى، تەشكىلىي كۆز قارىشىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن ئالاھىدە تونۇلۇپ، ئۆزىنىڭ تەلىپى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن موسكۋا شەرقىي ئەللەر ئۇنىۋېرسىتېتى (شەرق داشۆسى) گە ئىمتىھان بېرىپ ياخشى نەتىجە بىلەن مەكتەپكە كىرىدۇ.

شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىدىن تارتىپ، ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيتتى، ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنەتتى، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ماركسىزم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى سوتسىيالىستىك ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكەت



لەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە، ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پروگرامما، كۈرەش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلاتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەممە شارائىت تېپىلاتتى، ئەخمەتجان قاسىمى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر ئەسەرلىرىنى، ماركسىزمنىڭ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئەسەرلىرى شۇنداقلا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكا مەسىلىلىرىنى ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ئۆگەندى. ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جانلىق، ھەرىكەتچانلىقى، ئىنقىلابتا كونكرېتنى جاي، ۋاقىت - شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى.

ئەخمەتجان قاسىمى شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىدا ۋەتىنى، جۈملىدىن ئۆلكىنى، ئۆلكە خەلقىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۆلكىدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ، فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنىڭ خەلقىمىزنى مەدەنىيەتسىز قالدۇرۇپ، ئېزىپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئەسلىگىنىدە، ھەر كۈنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نادىر ئاكىسىدەك قانچە ئونلىغان كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈپ، پاك تەنلىرى قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقى، قانچە ئونلىغان كىشىلەر تۈرمە ئازابىدا يۈرگەنلىكى كېلەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1941 - يىلى 8 - ئايدا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ، ئۆز ۋەتىنى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

## تۈرمىدە

### «ئىنسان ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ»

1940 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى، جاللات شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاندى. ئۇ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان بارلىق كېلىشىملەرنى بۇزدى، سوۋېت كىشىلىرىنى قوغلاپ چىقاردى، قولغا ئالدى، چىن تەنچىۋ، ماۋزېمىن، لىن جىلو باشلىق شىنجاڭدىكى بارلىق كوممۇنىستلارنى ئائىلىسى بويىچە قولغا ئېلىپ، يوقاتتى، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ۋە تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساق كۆپەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ ئېغىر كۈنلەرگە قالدى. جاھانگىرلارنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانىلىرى قۇرۇلۇپ جاھانگىرلارنىڭ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيون، جاسۇسلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول قويۇلدى.

شىنجاڭنىڭ ئەنە شۇ دەۋرى ئۈستىدە يولداش ئىبراھىم روزى، قاسىمجان قەمبىرىلەر مۇنداق شېئىرلارنى يازغان ئىدى:

ئۆزگە باغلار باھار بولسا بىزنىڭ باغدا كۈز،
مەيلى ئەمدى مېۋىلەرنى ئۈزگۈنۈڭچە - ئۈز!



ئۇنىڭغا ھەم يۈرەك باغرىڭ قانىمىسا مەلئۇن،
يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلا بۇ باغنى تۈپ - تۈز؟!...

كېسىلدى تىل، قۇلاق، پۇت، قول،
بەدەن زەنجىردە باغلاندى.
سەدەپتەك پاكۇ تەنلەر بۇ،
نىجاسەتلەردە بولغاندى.

نەزەر سال، بۇرادەرلەر،
پۈتۈن يولغا تۇزاق چۈشتى.
بۇ زۇلمەتلىك ھايات بىزگە،
ئۇزاقتىن بەك - ئۇزاق چۈشتى.

جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمە جازاسى 32 خىلغا يېتىپ، پاشىستلىشىپ بىگۇنا كىشىلەرنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى سويۇش، تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈشكە يەتكەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئىنقىلابچى، قىران بۈركۈت ئىدى، ئۇ، چۆچەك چېگراسى ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى چۆچەك شەھىرىدە يەرلىك ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن چۆچەك ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، دەرھال ئۈرۈمچى 4 - تۈرمىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى، تۈرمىدە ئۇ نەمەت خەلپەت، ئابدۇللا ھاجى، مەتنىياز بايۋەچچە، توختى ئەلىموپ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تونۇشتى.

ئەخمەتجان قاسىمنى جاللات شېڭ شىسەينىڭ ساقچى

دائىرىلىرى ھەر كۈنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلاتتى، ئۇرۇش، قىيناش بىلەن چالا ئۆلۈك قىلىپ ئەكىرىپ تۈرمىگە تاشلايتتى، تۈرمە تار، قاراڭغۇ، زەي، سېسىق ئىدى، تۈرمىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى جاللاتلارنىڭ تۈرمە جازاسىدا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى سەل ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىنلا سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلاتتى، تۆڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرىغا قاقىلىناتتى.

بىر كۈنى سوراقچى زەھەرلىك ئىللەدەك ئېتىلىپ كېلىپ: «سەن كىمسەن، مەن سېنىڭ تېنىڭنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆيدۈرۈپ تۈگىتىمەن»، دەپ ۋارقىرىدۇ.

قانغا مىلىنىپ ياتقان ئەخمەتجان بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ جاللاتقا تىكىلىپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا:

«مەن جۇڭگو ئادىمى، ئەگەردە تېنىمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆيدۈرسەڭ، كۈلۈم ۋەتەن تۇپرىقىدا قالىدۇ» دەيدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى تۈرمىداشلىرىغا ھەر كۈنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مىللىي ئىتتىپاقلىق قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەپ بېرىدۇ، تۈرمە جازاسى بىلەن قىينىلىپ ياتقان تۈرمىداشلىرىنى يۆلەشتۈرۈپ سۇ، تاماق بېرىش ۋە تەرەتلىرىنى تۆكۈش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ.

تۈرمە ئازابىدىن ھەر كۈنى قانچە ئادەم ئۆلۈپ، قانچىسى تاياق دەستىدىن ئازابلانغاچقا، قىينالغانلار ئۆلۈمنى تىلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ روھى چۈشەتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:



«بۇرادەرلەر! بىز زىندان ئىچىدە يېتىپ ئۆلۈم دېگەننى زادىلا ئويلىماسلىقىمىز لازىم، مەيلى بۈگۈن ئۆلەيلى، مەيلى ئەتە ئۆلەيلى، مەيلى تۈرمە ئىچىدە ئۆلەيلى ياكى ئۆز ئەجىلىمىز بىلەن ئۆلەيلى ھامان بىر كۈن ئۆلىمىزغۇ؟ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۆلۈمدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۆلۈمدىن قورقۇپ قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟ بىز ئۈمىدۋار بولۇشىمىز لازىم، ئۈمىدۋارلىق، ئۆلۈمدىنمۇ دۈشمەندىنمۇ غالىب كېلىدۇ»، دەپ ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى.

ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتى ئەخمەتجان قاسىمىنى سىياسىي - ئىدىيىۋى ۋە تۇرمۇش جەھەتتە تېخىمۇ چېنىقتۇردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى، كۈرەش ئىرادىسى كۈچىيىپ، مۇستەھكەم ئىنقىلابچىغا ئايلاندى.

## ئەينەكچى ئۇستام

1944 - يىلى شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭنىڭ قانچە يىللاپ يۈرگۈزۈپ كەلگەن زۇلۇم ۋە تېررورلۇق ھەرىكىتىگە چىداپ تۇرالمىغان خەلقنىڭ قارشىلىق كۈچى بارغانسېرى ئاشتى، ئىلى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا گومىنداڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى يوشۇرۇن تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، ئايرىم جايلاردا پارتىزانلىق ھەرىكىتى قوزغالدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋاقىتتا جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنى شىلىپ يىققان 25 ماشىنا ئالتۇن - كۆمۈشنى بېسىپ، 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۇڭچىڭغا قاراپ يولغا چىقتى،

ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھىلىگەر تۈلكە ۋۇجۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ھىلىگەر «ھارۋىدا توشقان تۇتۇش» ھىلىسىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭدىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن «ئەپۇ»، «ئومۇم» دېگەننى دەستەك قىلىپ، جاللات شېڭ شىسەي قولغا ئالغان بىگۇناھ مەھبۇسلاردىن 700 نەپەردىن ئارتۇق ئادەمنى تۈركۈمگە بۆلۈپ قاماقتىن بوشاتتى. «ئەپۇ سوراش»، «تىنچ بولۇش»، «قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش» تەك ئۈچ تۈرلۈك ھىلىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى، لېكىن، ۋەزىيەت پەسىيىش ئورنىغا تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن بوشىتىلىپ، ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا كېلىشتىن بۇرۇن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدا «ئازادلىق تەشكىلات» قۇرۇلغان بولۇپ، قوراللىق كۈرەش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ ھەدەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ ئاكوپ ياساپ، پوتەي سېلىپ، مەجبۇرى ئەسكەر تۇتۇپ ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە، پۈتۈن ئىلى رايونىنىڭ ۋەزىيىتى بەكلا كەسكىنلەشكەن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ياغاچچىلىق بىلەن ئەينەكچىلىكنى ئۆگىنىپ قويغان ئىدى، ئۇ، غۇلجىغا كېلىپلا ئەينەكچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بارمەن دېگەن يەرگە بارالايتتى، ئۇنىڭ دەسمايىسىمۇ چاغلىق-



لا ئىدى، پۇلى بارلاردىن پۇل ئالاتتى، پۇلى يوقلاردىن ئالمايتتى. دەسمايىسى تۈگىسە بىر نەچچە كۈن مەدىكارچىلىق قىلىپ ئاز - تولا پۇل تاپاتتى. ئۇ ئۆزىگە يېقىن دوستلىرىنى تېپىپ ئىنقىلاب ئۈستىدە تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ باراتتى، ئۇ، ياشلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ «مىلتىق ئاتالامسەن، مىلتىق ئېتىلسا قورقامسەن، ئۇرۇشتىن قورقامسەن، نېمىشقا بىر باغلام سۈپۈرگىنى سۇندۇرغىلى بولمايدۇ؟ بىر تالنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشتىن قورقماسلىقتەك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، مىلتىقنى قارىغا ئېلىش، ئېتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتەتتى. ئىشچىلار، دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ باج، ئالۋان - سېلىق، بۇلاش - تالاش، زورلۇق - زومبۇلۇق، قاماش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلاب قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئازادلىق تەشكىلاتقا رەسمىي قاتناشمىدى، چۈنكى ئۇ تۈرمىدىن يېڭى چىققاچقا ساقچى ژاندارمىلارنىڭ زەھەرلىك كۆزىدىن خالى ئەمەس ئىدى، ئۇ، ھاكىم جاپپاروپ، يارۇللا بىكوپ ئارقىلىق تەشكىلات خىزمىتىگە مۇھىم پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يوشۇرۇن ھالەتتە كۆچكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى تەشكىلات سىرتىدا تۇرۇپ بەزى يولداشلار ئارقىلىق تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى شەخسىيەتچىلىك، مەنسەپخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتىن پۈتۈنلەي خالىي ئادەم ئىدى؛ خۇشامەتچىلىكنى، تاماخورلۇقنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. ئۇ، ئىنقىلابقا مەنسەپ ئۈچۈن، ئابروي ئۈچۈن ياكى پۇل تېپىپ باي بولۇش ئۈچۈن قاتناشقانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى، تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتا كۆپ قېتىم «مەنسەپ بىزنىڭ ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، بىزنىڭ ئىنقىلاب قوزغىشىمىزدىكى سەۋەبلەردىن بىرسى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن زۇلۇمنى يوقىتىش، ئەگەر ھازىر بىز ئۆز مەنسەپىمىزدىن ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان بولساق ئىنقىلاب ئالدىدا خىيانەت ۋە خەلقىمىز ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز، بۇ ۋاقىتتا بىزنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ ۋە تارىخىمىزگە قارا يۈز بولۇپ كىرىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق شەخسىيلەر بىلەن بىزنىڭ جامائەتچىلىكىمىز ھېسابلىشىۋالىدۇ، ئومۇمەن بىزنىڭ ئىدارە خىزمەتچىلىرىمىز خەلق مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن يۇقىرى بىلىپ ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك»، دېگەن ئىدى. 1944 - يىلى 7 - نويابىر كېچىسى، نىلقىدىكى ۋە سۈيدۈڭ تاغلىرىدىكى پارتىزانلار ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى،



نەتىجىدە ئالتە شوئار مەھەللىسى بىلەن ئۈچ دەرۋازىلا ئازاد قىلىنىپ، ئازادلىق تەشكىلات تۇراخۇن دېگەن سودىگەرنىڭ ئۆيىنى شتاب قىلىپ ئاشكارا رەھبەرلىك قىلدى.

7- نويابىر تاڭ سەھەردىلا ئەخمەتجان قاسىمى شتابقا كەلدى، ئۇ، ھېچقانداق ئويلىنىپ تۇرمايلا ئاشخانىغا كىردى. چۈنكى، پارتىزانلار ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاش - تاماقسىز ئىدى، پارتىزانلارغا يېمەك ئۈچۈن ئۇن، ماي، گۆش ۋە تۇز دېگەندەك نەرسىلەر ياردەم ھېسابىدا خەلقتىن كېلەتتى، ئەخمەتجان بۇلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئايىغى - ئايىغىغا تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ شتابقا ئوچاق سېلىپ، قازان ئېسىپ ئاشخانا بەرپا قىلدى، پارتىزانلارنىڭ تاماق يېيىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوت قالاش، ئوتۇن يېرىش، سۇ توشۇش قاتارلىق ئىشلارغا ياردەملەشتى. ياردەمگە كەلگەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلىش بىلەن باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، پارتىزانلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويدى.

1944 - يىلى 12 - نويابىردا گومىنداڭ غۇلجا سېلىكبۇسى بىلەن ۋالىي مەھكىمىسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى، ئارقىدىن «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» تەسىس قىلىندى، گېزىتخانا تېزلىكتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى چىقىرىلىشقا باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاشخانا ئىشلىرىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال گېزىتخانىغا بېرىپ خالىسانە ئابۇرچىك بولدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىشلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، رۇسچە ماتېرىياللاردىن مار-

كسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىنقىلاب مەسىلىسى، ئىنقىلابنىڭ نىشانىسى، تاكتىكىسى، بىرلىكسەپ مەسىلىسى، مىللىي مەسىلە قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىپ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە بېرىپ تۇردى. شۇنداقلا «1 - ئىلىلىق» تەخەللۇسى بىلەن ماقالىلار ئېلان قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا مىللىي مەسىلىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئېلان قىلغان ماقالىلار ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدە چوڭ تەسىر قوزغاپ، خاتالىقلارغا خاتىمە بېرىلىپ، ئىنقىلابنىڭ نىشانى ئايدىڭلاشتى.

«شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتى تەركىۋىدە ئېلىخان تۆرە باشلىق روھانىلار گۇرۇھى، ھاكىم بېگ خوجا باشلىق فېئودال - بۇرژۇئازلار گۇرۇھى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ھېبىبى يۇنىچىلا باشلىق ماركسىزمچى ياشلارمۇ بار ئىدى، ئىچكى جەھەتتە كەسكىن كۈرەشمۇ مەۋجۇت ئىدى. ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ھەققىدە، ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىرنەچچە قېتىملىق يىغىندا بىرلىككە كېلەلمىدى.

ئەھۋالنى ئۇققان ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال ئۆزىنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، يولداش ھېبىب يۇنىچى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىگە سۇندى (ھېبىبى گېزىتخانا مۇھەررىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى)، شۇنداقلا ھېبىبى يۇنىچى ۋاستىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، تولۇق ئىزاھات بەردى. ئىزاھاتتىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەزالىرى تەشكىلىي ئاپپارات تەسىس قىلىشتا، ئەخمەتجان قاسىمى تۈزۈپ چىققان پىلاننى ئاساسەن مۇۋاپىق كۆرۈپ،



شۇ بويىچە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، كەمتەر ئادەم دەپ تونۇلدى.

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا ھۆكۈمەت ئۇنى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى، ئەخمەتجان قاسىمى مەركىزىي ھۆكۈمەت خوجىلىق بۆلۈمىگە كېلىش بىلەن كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەستىن ئىشلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، خوجىلىق ئىشلىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىپ چىقتى، ھەرقايسى ئىدارە - تارماقلار بويىچە مالىيە خوجىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يولغا قويدى. شۇنداقلا ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىدى. «مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي ئىشلار نازارىتىنى بىرقىلىپ بىر نازارەت قۇرۇش» دېگەن ئورۇنسىز پىكىرنى رەت قىلىپ، بۇ ئىككى نازارەت ۋەزىپىسىنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك قارىمۇ - قارشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، نەتىجىدە بۇ ئىككى نازارەت بولۇپ قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرە ئەخمەتجان قاسىمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بىلىپ قويۇڭلاركى ئارىمىزدا مانا مۇنداق گۆھەرلەرمۇ بارىكەن»، دەپ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولغان ئىدى.

1945 - يىلى 2 - ئايدا، «ھۆكۈمەت تەشكىلىي بۆلۈمى ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى» دەپ قاراپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى ھۆكۈمەت مەسئۇل كاپىتانىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ بەلگىلىدى، ئۇ ئاساسەن رۇسچە ماتېرىياللارنى باشقۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ھەربىي ئىشلار ھەققىدىمۇ مۇھىم پىكىرلەرنى بېرىپ، ھۆكۈمەت، رەھبەرلىك بىلەن بىۋاسىتە

ئۇچرىشىپ تۇردى.

1945 - يىلى يانۋاردىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 7 - سانلىق يىغىنىنىڭ قارارىدا:

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ توختاۋسىز ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىدارىسى قۇرۇلسۇن»، دېگەن قارارغا ئاساسەن ھەربىي ئىدارە قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى پالكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي ئىدارە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت رەئىسلىرىدىن تارتىپ ھەربىي خادىملارنىڭ ھەرقانداق ئىشلاردا يېقىن مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى.

بۇ ۋاقىتتا ھەربىي قىسىملار ئاساسەن تارقاق پارتىزان قىسىملىرى ئىدى، پارتىزان قىسىملارنى مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىق ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ مول بىلىم - سەۋىيىسى، تىرىشچانلىقى، رەھبەرلىك سەنئىتى، تەشكىللاتچانلىقى، چارە - تەدبىرلىرىنىڭ موللۇقى، خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 1945 - يىلى 12 - يانۋار 6 - سانلىق يىغىنىدا، ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىنى يولغا



قويۇش قارار قىلىندى، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى 19 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنىدا، 18 ياشقا توشقان گىراژدانلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش قانۇنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى 25 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر يىغىنىدا، ئۇرۇش سېپىدە ۋە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ئوردېن، مېدال بىلەن مۇكاپاتلاش قارار قىلىندى.

ئەخمەتجان قاسىمى گېنېرال ئىسھاقبېك قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇستاۋى بىلەن تەرتىپ ئىنتىزامىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇستاۋدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق، ئوفىتسېر بىلەن جەڭچى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ئوچۇق بەلگىلەندى، ئەسىرلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ بەلگىلەندى.

ھەربىي ئىدارە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇشنىڭ تولۇق تەييارلىق ئىشىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى، 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنى بولۇپ، مىللىي ئارمىيە كوماندىر، جەڭچىلىرى تولۇق قوراللىنىپ پاراتتىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەسىرلەردىن بېرى بىرىنچى قېتىم قولغا قورال ئالغان مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە ئوغۇل - قىز جەڭچىلىرىنى كۆرۈپ، ياشىسۇن مىللىي ئارمىيە! ياشىسۇن بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز! ھەممە فرونت ئۈچۈن! ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن! دېگەن شوئارلارنى كۆككە ياڭراتتى، 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئارمىيە قۇرۇلغان بايرام كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي ئارمىيە باتالىيونىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرگە «ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلىپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپىدە يۈزبەرگەن خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىپ:

«بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز بىر مىللەتكە قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب ئەمەس، ئىنقىلاب شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى بولغان گومىنداڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى قارىتىلغان ئىنقىلاب؛ بىز ۋەتىنىمىزدە پايدىلىق مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەملەر سۈپىتىدە تۇرمۇش قۇرماقچىمىز ۋە قۇرىمىز، بۇ تۇرمۇشتا ئايرىم مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىشكە ۋە خەلقلەرنى پەس كۆرۈشكە ئورۇن بولمايدۇ»، دېگەن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى شىنجاڭدا بىر نەچچە قېتىم قوزغىلاڭلار بولۇپ، بۇلاردىن كۆپىنچىسى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ئەپسۇسكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەغلۇپ بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئارىدا بولگۇنچىلىك قىلىدىغان مىللىي مۇناپىقلارنىڭ، مىللىي ساتقىنلارنىڭ بولۇشى نەتىجىسىدە؛ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللىي زىددىيەت، مىللىي ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇشتەك ھەرىكەت تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان ئىدى، چۈنكى، مىللىي مۇناپىقلار ھەرگىز ئۆزمەنپەئىتىدىن كېچىپ مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئەمەس ئىدى»:



(«ئەخمەتجان قاسىمى تاللانما ئەسەرى» 195، 264 - بەت)

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ دوكلاتى مىللىي ئارمىيە كوماندىرجەڭچىلىرىنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىدىكى ۋە ئۇرۇش قىلىشتىكى نىشانىسى بولۇپ قالدى.

1944 - يىلى 11 - ئايدا قوزغالغان ئىنقىلاب ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن تېز ئىلگىرىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنىپ، 1945 - يىلى 9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ ئوت كۈچىنى ئۈرۈمچىگە قاراتتى، جەنۇب يۆنىلىش قىسمى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا دۈشمەننىڭ قاتمۇ - قات توسالغۇلىرىنى بىتچىت قىلىپ، باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭچىلارنى ئالاقىزادىلىككە چۈشۈرۈۋەتتى.

## خەلق ۋەكىلى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە زور تەسىر قوزغىدى، تاشقورغان خەلقى قوراللىق قوزغىلىپ تاشقورغان، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، نىشانىنى قەشقەرگە قاراتتى. تۇرپان، پىچان، توخسۇن، قۇمۇللاردىمۇ قوزغىلاڭ بولۇپ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئۈشتۈمتۇت زەربە بەردى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردە ئىنقىلابى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ئىچىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. مانا شۇنداق پەيتتە گو-

مىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچ ۋىلايەت «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» دۇنيا تىنچلىق ھەرىكىتىنى قوغداش ۋە يولداش ماۋزېدوڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش چاقىرىقىغا بىنائەن، گومىنداڭ ئۇرۇمچى دائىرىلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 100 - سانلىق يىغىنىدا خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتى، سۆھبەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ۋەكىلى پولكوۋنىك رەخىمجان سابىر ھاجى (ئۆمەك باشلىقى)، ھۆكۈمەت ۋەكىلى ئۇبۇلخەيرى تۆرە، خەلق ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمىلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دەپ قارار قىلىندى ھەمدە بۇ قارار «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بۇ نامسىز قەھرىمانىنىڭ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، ئەخمەتجان قاسىمى كىم، دېيىشىپ سورىشاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قۇدرەتلىك مىللىي ئارمىيىمىز بىلەن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تونىتىپ قويغان ئىدى. «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قۇۋ، ھىلىگەر، تىنچلىق سۆھبىتىدە قانداق بولۇپ كېتەر، ئاققان قانلار بىكار كېتەرمۇ؟» خەلق بۇنداق خىياللارنى ئويلىغىنىدا بەدەنلىرى ئىختىيارسىز شۈركىنۈپ، خىلمۇ -



خىل ئوي - پىكىرلەردە بولۇشقانىدى.

※ ※

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى بەلگىلەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، جاڭ جىجوڭ 1945- يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋەكىللىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

شەرقىي تۈركىستان تەرەپ ۋەكىللىرىدىن رەخىمجان سابىرھاجى، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار 10 - ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغان ئىدى، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيەت رەسمىيەتلىرىنى تاپشۇرغانىدىن كېيىن، بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى.

سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىغا قارىتا ھۇجۇم قىلىپ، تېرە تاراقلىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە ھەيۋە قىلدى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ 12 ماددا، 5 تارماقلىق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لايىھىنىڭ مەزمۇنىدا: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، سۆز، ھەرىكەت، نامايىش قىلىش، يىغىن ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» تىن ئىبارەت گومىنداڭنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق ئاتالمىش دېموكراتىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بىر ئاي ئىچىدە ۋەقە يۈز بەرگەن رايون (ئۈچ ۋىلايەتنى دېمەكچى) نىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

يېزىلاردىكى ئەسلىدىكى باۋجا (نوپۇس) تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ناھىيىلىك كېڭەشلەرنى قۇرۇش، ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق قىسىملارنى (ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى دېمەكچى) تارقىتىۋېتىش، ئۈچ ۋىلايەت قانۇنسىز ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېيىلگەن ئىدى.

گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، سۆز قىلىش نۆۋىتى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە كەلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ۋەكالىتەن سۆز باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 2 ماددا، 12 تارماقلىق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ئىككى لايىھە بىر - بىرسىگە تۈپتىن قارىمۇ - قارشى بولۇپ، ئىختىلاپ ئاساسەن يەرلىك مۇختارىيەت، سايلام ئۆتكۈزۈش، مىللىي قىسىم قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىپادىلەندى.

كەسكىن كۆرەشلەر ئارقىلىق، گومىنداڭ ۋەكىللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

«مىللىي ئارمىيە قۇرۇشتا مىللىي شەكلىنى ساقلاش، ئەسكەر سانىنى كۆپەيتمەسلىك، ئامانلىق ساقلاش پولكى تەشكىللەشنى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش، بۇ قىسىملارنىڭ كەم سانىنى يەرلىك مىللەتلەردىن تولۇقلاش، تەلىم - تەربىيە، بۇيرۇق، كوماندىلار شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا بولۇشنى پرىنسىپ قىلىش؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم، ئات، قورال - ياراق سانى، مىللەت تەركىبى، شتاتى، تۇرىدىغان ئورنى، كېيىنكى تەمىنات مەسىلىسى قاتارلىق كونكرېتنى ئىشلارنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ».



ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەسىلىسى: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى 25 نەپەر بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 نەپىرى مەركەزدىن تەيىنلىنىدۇ، بۇ، ئۆلكە رەئىسى، نازىر، باشقارما باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قالغان ھەيئەتلەردىن ئالتە نەپىرىنى ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدۇ، قالغان توققۇز نەپىرىنى يەتتە ۋىلايەت كۆرسىتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

سۆھبەتتىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە سۆھبەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، گومىنداڭ تەرەپىنىڭ سۆھبەت جەريانىدا ھەقىقەتەن تىنچلىق سەمىمىيىتى يوقلۇقىنى، ئاغزىدا «تىنچلىق» دەپ، ئەمەلىيەتتە شۇم غەرەز پىلانلاۋاتقانلىقىنى، «تىنچلىق سۆھبەت» دەپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى بىردەك تەكىتلىدى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 114 - سانلىق يىغىنىدا، ئۈچ ۋىلايەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا ئورگان، ھەربىي كېڭەشنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، كېڭەش باشلىقىغا ھۆكۈمەت رەئىسى، مارشال ئېلىخان تۆرە؛ ئەزالىرىغا گېنېرال لىتىنانت ئىسھاقبېك، گېنېرال، مايور پالىنوپ، پولكاۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى، پولكاۋنىك كېرىم ھاجىلار تەيىنلەندى، مەركىزىي ھۆكۈمەت «ئورگان ھەربىي كېڭەشى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالسۇن»، دەپ بېكىتتى.

ۋەكىللەر 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 2 - قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 14 ماددىلىق لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، لايىھىنىڭ مەزمۇنى: ئۆلكە رەئىسى يەرلىك مىللەتلەردىن سايلىنىشى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي قىسىم تەسىس قىلىنىشى، گومىنداڭ سىياسىي ساقچى قىسىملىرى بىكار قىلىنىشى، 1944 - يىلىدىن بېرى شىنجاڭغا كىرگەن گومىنداڭ قىسىملىرى شىنجاڭدىن قايتۇرۇپ كېتىلىشى قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئىختىلاپ ناھايىتى زور بولدى، تالاش - تارتىشنىڭ ئاساسى نۇقتىسى «ئەركىنلىك» «دېموكراتىيە»، «تىنچلىق»، «بىرلىك» مەسىلىسىدە بولدى. گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئالدى بىلەن «تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كېلىش»، ئاندىن «ئەركىنلىك بىلەن دېموكراتىيە» دېگەن سۆز ئېچىشتا چىڭ تۇردى، گومىنداڭچىلارنىڭ دېگىنىچە بولغاندا ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش، قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش، مىللىي ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى تارقىتىۋېتىش، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى شەرت قىلىپ ئاندىن «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆھبەتتە گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە پاش قىلىپ تاشلىدى. 2 - قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىپ بېرىپ ھۆكۈمەتلىرىگە دوكلات قىلدى.



ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىگە سۆھبەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، غۇلجىدىكى ھەرمىللەت كادىرلىرىغا سۆھبەت ئەھۋالىنى يەتكۈزدى.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆھبەت جەريانىنى دوكلات قىلىپ: «گومىنداڭچىلار تىنچلىق دېدى، بىز ئەركىنلىك دېدۇق، گومىنداڭچىلار بىرلىك دېدى، بىز دېموكراتىيە دېدۇق: خەلقىمىز ئويلىغاندەك گومىنداڭچىلار قۇۋ، ھىيلىگەر، ئۇچىغا چىققان ئالدامچىلار ئىكەن، بىراق قۇۋ - ھىيلىگەر، ئالدامچىلىقنى بىتچىت قىلىدىغان خەنجەر بىزدە بار، ئۇ خەنجەر — ھەقىقەت. بىز ھەقىقەت ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ھىيلە - مىكرىسىنى بىتچىت قىلدۇق، 120 سائەتلىك سۆھبەتتە گومىنداڭچىلار بىزنى 60 سائەت توپقا تۇتتى، بىزمۇ تەييارلىق قىلىپ 60 سائەت توپقا تۇتتۇق. گومىنداڭچىلار خېلى جىم بولدى»، دېدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن 3 - قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى مەسىلىلەردە يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەزمۇن قىلىنغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ 1 - سى ئىمزالاندى.

1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىككى تەرەپ 4 - قېتىملىق سۆھبەتنى ئۆتكۈزدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللى

رى مىللىي ئارمىيە توغرىسىدا تۈۋەندىكى لايىھىنى ئوتتۇرغا قويدى:

1 ـ مىللىي قىسىملارنى 13 پولك قىلىپ تەشكىللەش، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرغاندىن سىرت يەنە ئۈرۈمچى، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇش؛ ئۈرۈمچىدە قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىش، ئۇنىڭ قوماندانى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىش، بۇ قوماندان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش.

2 ـ 1944 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭغا كىرگەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنى قايتۇرۇپ كېتىش ھەمدە ئىشپىيونلۇق ئورۇنلىرى بىكار قىلىش، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىشىدىن ئىلگىرىكى سانغا چۈشۈرۈلۈشى (ئىككى پىيادە دىۋىزىيە، ئۈچ ئاتلىق پولك)، يەنى 22 مىڭغا قىسقارتىلىشى لازىم.

ئىككى تەرەپ كەسكىن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ 2 ـ سى ئىمزالاندى. گومىنداڭ ۋەكىللىرى سۆھبەت جەريانىدا ئامالسىز قېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى «چەت ئەل ئادىمى» دەپ دوق قىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن ماۋزۇدا، «1 ـ ئىلىلىق» تەخەللۇسى بىلەن گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلدى.

11 ماددىلىق بىتىم ۋە قوشۇمچە ئىككى ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ بىتىم لايىھىسىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىگە تاپشۇردى، ھۆكۈمەت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ، ماددىلار بويىچە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا دوكلات قىلىپ:

«بىرلىك، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ئەمەلدە تونۇماق كېرەك ۋە ئۇ ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەك كېرەك، ئاندىن كېيىن ئۆزگىدىن ھۆرمەتنى كۈتمەك كېرەك، دېمەك، مۇشۇ پوزىتسىيىدە تۇرغۇچىلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ، بۇ پوزىتسىيىدە بولمىغانلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىدۇ، تەبىئىيكى مۇستەبىتچىلەر بۇ پوزىتسىيىدە بولالمايدۇ، ئۇلار بىزگە ھەر قاچان دۈشمەنلىك قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، خەلقىمىزنىڭ تەلىپى تەمىن ئېتىلسە تىنچلىققا كېلىش تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. بىز مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ تالاشقاندىن كېيىن، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تىنچلىق دېگەن ئىدۇق. جاڭ بۇجاڭ ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلدۇق. نەتىجىدە تىنچلىق، بىرلىك تەمىن ئېتىلدى. ئەمدى پۈتۈن ئۆلكىمىزدە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق تەمىن ئېتىلىشى لازىم» دېدى.

(«زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرى ۋە ئالدىمىزدىكى سايلام ئىنقىلابى»، «شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» 1946 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر 564 ـ بەت، 77 ـ سان)

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قوراللىق قىسىملارنى ئۇيۇشتۇرۇشتا شۇنداقلا سۆھبەت داۋامىدا باشتىن - ئاخىرى ئېغىشماستىن خەلق مەنپەئىتى

مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، ئىستىپاقلىقى ئۈستىدە كۆرەش قىلىپ، ھۆكۈمىتىمىز تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئازادلىق ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىپ، «11 ماددىلىق بىتىم بىلەن قوشۇمچە ئىككى ھۆججەتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن»، دەپ قارار قىلدى، شۇنداقلا «رەخىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملارنى بىتىمگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلسۇن»، دەپ قارار قىلدى، بۇ قارارغا ئاساسەن ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 11 بىتىم ۋە قوشۇمچە ئىككى ھۆججەتكە ئىمزا قويدى.

گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا، ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەي ۋاقتىدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۈرمىدىن بوشىتىش ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، نەتىجىدە تۈرمىدىكى 134 نەپەر كوممۇنىست قاماقتىن بوشىتىلىپ، يەنئەنگە قايتۇرۇلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ماركسىزمچى ياشلار، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرىنىڭ خاتالىقلىرىغا نىسبەتەن بىر قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىدى، ئەمما ئېلىخان تۆرە خاتالىقىنى تۈزىتىش تەرەپدارى بولمىدى، شۇڭلاشقا ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.



## 11 ماددىلىق بىتىم ئۈستىدە كۆرەش

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 9 - ماددىسىغا ئاساسەن، ئۆلكىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، گومىنداڭ تەرەپتىن: ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجوڭ، ئىچكى ئىشلار نازارىتى نازىرلىقىغا ۋاڭ زېڭشەن، باش كاتىپلىققا ليۇ مىڭچۇەن، مالىيە نازىرلىقىغا لىيويۇن، تەمىنات سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا گوجىيەنجى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا چۈي ۋۇ، ئەزالىقىغا گۇەن زىليەنگلار تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن: مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا سەيپىدىن ئەزىزى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ، سەھىيە باشقارما باشلىقلىقىغا دەلىلخان سۇگۇربايېف، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئوسمان، ئىسھاقبېكلار تەيىنلەندى.

يەرلىكلەردىن: مۇئاۋىن رەئىسلىككە بورھان شەھىدى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سالىس، تەمىنات سودا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا مەمتىمىن بۇغرا، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا سەي زۇڭشەن، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ماتىڭشاڭلار تەيىنلەندى.

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىمگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 324 - سانلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ

بىرلىغان سۆھبەت ئەمەلگە ئېشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۈمىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇشبۇ كېلىشىمگە ئاساسلىنىپ كەلگەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت رىياسىتى» 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن ئېتىبارەن «ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەشمىسى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ئىلى ۋالىي مەھكىمە كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ھاكىمبەگ خوجا، مۇئاۋىنلىقىغا ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەنۋەر موسابايوپ، مەسئۇل كاتىپلىقىغا ۋاقاس ھاجىلار تەيىنلەندى، كېڭەشمە ئەزالىقىغا جەمئىي 32 كىشى تەيىنلەشنى قارار قىلدى. «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە نەشىر ئەپكارى بولۇپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى نازارەت، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىگە ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى.

11 بىتىمنىڭ 1 - ماددىسىدا: «بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەر بىر ناھىيىدىكى خەلق كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەيدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قارار قىلىپ، مۇئاۋىن رەئىس بورھان شەھىدى، مەتتىمىن بۇغرا، سەيپىدىن



ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئەيسالار سايلام ھەيئىتى باشلىقى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ سايلام خىزمىتىنى يۈرگۈزۈش ھەم باشقۇرۇش ئۈچۈن، 1946 - يىلى 10 - ئايدا يۈرۈپ كەتتى. خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سايلام خىزمىتى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى خەلق ئۆزى سۆيگەن كىشىلەر قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنى ئوچۇق - ئاشكارا باستۇرۇشقا ئۆتتى.

1946 - يىلى 11 - ئايدا نەنجىڭدە گومىنداڭنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئۆلكىدىن جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، 16 - كۈنى شاڭخەيگە بېرىپ بەش كۈن تۇردى، بۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى شاڭخەي ئىشچىلىرى، قولۋاقچىلار، ئارتىستلار، رىكشىچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى كۆردى، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ دوست بولۇشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلتاي روھىنى ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا يەتكۈزۈپ:

«بىز ئۆلكىدىن ۋەكىل بولۇپ قۇرۇلتايغا باردۇق، قۇرۇلتاي گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلىشى كېرەك ئىدى، قۇرۇلتايدا سىياسىي كېڭەشلەردە تەستىقلىنىپ ئۆتكەن قانۇن لايىھىسىنى كۆرۈپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى، لېكىن، كوممۇنىستىك پارتىيە مەتبۇئاتىنىڭ يېزىشىچە، قۇرۇلتاي ئېچىلىش ۋاقتىدا گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى لايىق تاپمىغاچقا قۇرۇلتاي يالغۇز گومىنداڭنىڭ خاھىشى

بويىچىلا ئېچىلدى، نەتىجىدە گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك
پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم بۇزۇلۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە
ئىشغال قىلغان جايلارغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن
كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلتايغا قاتناشمىدى. گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان
ئاساسى قانۇننىڭ بىزنىڭ ئۆلكىگە دائىر جايلىرىنى بىز
قۇرۇلتايدىن قايتىپ كېلىپ بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتكەن
ئىدۇق. تەبىئىيكى، قۇرۇلتاي ۋاقتىدا بىز خەلقچىل تۈزۈمگە
ئاساسلانغان قانۇننى قوبۇل قىلىشقا چېلىشقان بولساقمۇ،
لېكىن بىز ئۆلكە ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا قاتناشقان
گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى تەشكىل
قىلغاچقا، بىزنىڭ ئۇلارغا گېپىمىز تەسىر قىلمايتتى. قۇرۇل-
تايدا بىزنىڭ توغرا پىكىرلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارغا
ئېلىنمىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
بىز قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئەكسىيەتچى ئاساسى
قانۇننى ئىنكارمۇ قىلمىدۇق، ئېتىراپمۇ قىلمىدۇق. خەلقى-
مىزنىڭ ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىشىغىلا تاشلىدۇق»،
دېدى.

(«ئىتتىپاق ژورنىلى» 1949 - يىلى 2 - سان. 241 - بەت)

يەتتە ۋىلايەتكە بارغان سايلام ھەيئەتلىرى ئۈرۈمچى-
گە قايتىپ كەلدى، سايلام يەتتە ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە بولدى،
ئۇلار سايلامدىن كېيىن بۇزغۇنچىلىق قىلىش، سۇيىقەست
قىلىشتەك جىنايەت ھەرىكىتىگە ئۆتتى، شۇندىن كېيىن
ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆلكە رەئىسى جاڭ
جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇت



سابىرلار 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى سايلام خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن
يولغا چىقتى. 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جاڭ
جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملار خوتەنگە يېتىپ باردى، خوتەن
خەلقى بۇ سۆيۈملۈك رەھبەرنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق
بىلەن قارشى ئالدى.

خوتەننىڭ سايلامدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى ناھايىتى
كەسكىن ئىدى، گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى
ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، چەت جايلاردىن ئوغ-
رى، بۇلاڭچى قاتارلىقلارنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، خەلقنى
بۇلاپ - تالاپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. «يوقالسۇن ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى»، «يوقالسۇن ئىلى قىزىل پاچاقلىرى»
«يوقالسۇن ئەخمەتجان قاسىمى» دېگەندەك ئەكسىيەتچى شو-
ئارلارنى توۋلىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە خوتەندە 30
مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا ئۆتكەنكى
سايلامنى «توغرا» دېگۈچىلەر بىلەن «خاتا» دېگۈچىلەر قول
كۆتۈرۈپ، ئاۋازغا قويغاندا «توغرا بولدى»، دەپ قول
كۆتەرگۈچىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى...

شۇندىن كېيىن ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
سۆز قىلىپ، گومىنداڭ دېموكراتىيىسىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن،
«ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز
بېرىشىگە ئاساسەن ھەل قىلىدۇ»، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن
مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقتى، ئۇ،
سۆزىدە «جاپاكەش خوتەن خەلقى سىلەر تارىختا ئەڭ كۆپ
ئېزىلگەن خەلق، نامراتلىقنىڭ دەردىنى ئەڭ كۆپ تارتقان
خەلق، شۇڭا سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ توغرا، ئادىل، خەلقپەر-

ۋەركىشلەرنىڭ قولىدا بولۇشقا بەكمۇ موھتاج، بىز ئۆتكەنكى سايلامنى ھىمايە قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قوللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق؛ خۇددى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بويىچە ھەل قىلىدۇ»، دەپ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. قانچە كۈندىن بېرى خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن قورچاق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار، يەرلىك ئەكسىيەتچى، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلار راسا دەككىسىنى يەپ، ھەيۋىسى سۇنۇپ، ئوغرى مۈشۈكتەك يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كېتىشتى. خوتەن خەلقى «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى!»، «ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!» دەپ شوئار توۋلاپ، مەيداننى زىل - زىلىگە كەلتۈردى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قەشقەر خەلقىنىڭ چوڭ نارازىلىق نامايىشى ئۈستىگە كەلدى، جاڭ جىجۇڭمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆز قىلدى. ئەخمەتجانمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆز قىلدى. قەشقەر خەلقى جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزىگە نارازى بولدى، بولۇپمۇ زىيالىيلار جاڭ جىجۇڭغا سوئال قويۇپ، ئوچۇق جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق تۇردى، پىكىر - تەلەپ بىلەن نەچچە كۈنگىچە سوزۇلۇپ، جاڭ جىجۇڭ ئېخىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ ئەخمەتجان قاسىمىنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭغا: «جانابى رەئىس، سىز ئاددىي خەلق ئالدىغا چىقىپ خەلقنىڭ قويغان ھەق سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن نېمانچىلا قورقىسىز، خەلق ماڭا سوئال قويغان بولسا، مەن ھېچبىر تىكسىرقىماستىنلا توغرىسىنى



دەپ خەلقنى قانائەتلەندۈرگەن بولاتتىم؛ بىراق خەلق سىزدىن سوئال سوراۋاتىدۇ، ئەگەر سىز ئۈچۈن مەن توغرا جاۋاب بەرسەم سىز تېخى چىدىماي قالىسىز»، دېدى. ئاخىرى جاڭ جىجۇڭ بولالماي ھەربىيلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە قايتىپ، لەنجوغا بېرىپ، جاڭ جېيشىغا ئىستىپا خېتىنى يازدى. جاڭ ئەپەندى يەتتە ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قارا كۈچىنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانلىقىنى، مۇستەبىت سىياسەتكە چاك - چېكىدىن دەز كەتكەنلىكىنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ كۈچكە ئايلانغانلىقىنى ۋە بۇ كۈچنىڭ كۈن ساناپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭدىن كېتىشى، گومىنداڭچىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

1947 - يىلى 1 - ئاي ئىچىدە تۇرپان ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىنلەشتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يالغاندىن بانا ئويدۇرۇپ چىقىپ، تۇرپان خەلقى ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئايرىم بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى قوترىتىپ، «قوزغىلاڭچىلار» نامى بىلەن تاغقا چىقاردى. بۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئۆزلىرىنى «قوزغىلاڭچىلار» دەپ ئېلان قىلىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنى ھەدەپ قوترىتىپ، تاياق - توخماق كۆتۈرۈپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا تەييارلاندى. گومىنداڭچىلار ھەدەپ تۇرپانغا ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇنداق جىددىي ئەھۋالنى بىلىپ

تۇرۇپ، خېنىم - خەتەرگە قارىماي 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەخىمجان سابىر ھاجىيوپ بىلەن تۇرپانغا يېتىپ باردى. كوچىلاردا خەلق توپلىنىپ بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى، تۇرپان خەلقى ئەخمەتجان قاسىمىنى پىكاپ بىلەنلا يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ خېلى يەرگىچە ماڭدى ۋە «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»، «ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!»، دەپ شوئار توۋلىدى.

بۇنداق قىزغىنلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئوغسىنى قاينىتىۋەتتى، ئەخمەتجان قاسىمى دۈشمەن ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماستىن تۇرپاندا ئۈچ كۈن تۇردى، تۇرپان خەلقىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرۈش تىلەك - ئارزۇسىغا بىنائەن ئۈچ كۈن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپان خەلقى ياسىغان سەھنىدە تۇرۇپ:

«تۇرپان - بىر پاتمان، تۇرپان خەلقى دۇنياغا تونۇلغان، سىلەرنىڭ مېنى بۇنچىلىك قارشى ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئىشلىرىڭلارغا مەدەت بېرىش روھى بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن»، دېدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى تارمار قىلىندى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يەتتە ۋىلايەتنى كۆزدىن كۆچۈرۈشى، يەتتە ۋىلايەت خەلقى ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس مەدەت بولدى، 11 ماددىلىق بىتىمدىن قىسمەن بەھرىمەن بولغان خەلق، بىتىم بۇزۇلۇش بىلەن تەخىر قىلىپ تۇرالمىدى، تۇرپان، توقسۇن، پىچان، قۇمۇل خەلقى يولداش ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئىمىن نىياز، سېيىت باتۇر باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتەردى.



## ئىمران بۇركۇت

11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىش بىلەن شىنجاڭدا ئىككى تۈرلۈك كۈرەش پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بىرسى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى 11 بىتىمنى تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلغۇچىلار، بۇ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئىككىنچىسى گېنېرال سۇڭ شىلىيەن باشچىلىقىدىكى قارا كۈچ، بۇ قارا كۈچ 11 بىتىمگە قارشى بولۇپ، ئازچىلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى. بىتىمدىن كېيىن سۇڭ شىلىيەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ماكىنان بىلەن بىرلىشىپ، باندىت ئوسماننى پۇل، مەنسەپ بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ئاغدۇرمىچىلىق، باندىتلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، بىراق ئۇ مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدە تارمار قىلىندى.

1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خەلق ئاممىسى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 11 بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى ۋە 72 سائەت ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سۇڭ شىلىيەننىڭ قۇترىتىشى بىلەن 22 - كۈندىكى نامايىشقا قارشى ئەكسىيەتچىل نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلدى، نامايىشچىلار يوقالسۇن «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى»، «يوقالسۇن ئەخمەتجان قاسىمى» دېگەن رېئاكسۇن شوئارلارنى توۋلىدى، بىتىمنى بۇزۇشنى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلاپ، «25 - فېۋرال

قانلىق ۋەقەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

11 ماددىلىق بىتىم ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سەۋىرچانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە بىرىلغا بارالىدى، 25 - فېۋرال ۋەقەسىدىن كېيىن 30 - ئىيۇندا گومىنداڭچىلار ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھۇجۇم قىلدى، 22 - ئىيۇلدا قەشقەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن خادىملارنى تۇتقۇن قىلدى، شۇنداقلا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى 21 - مايدا مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنداق ھەرىكەت بىتىمگە خىلاپلىق بولۇپ، بىتىمنى بۇزغانلىق ئىدى. ئارقىدىنلا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئۇقتۇرماستىنلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭغا قارىتا ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال بايانات ئېلان قىلدى، باياناتتا: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى سىياسىي ئۆزگىرىش دەپ ئېيتالمايمىز، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىز تولۇق قوبۇل قىلالمايمىز»، دېيىلگەن ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 بىتىمنى ئوچۇقتىن ئۇچۇق بۇزدى، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى.

## تۈزەلمەيدىغان ئىپلاسلارنى نېمە قىلىش كېرەك؟

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى جاھىللار گۇرۇھى بىتىمنى بۇزغاندىن كېيىن، گېنېرال سوڭ شىلىيەن بىلەن ئامېرىكا



كونسۇلى ماكېنان ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى ئىچىدىن بۇزۇپ، قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن باندىت ئوسماننى پۇلغا سېتىۋېلىپ، قورال - ياراق بېرىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدۇردى، باندىت ئوسمان كۆكتوقاي، سارسۇمبىلەرنى بېسىۋېلىپ، ئالتاي خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ، ئۆلتۈرۈپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئالتاي، تارباغاتاي قىسىملىرىمىز خەلق بىلەن بىرلىشىپ باندىت ئوسماننى ئالتايدا تارمار قىلىپ، ئالتاينى قايتۇرۇۋالدى. ساۋەندە قالىبەك، تاكمان باندىتلىرىمۇ ئەجەللىك زەربىسىنى يەپ، تارمار قىلىندى، ئۈچ ۋىلايەتكە ئىشپىيون - جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ، ئىچىمىزدىن مىللىي مۇناپىقلارنى تاپماقچى بولدى.

1947 - يىلى 23 - ئىيۇلدا ئەخمەتجان قاسىمى «تۈزەلمەيدىغان ئىپلاسلارنى نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن باياناتىنى ئېلان قىلدى، باياناتتا: گومىنداڭ ساقچى ژاندارمىلىرىنىڭ تەربىيىلىگەن ئىشپىيون - جاسۇسلىرىنىڭ پەسكەش، ئىككى يۈزلىمىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرى ئىسپات كەلتۈرۈلۈپ، تۈزەلمەيدىغان بىر ئىپلاسنىڭ قىلمىش - جىنايەت ھەرىكىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ، «مەن بۇرۇن جىنىڭ ۋۇچۇدا خىزمەت قىلاتتىم، بۇرۇن قارا سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ تۇرغاچقا خىزمەت قىلماسقا ئىلاجىم يوق ئىدى، مەن خەلققە قارشى خىزمەت قىلدىم، ئەمدى يېڭى ھۆكۈمەت مېنى پالانى جايغا ساقچى ئىدارە باشلىقىغا بەلگىلەپتۇ، مەن ئۆتمۈش ئىشلىرىم ئۈچۈن تۆۋە قىلدىم. ئەمدى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دەپ ماڭا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. يېقىندا چۆچەككە بار-

سام شۇ مۇناپىق ئۆز ئانىسىنى بىر كىشى بىلەن ئۈچ، تۆت تاغار چاي، بىر ئاز پۇل بىلەن چۆچەككە يولغا ساپتۇ، ئۇلارغا تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرى:

1 - چۆچەك ۋىلايىتىدىكى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ، ھاكىملارنىڭ ئىسمى، مىللىتى؛

2 - چۆچەكتە قانچىلىك ئەسكەر بار، قوراللىرى قانداق، قەيەرگە جايلاشقان.

3 - ھەممەتسىزرەك، ۋىجدانسىزراق رەھبەرلەرنى، ئاڭسىزلارنى سېتىۋېلىپ تەرەپبازلىق تەشكىل قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا بۇزۇش ھەرىكىتى قىلىش.

بۇ، پەس تەبىئەتلىك ئۆزىنىڭ قېرى ئانىسىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىچە، شۇ سوئاللارنى ماڭىلا بەرسە، مەن مۇشۇ جايىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتىم.

چۆچەك ۋىلايىتى قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تاتار، ئۆزبېك مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان، مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، بۇ ۋىلايەت ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھاكىملارشۇ يەرلىك خەلقتىن سايلانغان. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە: چۆچەكنىڭ ۋالىيسى باشباي (قازاق)، مۇئاۋىنى قاسىمخۇن (ئۇيغۇر)، ئالىمجان (ئۆزبېك)، ساقچى ئىدارە باشلىقى ئابلىز (ئۇيغۇر)، مۇئاۋىنى ئەخمەتقان (قازاق).

ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب: چۆچەك ۋىلايىتىدە ئۈچ پولك ئەسكەر تۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئىككىسى پىيادە، بىرسى ئاتلىق پولك.

ئۈچىنچى سوئالغا جاۋاب:

ھەممەتسىز، ۋىجدانسىز، شىلىنىدىغان رەھبەرلەردىن ئۇيياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئوخشاش پەس تەبىئەتلىك مۇ-



ناپىقلار تېپىلمايدۇ، ئىختىسادىي ئەھۋالغا كەلسەك، بىر باشبايىنىڭ ئۆزىلا بۇنداق مۇناپىقلاردىن بەش - ئالتىنى سېتىۋالالايدۇ. ئەگەردە ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پەسكەشلەرگە كېرەك بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىدارىلىرىگە ئالاقە يازسا تولۇق جاۋاب بېرىدۇ».

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يۇقىرىدىكى باياناتىنى ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە قوراللىق قىسىملار ئىچىدە ئاجايىپ تەسىر قوزغىدى، مىللىي ئىتتىپاقلىق كۈچەيدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، ئىشپىيون- جاسۇسلارغا بولغان غەزىپى چەكسىز ئاشتى. ئارمىيە، ساقچى ئورۇنلار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، بىرھەپتە جىددىي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى مىللىي مۇناپىقلارنى تەلتۆكۈس تازىلىدى. دۈشمەننى، مەيلى ئاسماندىن، مەيلى قۇرۇقلۇقتىن كەلسۇن ئۈچ ۋىلايەت تۇپرىقىغا قەدەم باسقۇزمىدى، ئۈچ ۋىلايەتتە «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان» قۇرۇلۇپ، مۇستەھكەم پولاتتەك رازۋېت تورى شەكىللەندى، دۈشمەننىڭ قوراللىق، قوراللىسىز قىلغان پاراكەندىچىلىكى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

## شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىتتىپاقنى بۇزغاندىن كېيىن، يەتتە ۋىلايەتتىن ئۈرۈمچىگە سىياسىي كېڭەش مەجلىسىگە كەلگەن بىر تۈركۈم ئەزالار ئۆز جايىغا كېتەلمىگەنلىكتىن، غۇلجىغا

قايتىپ كەلگەن ئىدى، ئەخمەتجان قاسىمى بۇ كىشىلەرگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن سودا خاراكتېرلىك شىركەتلەر قۇرۇپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنۇنوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، رەخىمجان سابىرھاجى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ئەنۋەرخانبابا، ياسىن خۇداۋەدى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەندىكى كۈرەش تەجرىبە - ساۋاقلارنى تەتقىق قىلىپ، توغرا يەكۈن چىقاردى. بۇندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشتا شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەتتە ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۇيۇشقان ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرەر تەشكىلات قۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ھەممە بىردەك تونۇدى. شۇنداق قىلىپ 1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتا، غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى.

ئىتتىپاقنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسى:

«ئۆلكىدىكى بارلىق مىللەت، سىنىپ، ئىلغاركىشىلەر بىرئىلغار تەشكىلات سېپىگە ئۇيۇشۇپ، ئۇلارنى ئىنقىلابى ئىنتىزام بىلەن باغلاپ، خەلقنىڭ تەشكىللىك، بۈيۈك بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆلكىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارغا، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، قۇللۇق سىياسىتىگە، مىللىي ئەكسىلئىنقىلابى ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆلكە خەلقىنى زۇلۇمدىن



ئازاد قىلىپ ئەركىن، باراۋەر، ھوقۇقلۇق خەلقچىل ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت» ئىدى.

ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ ئۆزىنىڭ تەشكىلى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى، كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىتتىپاق، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابتىن بۇرۇن قۇرۇلغان ۋە شۇ دەۋىردە مەۋجۇت بولغان «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى»، «ئازادلىق تەشكىلاتى»، «خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە»، «شىنجاڭ خەلقچىل بىرلەشمىسى» قاتارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەشكىلاتلارنى ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىتتىپاق 1949 - يىلى ئاۋغۇستتىكى 30 - سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا، مىللىي مەسىلە توغرۇلۇق مەخسۇس قارار ماقۇللىدى. قاراردا:

«1 - مىللىي زىددىيەت ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قارشى قارىتىلغان ۋە بىزنىڭ خەلقچىل يولىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، دەپ قارالسۇن؛ 2 - باشقا مىللەتلەرنى ھاقارەتلەش، بوزەك قىلىش، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر قەبىھ جىنايەت، دەپ تونۇلسۇن؛

3 - مىللىي زىددىيەت ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارغا قارشى ئەمەلدە، سۆزدە كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ۋە ھەر بىر ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ ئۇتۇقلارنى قول-

غاكەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىدە ناتوغرا ھەرىكەتلەرگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن؛ خەلقنى، مىللىي دوستلۇق، مىللىي باراۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەشتە ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ زىرىكمەستىن ئىشلەشلىرى، تەشۋىق - تەربىيە خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن»، دەپ كۆرسىتىلدى.

ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرمىللەت ئىچىدىكى ئىلغارلار، زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان 77،394 نەپەركىشىنى ئىتتىپاق تەشكىلات سېپىگە ئۇيۇشتۇردى، ئىتتىپاق ئۆز ئەتراپىدا تايانچلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاساسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ باردى.

ئىتتىپاق، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتتە ئەسلىدىن ئاساسى بولمىغان، ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە ۋاقىتلىق پۇل سىستېمىسى يولغا قويۇلۇپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەن پۇل ئوبوروت سىستېمىسى يولغا قويۇلدى، سانائەت، دېھقانچىلىق، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ھەيئەتلەر تەشكىل قىلىنىپ ۋىلايەت، ناھىيە، رايون ۋە بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ئاشۇرۇلدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ دېھقانچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى، ياپلاق قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى



ئېلىپ بېرىلدى، بانكا قۇرۇلۇپ دېھقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان باج تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى دۆلەت ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارە - تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجى شۇنداقلا مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتتە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، غۇلجىدىكى بىلىم يۇرتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇتقۇچىلىق، ئاگرونوم، تېخنىكا، مال دوختۇرلۇق قاتارلىق كەسپىي سىنىپلار تەسىس قىلىنىپ، مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. غۇلجا شەھىرىدە تىببىي تېخنىكوم، دارىلئېتام قۇرۇلۇپ، يېتىم بالىلار دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇدى. ۋىلايەتتە شەھەردىن تارتىپ، يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرىگىچە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولدى، ۋىلايەت، شەھەر ۋە رايونلاردا دوختۇرخانا، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت مائارىپى ئەخمەتجان قاسىمى كۆرسەتكەن نىشان بويىچە تېز ئىلگىرىلىدى، ئۇ، دائىم شەھەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاقلارغىچە بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئوقۇش ئىشلىرىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

1949 - يىلى كۈزدە غۇلجىدا مەكتەپ سانى 342 گە، سىنىپ سانى 1321 گە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1413 گە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 39269 نەپەرگە يەتتى.

دېمەك، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتە ئاتاقلىق قوماندانلار، سىياسىي ئەربابلار، خەلق قەھرىمانلىرى، دوختۇرلار،

ئىنژېنېرلار، ئاگرانوم - تېخنىكلار، ئەدىبلەر، يازغۇچى - شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەخمەتجان قاسىمى كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىگىلىك يارىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ تۈگىتىش قارا نىيىتىنى تارمار قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كىرىمى ئۆز ئۆزىدىن ئېشىپ باردى.

## جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈن دۆلەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن، يەنى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان خەنزۇ خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئەزەلدىنلا بىر دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ئىنتېرناتسىئونالىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەشكە قارىتىپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىدىغان، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنى ھىمايە قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىپ، دۆلەت قوينىغا قوشۇشتا جان - دىل بىلەن ئىشلەيدىغان زور بىر تۈركۈم كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشقا قاراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى غۇلجىدىكى ساقچى كادىرلىرى يىغىنىدا ۋەزىيەت ئۈستىدە دوكلات قىلىپ، «بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ»، دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى «كەلگۈسى ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى ئاساسى پۈتلىكاشاڭ چوڭ - كىچىك مىللەتچىلىك»، دەپ



قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بىر قانچە سىياسىي خاراكتېرلىك ماقالىلارنى، يەنى «تۈزەلمەيدىغان ئىسپلاسلارنى تېمە قىلىش كېرەك»، «ئۇلۇسچىلار كىملەر ۋە ئۇلار ئۆز مىللىتىگە قانداق خىيانەت قىلىدۇ»، «ئىنسانلار ھوقۇقى نىقابى ئاستىدا ئىنسانلار ھوقۇقىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى»، «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» غا ئوخشاشلارنى يېزىپ، مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ قۇربان بولغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ماقالە، نۇتۇقلىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى، جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە تەشۋىق قىلىپ كەلدى، نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىگە، ئازادلىق ئۇرۇشقا بولغان تونۇشى ئاشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى جۇڭگودا ئازادلىق تېڭىنىڭ بۇرۇنراق ئېتىشىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بۇرۇنراق يېتىپ كېلىشىنى، كوممۇنىست يولداشلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇشنى، جۇڭگودا تىنچلىق، خەلقچىل، ئىناقلىق، باراۋەرلىك گۈللىرىنىڭ ئېچىلىپ ياشنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. ئۇ، دىڭ لىچۈنگە: «بىز ئۇزاقتىن بۇيان يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشقا

ئېھتىياجلىق ئىدۇق»، دەپ ئۆز يۈرىكىدىكى سۆزىنى ئېيتقان ئىدى.

## ئۇ، مىليونلار قەلبىدە

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خەلققە بولغان ساداقەتلىكى، بىلىمىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى، خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ موللىقى، دېموكراتىك خىزمەت ئۇسلۇبى، ئاددىي ۋە كەمتەرلىكىگە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن خەلق رەھبىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرسى — ئۆگىنىشكە قىزغىن بېرىلەتتى. خىزمەت ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، كۆرگەن كىتابلىرىدىن خاتىرە يازاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، باشقا يولداشلارنىمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇنىڭ ئاممىلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتەلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدى. ئۇ، ھەر قېتىم كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە باشلامچى بولۇپ كەتمەن - گۈرجەكلەرنى ئېلىپ چىقاتتى، ئەمگەك ئورنىدا ئىش تەقسىماتىغا بويسۇنۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ ئەمگەك قىلاتتى، ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايتتى. ئائىلىسىدە بولسا ھەركۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، ئىككى چېلەك بىلەن سۇ ئەكېلىپ ئىدىشلارنى تولدۇرۇپ، كوچا - ئىشىك ئالدى، ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپەتتى،



گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلاتتى. ئۇ، ئۆزىنى ھەر قاچان ئادەتتىكى بىر ئەمگەكچى ھېسابلايتتى، ھەقىقىي، ئۇلۇغ ئادەملەرنى چاپاكەش ئەمگەكچىلەر دەپ تونۇپ، بىكار تەلەپ، ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىشنىڭلا كويىدا يۈرگەنلەرنى ياقتۇرمايتتى، شۇنداقلا ئۇنداق كىشىلەرگە تەربىيە بېرىپ، ھورۇنلۇقنىڭ شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان زىيىنىنى تونۇتۇپ قايىل قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى دائىم زاۋۇت، كان ئورۇنلىرىغىمۇ بېرىپ ئىشچىلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ، تۇرمۇشتا بىرگە بولاتتى، ئىشچىلارغا سىياسىي، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىكى رەھبەرلىك رولىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ، كان ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، شارائىتى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى قىيىنچىلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئىش ۋاقتىنىڭ سەككىز سائەتتىن ئاشماسلىقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوشۇمچە ھەق بېرىش توغرۇلۇق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا پىكىر بەرگەن ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلار بىلەن ئەمگەكتە بىرگە بولۇپ مۇڭدىشاتتى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا دەرھال ھەل قىلاتتى، سالچىلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنەتتى، ئىدارىلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرگەندە كەسكىن تەنقىد بېرىپ، تۈزىتىشكە ياردەم قىلاتتى. ھەر كۈنى بازارلارنى تەكشۈرۈپ خەلققە ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنىڭ يېتىشىش، يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىمۇ

ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭلاشقا ئۇ دائىم ئائىلىدىكى تۇرمۇشىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتاتتى. ھەمدە يولدىشى ماھىنۇر خانىمغا: «شىرەدىن شوۋۇگۇرۇچ ۋە سۇيۇق ئاشلار سۈرگۈن قىلىنمىسۇن» دەپ دائىم تاپىلاپ تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ھەر قاچان باشقىلاردىن زادىلا ئۈستۈن تۇتمايتتى، ئىشچىلار ئارىسىدا بولسۇن، دېھقانلار ئارىسىدا بولسۇن ياكى زىيالىيلار ئارىسىدا بولسۇن ئۆزىنى ئادەتتىكى بىر كادىر دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭلاشقا ھەركىم ئۇنىڭ بىلەن ئىختىيارى سۆزلىشەتتى، دەرت - ئەھۋالى بولسا ئەيمەنمەستىنلا دېيەلەيتتى، كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن شوپۇرنى ئايرىيالمايتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى پارىخورلۇققا، ئىسراپچىلىققا، دۆلەت ھېسابىغا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بۇزۇپ - چېچىشقا قەتئىي يول قويمايتتى، ئۇ، بىرىبىلى يۇلتۇزغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا، كۈنەس ناھىيىسى ھاكىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نارات گارنىزونى ئالاھىدە زىياپەت تەييارلاپ قويىدۇ، ئەخمەتجان قاسىمى ئاتتىن چۈشۈپلا گارنىزون باشلىقىغا: «سىز ھازىرلا ھاكىمنى تېلېفوندا چاقىرىپ ئېيتىڭ، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ تالادا قالدى، يەيدىغان نۇن، چاي ۋە تۇزى تۈگەپتۇ، دەرھال ئادەم تەشكىللەپ چارۋىچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسۇن»، دەپ تەييار تاماققا ئېغىز تېگىپلا ئۆزى ۋە كانۋېيى ئۈچۈن ئىككى سوم تۆلەپ، تالون ئېلىپ يۇلتۇزغا مېڭىپ كەتكەن.

گارنىزون باشلىقى دەسلەپتە خاپا بولغان بولسىمۇ



كېيىن ئۆزىنىڭ يېتىملىك تۇرمۇشىنى ئەسلەپ خاتالىقىنى تونۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇنداق ئالىيجاناپ خىسلىتىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن.

بىر جۈمە كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى پىيادە بازارغا كېتىۋاتسا، موڭغۇلكۈرەلىك ئىككى نەپەر موڭغۇل «خۇدا»، دەپ يىغلاپ ئولتۇرغان، ئەخمەتجان قاسىمى ئەھۋالنى ئۇقسا، ھېلىقى ئىككى كەمبەغەل چارۋىچى قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ئېلىش ئۈچۈن ئىككى ئات، ئىككى ئۆكۈزنى ئەكېلىپ مال بازىرىدا يەتتە يۈزسومغا ساتقان ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى خۇرجۇنغا سېلىپ مال بازىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن ئىككى نەپەر بۇلاڭچى كېلىپ تۇيۇقسىزلا خۇرجۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كەلگەن ئىككى ئېتى باغلاپ قويغان يېرىدىن يوقالغان، بۇ ئەلەمدە ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي، خۇداغا يالۋۇرۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان. ئەخمەتجان ئەپەندىم ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۇ ئىككى كىشىنى باش ساقچىغا باشلاپ كەلگەن ۋە ئىدارە دىجورنىسىغا خىزمەت تاپشۇرۇپ، «بۇ بىرىنىڭ ئائىلىسىدە 8 جان، بىرىنىڭكىدە 6 جان ئادەم بارىكەن، ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ھازىرلا كادىرلارنى چاقىرتىپ ئىشقا چۈشۈڭلار؟ ئەتە سائەت ئونغىچە ئوغرىلارنى نەدىنلا بولمىسۇن تۇتۇپ، بۇلارنىڭ پۇل، مېلىنى تېپىپ بېرىپ يولغا سېلىڭلار، ئەگەردە ئوغرىلارنى تاپالمىساڭلار كادىرلار تۆلىسۇن» دەيدۇ.

ئوغرىلار شۇ كېچىسى پۇل، ئات بىلەن تۇتۇلۇپ، مال ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھېلىقى ئىككى نەپەر موڭغۇل چارۋىچى بۇ چىن ئىنسان كەتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەخ-

مەتجان قاسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككى قېتىم ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتىغا بېرىپ كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى شۇنداقلا خەلق ئىچىدە ھەرمىللەت خەلقلىرىنى ۋە يوقسۇللارنى ئۆزىگە دوست قىلىش بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى ھەقىقىي «دانىشمەن دۆلەتمىز»، دەپ باھايى، ئۇنىڭغا رەسمىيەتچىلىك ھۆرمىتى بىلەن ئەمەس، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنىڭ چوڭقۇر ئورناشقان مۇھەببىتى بىلەن قارىدى. تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ئۆتتى، 1949 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى چوڭ يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلماقچى بولۇپ، يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولداش ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى نامىغا تەكلىپ تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جېيشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا؛ مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى دالا ئارمىيىلىرى، ھەر قاي-



سى ئازاد رايونلار، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئەتراپلىق تەييارلىقتىن كېيىن 9 - ئاينىڭ ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئېچىش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلغاندىن باشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلىدۇ؛ سىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بويانقى كۆرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى؛ غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى، سىلەرنىڭ كۆرەشلىرىڭلار ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشىڭلارنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز. قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:

ماۋزېدۇڭ 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭ»، ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆز نامىدىن رەئىس ماۋزېدۇڭغا

تېلېگراممىنى يوللىدى، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەدىردان ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق، خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلق ئۇزۇندىن بويان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىدى.

بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى، خېتىڭلاردا ئېيتىلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ئېھتىرام بىلەن:

ئالاھىدە رايون خەلق ۋەكىلى: ئەخمەتجان قاسىمى

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى».

ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككى، ئۈچ كۈن ئالدىراش تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىدى، ئىشخانىدا، ئۆيدە ئىشداشلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق كىشىلەر ئۈزۈلمىدى.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە، ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوپ، گېنېرال، مايور دەلىلخان سۇگۇرباييېف، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، لوجى، غەنى كىردىموپ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوپ، ئوسمانجان ئاسىرى بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. غەربىي شىمال رايونى تېخى تولۇق ئازاد بول-



مىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق ماڭغانىدى، ئۇلار ئايروپىلاندا بايقال تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھادىسىگە ئۇچرىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ، يولداش جۇئېنلەيلەر بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قايغۇلۇق تېلېگرامما ئەۋەتتى.

1950 - يىلى 4 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىدى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن غۇلجا شەھەر - كوچىلىرى ھازىدارلار بىلەن تولدى، ۋاي بالام، ۋاي ئاتام، قېرىندىشىم، جىگەرىم - باغرىم دېگەن يىغا - زارىلەر يۈرەكنى مۇجۇيتتى، بوتىلاقلار بوزلاپ، قۇلۇنلار ئىڭرايتتى ................

ئەخمەتجان قاسىمى دېمىسىمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىدى، ئۇنىڭ قەلبى كىشىلەر يۈرىكىدە سوقاتتى، ئۇ، قۇربان بولغاندا تېخى ئارانلا 36 ياشتا ئىدى.

خەلقىمىز يېڭى ئۇتۇقلارغا، شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەنسېرى ئۆزى ئۆستۈرگەن كۈرەشچان جەڭچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرىنى كۆرگەندە، بەرگەن مېۋىلىرىنى تېتىغاندا، ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك نامىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى دېگەن بۇ ئۇلۇغ نام خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىگە مەھكەم سىڭگەن بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياشايدۇ.

# «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بىر قىسمى بولغان ئالتاي ئىنقىلابى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

**(پاتىخان دەلىخان ئوغلى سۇگۇرباييېف)**

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شانلىق سەھىپە، بىر قېتىملىق ئىسمى جىسمىغا مۇۋاپىق مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت، ئۇ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقنىڭ 1940-يىللاردىكى ئازادلىق، دېموكراتىيە ۋە مىللىي باراۋەرلىككە ئىگە بولۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشى؛ بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى قويغان ھەربىي كۈچلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق كۈرىشىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناپ، ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. بۇنى ماۋ-



جۇشىنىڭ 1949-يىلى 18-ئاۋغۇست كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدىكى: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»، دېگەن بىر جۈملە سۆزىدىنلا ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، چوڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىيات بىلەن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئاخىرىدا قانداق قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىمنى، كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلماقچىمەن. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، جۈملىدىن ۋەقەنىڭ ئۆتكەنلىكىگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى ئىشلارنىڭ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولۇشى، يەنە بەزى ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتا پەرقلەرنىڭ سادىر بولۇشى، بولۇپمۇ ۋاقىت، جاي، ئادەم ئىسمى جەھەتلەردىن بەزى سەۋەنلىك ھادىسىلەر ئۆتۈلۈشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن خەۋىرى بار يولداشلارنىڭ تەنقىد ۋە پىكىر بېرىپ، تۈزىتىش قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

※ ※ ※

ھەممىگە مەلۇم، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىش ھېچقانداق سەۋەبسىز ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، نەتىجىگە ئېرىشىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا، 1945-يىلىغا

كەلگەندە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ تونۇلغان ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىش ئۈچۈن گەپنى سەل نېرىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1940 - يىلقى بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ

كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسى بولغان 1940 - يىلقى قوزغىلاڭنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1933 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، دەسلەپكى بىر مەزگىللەردە شۇ بىر ۋەزىيەتتىكى شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ئالدامچىلىق بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بەزىبىر پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، 1937 - 1938 - يىللارغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ مۇستەبىت، ياۋۇز، فاشىستىك قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار، ئادالەت سۆيگۈچى زاتلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقى، ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سىياسىي، ئەركىنلىك، دېموكراتىك ھوقۇق، مىللىي باراۋەرلىك قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، خەلقنى ئاچ بۆرىدەك تالاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ھايات كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا ئوخشاش، ئالتايدىمۇ ئىنسانىيەت قېلـ



پىدىن چىققان ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، 1938 - يىلى 8 - ئايدا ماڭكەي مامىيىپ (ئاشۇ مەزگىلدىكى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىبى) بىلەن خالىپىل بىتىمىشى ئوغلىنى (قاراقاس قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى) قولغا ئالدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا، قانداقتۇر «موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيى» غا قاتناشتى دېگەن باھانە بىلەن شارىپخان (ئاشۇ مەزگىلدىكى ئالتاينىڭ ۋالىيسى ۋە جىڭبىي سىلىڭى)، ئالەن ۋاڭ، ئەبىلماجىن گۇڭ، بۇخات، تەبىن (موڭغۇل)، شولتىن (موڭغۇل)، بەيسىلەرنى؛ قابىل، كاكەن، جانىمخان، دەلىلخان، كىركەناي، نازىر، تاتاي تەيجىلەرنى؛ مۇقاش جاكە، راخات خالىپىل، يامىيلخا مۇپتىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ئابرويلۇق 40 نەچچە ئەل باشلىقلىرى، ئىناۋەتلىك ئادەملىرىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ كېلىپ، بىر قىسمىنى قولغا ئالدى، قالغان كۆپ قىسمىنى ئۇزاق مۇددەت نەزەربەنت قىلىپ قايتۇرماي ئېلىپ قالدى. جۈملىدىن شۇ يىلى 10 - ئايدا ئالتاي خەلقىدىن بۇرۇندىن تارتىپ ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، ئادەملەرنى ھېچقانداق ھەقسىز ياكى ئىنتايىن تۆۋەن ھەق بېرىش شەرتى بىلەن مىڭ دانە ئات ئىئانە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك فاشىستىك زوراۋانلىق، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ قوزغىلىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، خەلق قولىدىكى قورال - ياراقلارنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئالتاي خەلقىنى بىر

غېرىشتىن ئارتۇق پىچاقلىرىغا قەدەر تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى. خەلق ئاممىسى پەقەت بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا قولىدىكى بار بولغان قورال - ياراقلىرىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنىڭ بۇخىل ئىتائەتچانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئەكسىچە تېخى نۇرغۇنلىغان قورال - ياراقلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ بەرمەي ئۆتتۈۋاتىدۇ، دېگەن گۇمانى قاراشتا بولدى. شۇنىڭ بىلەن 12 - ئاينىڭ بېشىدا ۋىلايەت بويىچە 400 دىن كۆپرەك ئەل باشلىقلىرىنى ۋە ئەل مۆتىۋەرلىرىنى سارسۇمبىگە ① چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە (يېڭى يىلغا قەدەر) خەلق قولىدىكى «يوشۇرۇپ قويۇلغان» مىلتىقلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپ قايتۇردى. ئەمما ئۇلار يوق مىلتىقنى نەدىن تاپسۇن!؟ شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى بەش ناھىيىنىڭ ② ئەل باشلىقلىرى قۇرۇق قول بولسىمۇ ئامالسىز ۋەدىلەشكەن كۈنگە ئۈلگۈرۈپ سارسۇمبىگە قايتىپ كەلدى. ھۆكۈمەت ئۇلارنى «ئۆگىنىشكە قاتنىشىشلار»، دېگەن بانا بىلەن شەھەردە توختىتىپ قويدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيىنىڭ ئەل باشلىقلىرى «بىز بارساقمۇ كۆرىدىغان

① «سارسۇمبە» — ھازىرقى ئالتاي شەھىرى بولۇپ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ.

① ئالتاي خەلقى — ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىنى «تۆۋەنكى ئالتاي»؛ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنى «يۇقىرىقى (ئۆرە) ئالتاي» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ تۆۋەندىمۇ شۇنداق ئېلىنىدۇ - تەھرىردىن.



كۈنىمىز ئاشۇلار بىلەن ئوخشاش بولغۇسى» دەپ، بارماي قويدى. مۇشۇ ئارىلىقتا شېڭ ھۆكۈمىتى چىڭگىل ناھىيىسىدىن ئېرىنسىبەك، كېرىم دۈيجاڭلار باشلىغان 40 نەچچە ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، بايانباي، بايقادەم، ساقسايباي، بۆكەيخان، دونەن، جاقىباي، سۈيان قاتارلىق كىشىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئالدى. كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئەڭ زور تەسىرگە ئىگە دىنىي باشلىقنىڭ بىرسى بولغان ئاقىت ھاجى ئۆلىمىشىنى قولغا ئېلىپ، مەسچىتنى كۆيدۈرۈپ، قۇرئان - كىتابلارنى يىرتىپ، دەسسەپ ۋەيران قىلىۋەتتى. تۆۋەنكى ئالتايدىن قومبىجاپ، قاراغۇل، ئونەرخان قاتارلىق ئەل باشلىقلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەر - ئەزىمەتلەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى، ئەل يىغلاپ، خوتۇن - بالا ھەسرەت چەكتى. پىتنە - ئىغۋا يامراپ كەتتى، يۇرت كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، قالايمىقانچىلىق ئەھۋال شەكىللەندى، تىنچلىق بۇزۇلدى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىيەنجاڭى - چۈي رىنلىن، ئۆلكىلىك مىلتىق يىغىش كومىسسىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ مىڭكې، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى كېرىم قاتارلىق 10 نەچچە ئادەم ئۈلۈڭگۈر دەرياسى (سارتوقاي دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىدىكى ئەل ئىچىگە چىقىپ، ئالدى بىلەن قارابۇلغۇندىكى بىر مەكتەپتە يىغىن ئېچىپ، بىر تەرەپتىن «يوشۇرۇپ قويغان» مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىپ تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاقىتبېكە، ئىسمىخان، زەينەل، ماسەلىي، مۇتباي قاتارلىق 30 نەچچە ئەل باشلىقلىرىنى ئۈچ - تۆت كۈنگە قالماي سارسۇمبىدە

ئېچىلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق قورال - ياراق يىغىش يىغىنىغا بېرىپ قاتنىشىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىتەۋدىكى مەكتەپتە يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئاندىن يۇقىرى ئۆرلەپ قاپشاغايغا (يەر ئىسمى) كەلگەندە سارنوغاينى (ئادەم ئىسمى) ئىككى ئەسكەر بىلەن بىللە قارا بۇلغۇندىكى خالپىنىڭ ئاۋۇلىغا بېرىپ، سايىپ خالپىل ئوغلىنى تۇتۇپ ناھىيىگە ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۆزلىرى زاغۇبادىكى ئوقان زەڭگىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئىسمىخان ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئوغۇللىرى بىلەن ئوقان، شاغالاق، ئەڭسەگەن قاتارلىق دوست - ئاغىنىلىرىنى چاقىرتىۋېلىپ، «بىز بۇ قېتىم سارسۇمبىدىكى يىغىنغا بارىدىغان بولساق، ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەسلىكىمىز تۇرغانلا گەپ. بارماسلىقىمىزغا ئۇلار يول قويمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئەمدى ئالدىمىزدا پەقەت بىرلا يول بار، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم؛ ئەگەر سىلەر ماقۇل بولساڭلار، مۇشۇ ئاخشام تەۋەككۈل قىلىپ ئۇلارنى (شېنجاڭلارنى) جايلاپ تاشلايلى، قوزغىلىپ كۆرەش قىلايلى»، دەيدۇ. مۇنداق قىلىشقا باشقىلارمۇ قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 20 دەك ئادەم 1940 - يىلى 2 - فېۋرال كۈنى كېچىدە، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن پۇتلىرىغا كىگىزدىن پايپاق كىيىپ، يوشۇرۇنۇپ كېلىپ، ئوقاننىڭ ئۆيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئىشىك - دېرىزىدىن تەڭلا ئېتىلىپ كىرىپ، شېنجاڭ باشلىق 11 ئادەمنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، قوراللىرىنى ئېلىۋالىدۇ. ئاندىن دەرھال يۇقىرىقى - تۆۋەنكى ئەلگە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇ



چاغدا ئاقتېكە سارسۇمبىگە بارماقچى بولغاچقا، قابىي بىتىمنىشى، سايىپ خالپىل قاتارلىق تۇغقانلىرى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىنقى كۈندىن بېرى ئاقتېكەنىڭ ئۆيىدە قونۇۋاتقان ئىدى. ئاقتېكەلەر ئىسمىخاننىڭ نۇسىپباي مەڭدىباي ئوغلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، «بۇلار ئىش بولدى، ئەمدىكى مەسىلە كۆپچىلىك جەم بولۇپ بىرلىشىپ، ئالدىمىزدا يۈز بېرىدىغان ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئېلىشىشقا نىسبەتەن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىي تەييارلىق قىلىش لازىم»، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇلار دەل مۇشۇنداق قىلىۋاتقان پەيتتە خالپىنىڭ 4 - ئوغلى غازەر ئاقتېكەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تۈنۈگۈندىن بويان ئاۋۇلغا سارنوغاي باشلامچىلىقىدا ئۈچ ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى، يېتەكلەپ ئېلىپ يۈرگەن بىر ئىگەرلىك بوش ئاتلىرىنىڭ بارلىقىنى، سايىپنى ئىزلەيدىغانلىقلىرىنى، ئۆزىنى سايىپنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاقتېكە، قابىي، سايىپلار ئۇلارنىڭ قانداق «ئىش» بىلەن كەلگەنلىكىنى دەرھال پەرەز قىلىشىپ، ئاتلىرىنى چاپقۇزغان پېتىچە ئاۋۇللىرىغا يېتىپ كېلىپ، سارنوغايلارنىڭ بەھۇزۇر مىلتىقلىرىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ئاتلىرىغا ئوت - چۆپ سېلىپ يۈرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ.

دېمەك، ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى مۇشۇنداق ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ قوزغىلاڭ باش - ئاخىرىنى

بولۇپ، 9 - ئايغا قەدەر داۋاملاشتى. شىڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپتە بۇ قوزغىلاڭنى ھەدېگەندىلا ھەربىي كۈچ بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە جىمىقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن ئارمىيىسىنى ئۇرۇشقا سالدى. ئېغىر - يەڭگىل پىلىموت، مىنامىيوت ھەتتا ئايروپىلان، تانكا قاتارلىق ئۇرۇش قورال-لىرىنىمۇ قاتناشتۇردى. نۇرغۇن قېتىم شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قاتار چوڭراقلىرى:

(1) دەسلەپكى ئېلىشىش: كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى شىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ شېيەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇقۇپ، ئۆچ ئېلىش ۋە تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتتى، يول باشلاپ بېرىشقا سۇلەيمان نۇسىپىنى ① (قازاق) قوشتى. بۇلار ئىسمىخانلار تۇرغان يەرگە يېقىن بارغاندىن كېيىن، لىيەنجاڭ سۇلەيمەننى ئەل ئىچىگە بېرىپ رازۋېتكا قىلىپ قايتىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا ئىسمىخانلار ۋەقە تۇغۇلغان ۋاقىتتا غەنىمەت ئالغان 14، 13 مىلتىقنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر قورالى قىلىپ، 500 دەك ئادەمنى توپلاپ كۆكتوقاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى. سۇلەيمەن ئۇلارغا بېرىپ، شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇ-

① سۇلەيمەن، كەرەي شەرىزچى قەبىلىسىدىن، ئەسلى كۆكتوقاي شەھىرى ئەتراپى-دىكى تارلاتى دېگەن يەردە تۇرىدىغان ئۇششاق ئېلىپ - ساتار سودىگەر ھەمدە تېيىن ئېتىپ كۈن كۆچۈرىدىغان ئەركىن كەسىپچى ئىدى، كېيىن ئالتاي-دىكى 1 - قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك باتۇرى، دېگەن نامغا ئېرىشكەن.



لۇشىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئۇنى ئىشپىيونلۇق قىلىپ يۈرگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال ② دەپ توختىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى شىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ تۇتۇش قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى سەل يىراقتىن نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئۆزلىرىچە ئابىروي تۇتۇپ بىر پەس ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەيۋىسىگە چىداشلىق بېرەلمەي چېكىنىپ قاچىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى كەينىدىن قالماي، تاكى شەھەرگە يەتكىچە قوغلاپ ئۇرۇش قىلىپ، 40 تەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچە مىلتىقنى غەنىمەت ئالىدۇ، ھەمدە شۇ پېتى كېلىپ ناھىيە شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئىككى سوتكا ئۇرۇش بولىدۇ، لېكىن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە پوتەيلىرىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى بېسىۋالالىغان بولسىمۇ، ساقچى ئىدارىسىگە توپلىنىشىپ ئالغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ساقچىلار قوزغىلاڭچىلارنى ئىلگىرىلەتمەي قويىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن ساقىش، قاپاس قاتارلىق 5، 6 ئادەممۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. دېمەك قارشى تەرەپ بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار داۋاملىق ھۇجۇم قىلغان بىلەن بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلالماسلىقلىرىغا كۆزلىرى يېتىپ، ئامالسىزلىقتىن مۇھاسىرىنى ئۆزلۈكىدىن بىكار قىلىپ ئەلگە

② ئەل ئوتتۇرىسىدا ئۇنى جىڭچاجۇيىنىڭ كۆز - قۇلىقى بولسا كېرەك، دېيىدىغان ئىنكاس بار ئىدى.

قايتىدۇ.

(2) سارتوقايدىكى جەڭ: قوزغىلاڭچىلار كۆكتوقاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا بىر مەزگىل تىنچ ئۆتتۇشىدۇ. 3 - ئاينىڭ بېشىدا قوزغىلاڭچىلار كۆكتوقاي شەھىرىدىن كېلىدىغان خەۋپ - خەتەردىن يىراقلىشىش مەقسىتى بىلەن بۇرۇنقى تۇرۇۋاتقان جايلىرىدىن چىڭگىل تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ، ئاستا - ئاستا ئوندىرقارا دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا، شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شاغانىولدا تۇرىدىغان چىڭگىرا قاراۋۇل قىسمىدىن ئىرىسبەك باشلىغان 80 ئادەم شاكۇرتىگە كېلىپ چۈشىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلەيمەن، نۇسىپ، ئىسىمخان بىلەن ئاقتېكەرلەردىن ئىرىسبەكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بىر قىسىم ئادەم قوشۇپ بېرىپ ئۆزىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاقتېكە، ئىسىمخانلار ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ، سۇلەيمەن ماسەلىنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىدىن ئەڭ يارامىلىق دەپ بىلگەن 100 دەك ئادەمنى خىللاپ ئېلىپ، ئىرىسبەكلەر بىلەن تۇتۇشىدۇ، بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن ئىرىسبەكلەر چېكىنىپ يۈرۈپ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇرۇش مەيدانى قەدەممۇ - قەدەم چىڭگىل ناھىيىسى دائىرىسى ئىچىگە سۈرۈلىدۇ - دە، ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش سارتوقاي (ئىرتەي) دە بولىدۇ. مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىرىسبەكلەر پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇ، پەقەت ئۆزىلا 3 ، 4 ئادىمى بىلەن



قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتىدۇ، قالغانلىرى تامامەن يوقىتىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلار 70 نەچچە مىلتىق غەنىمەت ئالىدۇ. سۇلەيمەن مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ بىر جەڭ مەيدانىدىلا 20 گە يېقىن دۈشمەننى بىر - بىرلەپ يوق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەنچ قازىنىدۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ جاسارەتلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ.

(3) بۇلغۇندىكى شىددەتلىك ئۇرۇش: ئىرىسبەكلەر بىلەن بولغان سارتوقايدىكى ئېلىشىشنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى 3 - ئاينىڭ باشلىرى ئەتراپىدا بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگىنىگە بىر ئاي ئۆپچۆرىسى بولغان ئىدى. ئاقتېكە، ئىسىمخان، سۇلەيمەنلەر مۇشۇ سارتوقاي ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭگىلدىكى نوغايباي، زەتەلباي، كۆكسەگەن قاتارلىق ئادەملەرگە مەخسۇس خەت يېزىپ، بىر ئايدىن بۇيانقى بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار بىلەن ۋەقەلەردىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىمۇ قوزغىلىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزلىرى ـلەن بىللە كۈرەش قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نوغايبايلار دەرھال ئاۋاز قوشىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ئەل باشلىقلىرىمۇ ئالتايدا ئىچىلماقچى بولغان ھېلىقى ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىلتىق يىغىش يىغىنىغا چاقىرىلغانىدى. لېكىن ئۇلار بارماي تۇرۇۋالغان ھەمدە «سىناپ كۆرۈش» ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىن ھېچقانداق قورال - ياراق تاپالمىغانلىقلىرىنى دوكلات قىلىشقا نازىر تەيجىنىڭ ئىنىسى سىياغالىنى ناھىيە شەھىرىگە ئەۋەتكەنىدى. ئەمما سىياغالى ناھىيىگە يېتىپ بارغان ھامان قولغا ئېلىنىپ، ئىچىنىشلىق ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. ئىسىمخانلارنىڭ ئەۋەتكەن ھېلىقى ئادىمىنىڭ يېتىپ

بارغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ (چىڭگىلدىكىلەرنىڭ) كۆكتوقاي تەرەپتە قوزغىلاڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر تاپقان ھەم ئۆزلىرىنىڭ ناھىيىگە ئەۋەتكەن ئادەملىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەمدى زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان بىر چاغلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى قارا بۇلغۇندىن ئۆتۈپ بولۇپلا كۆچكەن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ يېرىم ئىلى چىڭگىل ئىلى بىلەن قوشۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيدى. شۇنداقلا بۇ جەرياندا شېڭ ھۆكۈمىتىمۇ قولىنى قويۇشتۇرۇپ قاراپ ياتمىدى، بەلكى ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك مەغلۇبىيىتىدىن قاتتىق چۆچىگەن ھۆكۈمەت تەرەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇنىڭدىن بەتتەر كۆپىيىپ، ھەممە تەرەپكە يامراپ، كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى ھەمدە كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلدىكى ئەسكىرىي قىسىملىرىدىن باشقا، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، سارسۇمبە قاتارلىق يەرلەردىن دەرھال بىر يېرىم مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن 3 - قېتىملىق جەڭ باشلاندى.

بۇ، 3 - قېتىملىق جەڭنىڭ مۇقەددىمىسى شاغان - ئىرگەدىكى ئېلىشىشتىن باشلاندى، جەڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. ئۇرۇشتا شېڭنىڭ بىر يېرىم مىڭ كىشىلىك ئاتلىق، پىيادە قىسىملىرىدىن باشقا بىر قانچىلىغان تانكا، برونوۋىكلىرىمۇ قاتناشتى، ھەتتا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىمۇ ئۈرۈمچىدىن بىر كۈندە 2، 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 - 4 تى ئۇچۇپ كېلىپ پىلموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، بومبا تاشلاپ تۇردى. بىرىنچى كۈندىكى ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار



تەرەپتىن ئاسقابىل، شايمۇرات، جانابىل قاتارلىق 10 نەچچە ئادەم ئوق تېگىپ قازا تاپتى. شېڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ بولغانلىقى ئۈستىگە بىر قانچە ئونلىغان قورال - ياراقلىرىدىنمۇ ئايرىلدى. شۇڭا شېڭنىڭ ئەسكەرلىرى دەسلەپتە خېلى ھەيۋە بىلەن ھەدېگۈچە ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن كېيىن بىر ئاز بوشىشىپ، بىر جايدىن ئىلگىرىلىيەلمەي تۇسۇلۇپ قالدى. قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇلغۇن دەرياسىنى ئۆرلەپ داۋاملىق كۆچۈپ مونچىققا يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن يېرىم سوتكىدىن كۆپرەك ۋاقىت ھاردۇق ئېلىپ ئەقىل - ھوشىنى يىغىۋالغان شېڭ ئارمىيىسى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ يەنە ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇ ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلاردىن تالىكەن، ساغىنىدىق، قاسىم، ئاشتەن قاتارلىق يەتتە ئادەم بومبا چۈشۈپ بىر دۆڭدە بىر قېتىمدىلا قازا تاپىدۇ، باشقا بىر مۇنچە ئادەملەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن قازا تاپىدۇ. ئۇرۇش ئۈچ كۈن ئۇلتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملىشىدۇ. 3 - كۈنىدىكى ئۇرۇش تېخىمۇ شىددەتلىك بولىدۇ. تاڭ يورۇپ كېلىۋاتقاندىن باشلانغان جەڭ بارا - بارا چاپ - چاپ جەڭگە ئايلىنىدۇ، شېڭ ئەسكەرلىرى قىلىچ - نەيزىلىرىنى، قوزغىلاڭچىلار كالتەك، توقماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلىدۇ. نوغايباي، زەتتەلباي، داغىستان قاتارلىق ئەل مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىن 20 گە يېقىن كىشى، مۇشۇ شىددەتلىك جەڭدە قۇربان بولىدۇ، ئاقتېكەنىڭ بىر پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ؛ شېڭ ئارمىيىسى ئادەم سانى ۋە قورال - ياراق تەرەپتىن ئىنتايىن كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولغان-

لىقتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ ئەتراپتا پۈت تىرەپ تۇرۇپ
قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ئېلىشلىرى بار-
غانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا بۇلغۇنغا
قاراپ ئاستا - ئاستا چېكىنگەچ ئۇرۇش قىلىدۇ، مۇنداق
قىلىشتىكى مەقسەت، بىر ئامال قىلىپ يالپاققا (يەر ئىسمى)
يېتىپ بېرىۋېلىپ، دەريا ياقىسىدىكى قېلىن قومۇچ، قويۇق
ئورمان ئىچىگە كىرىپ، يوشۇرۇنۇپ ئالماقچى؛ ئەگەر ئۇنىڭ-
غا مۇمكىن بولمىغاندا، موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ
كېتىپ جان باقماقچى بولىدۇ، شىڭ ئارمىيىسىمۇ ئىز قوغ-
لاپ ئۇرۇش قىلىپ، كەينىدىن قوغلاپ بارىدۇ. قوزغىلاڭچى-
لار ئاخىرى چېكىنە - چېكىنە موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېتىپ
بارىدۇ. لېكىن چېگرىغا يېتىپ بارغان ھامان ئالدىدىن
موڭغۇلىيە چېگرا ئەترەتلىرى چىقىپ، «ئىككى دۆلەت ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىشتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن» دېگەننى ئېيتىپ، ئۇلارنى چېگرا سىزى-
قىدىن ئۆتمەسلىكنى، بەلكى چېگرا ئەتراپىدىن يىراقراق
كېتىشىنى قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويىدۇ.
قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغا ئۇنىماي «نېمە بولسا مەيلى» دېيىشىپ،
چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ
ۋاقىتتا موڭغۇلىيە تەرەپ يالپاقنىڭ ئۆز چېگرىلىرى تەرى-
پىدىكى قوزغىلاڭچىلار يوشۇرۇنغان دەريا ياقىسىدىكى قېلىن
قومۇشلۇق بىلەن قويۇق سۆگەتلىككە ئوت قويۇۋېتىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۆز
ئارا ماسلىشىشى بىلەن ئالدى ۋە كەينىدىن بولۇپ، ئات-
لىق ۋە تانكا قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا،
قوزغىلاڭچىلار مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىپ، مىڭغا يېقىن ئە-



زىمەتلەر بىلەن بويتاق ئاياللار بۇلغۇن دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى تاغ تەرەپكە قاراپ قېچىپ چىقىدۇ. كەمپىر -
چال، خوتۇن - باللار زار يىغلىشىپ قېپقالىدۇ، ئۇلارنى
شىڭ ئارمىيىسى ھەيدەپ چىڭگىل دەرياسىغا ئېلىپ كېلىدۇ.
بالا - چاقىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن قال-
غان شاغالاق، مىسىرخان، قابدىلقاق، شاتى، توقتا مۇرات
قاتارلىقلارنى شىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇپ كېتىدۇ.
(4) قابىتىقتاغدىكى قان تۆكۈلۈش: بۇلغۇن ئۇرۇشىدا
ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قېچىپ
چىققان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقىۋىكە، ئىرىسقان، ئىسمخان
باشلىغان ئەڭ كۆپ قىسمى بىر ھەپتە، ئون كۈن ئەتراپى-
دا باقى ئەبى دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ جەم بولى-
شىدۇ، لېكىن بۇ يەر بەك تۈزلەڭ، گوبىي ۋە چۆل -
باياۋان قاقاسلىق بولغانلىقتىن، ئۇيەردە داۋاملىق
تۇرۇپ قېلىشقا ئامالسىز بولۇپ قابىتىققا يۆتكىلىدۇ، ئارى-
دىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، بىر كۈنى قوزغىلاڭچىلار
ئۆزلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قويۇپ قويغان قاراۋۇللىرى -
قاقاشا قاپشىلار ئارقىلىق 40 تەك قۇراللىق ئادەمنىڭ
يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، موسا مەرگەن باشلىق
50 ئادەمنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئەۋەتىدۇ، موسالار
ئۆزلىرىگە ئەڭ قولايلىق بولغان بىر يەردىن ئەپچىل ھالدا
ئورۇن تۇتۇپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىر
دەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ، 38
مىلتىق غەنىمەت ئالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا موسا، قورقماس
قەيسەرلىكى، مەرگەنلىكى بىلەن زور غەلىبە قىلىپ شۆھرەت
قازىنىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ئۇرۇش مەيدانىنى ئارىلاپ

يۈرگەندە، يوشۇرۇنۇپ ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىرسى موسانى ئېتىۋېتىدۇ، موسا شۇ ھامان قازا تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى كىچىك جەڭ دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى قوزغىلاڭچىلارنى قاتتىق مەيۈسلەندۈرگەن ھالدا تاماملىنىدۇ.

(5) قاراغايلىقتىكى قاتتىق جەڭ: قوزغىلاڭچىلار قايتىدىن بىر ئاي ئەتراپىدا ھايال بولىدۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن ھاۋانىڭ كۈندىن-كۈنگە بەكمۇ ئىسسىپ كېتىشى بىلەن ياز بولسا يايلاققا چىقىپ، سالقىن ھاۋاغا ئادەتلەنگەن خەلقلەر ئۇنىڭغا زادى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يېمەك-ئىچمەكتىن قىيىنچىلىق تارتىدۇ. زاپاس ئېلىپ چىققان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ يەپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئالتايغا قايتىپ بېرىپ، باشقا كەلگەننى كېيىن بىراق كۆرمەكچى بولۇشىدۇ. ئۈچ كۈن يول مېڭىپ بەيتىك تېغىنىڭ كىچىك قاراغايلىقى دېگەن يەرگە كەلگەندە، شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رازۋېدچى ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ. نەتىجىدە يېقىن يەردىكى دابىسىندىن (يەر ئىسمى) شىڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى چىقىپ قويىرتەكى دېگەن يەردە ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇرۇش ئۇدا ئىككى كېچە-كۈندۈز داۋاملىشىدۇ، قوزغىلاڭچىلار جان تىكىپ ھەرىكەت قىلىپ شىڭ ئارمىيىسىنىڭ 100 دىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ، 60 ـ 50 قورالنى ئولجا ئالىدۇ.

شىڭ ئارمىيىسى ۋاقىتلىق چېكىنىدۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالتايغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن بېسىپ ئۆتمەي بولمايدىغان جايى دابىسىندىلا شىڭنىڭ



ئىككى پولك ئەسكىرى جايلاشقانلىقتىن قوزغىلاڭچىلار بىر مەزگىل قاراغايلىقتا ھايال بولۇپ، ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق بايقاپ كۆرمەكچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ ئارىدا ئون نەچچە كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. موشۇ جەرياندا شىڭ ھۆكۈمىتى يەتتە ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ يول باشلىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن دابىسىندىن بىر پولك، گۇچۇڭدىن بىر پولك ئەسكەر يۆتكەپ، ئىككى تەرەپتىن قورشاپ، كەڭ كۆلەمدە ئىككىنچى نۆۋەت ھۇجۇم قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار كۆكرەك كېرىپ قارشى چىقىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىدۇ، بىر سوتكا ئېلىشىش ئارقىلىق شىڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ 100 گە يېقىن ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 30 نەچچە قورالنى غەنىمەت ئالىدۇ ھەمدە شىڭ ئارمىيىسىنىڭ تازا ھېرىپ-چارچىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالتايغا قاراپ يول ئالىدۇ، ئەمما كەينىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ قوغلىغان ئايروپىلاننىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئاسانغا توختىمايدۇ. نەتىجىدە ئاقتېكەنىڭ يەتتە-يېرىگە ھاۋادىن ئېتىلغان پىلىموت ئوقى تېگىپ ئېغىر يارىدار بولىدۇ. سايپىنىڭمۇ پۇتىنى بومبا پارچىسى چېقىپ تاشلايدۇ. ئاقتېكە ئالتايغا يېتىپ بارىدىغان كۈنى ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ قازا تاپىدۇ، دېمەك، بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بىر رەھبىرىدىن ئايرىلىدۇ.

(9) ئۈچتاش قاتارلىق ئۈچ ئىستىھكامدا تۇتۇشۇش: قوزغىلاڭچىلار ئالتايغا كېلىپ ئون نەچچە كۈن يېتىپ ئارام ئالىدۇ، موشۇ جەرياندا، جالپاقتىكى قاچ-قاچتا

پەنە بىر يۆنىلىشكە قاراپ قېچىپ كېتىپ، قارامايلىغا
كېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىۋاتقان سۇلەيمەن، جىلقايدار، ماسە-
لىيلەر ھەر كۈنى ئۇچۇپ كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن ئايروپى-
لاننىڭ يۆنىلىشىدىن پەملەپ، 100 نەچچە ئادەم بىلەن
ئارمانتىغا ئىلگىرلەپ كېلىپ ئىسمىخانلار بىلەن جەم بولىدۇ.
موشۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى بىللە ئالتاي تېغىنىڭ
چوڭ ساي جىلغىلىرىنى ئۆزلىرىگە ھەم ئىستېھكام ھەم
ھەرىكەت مەيدانى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، شاكۇرتى-
گە كېلىپ چۈشۈپ، ئالدىنقى تەرەپكە چارلىغۇچى ئەۋەت-
سە قوزغىلاڭچىلار بېسىپ ئۆتمەي بولمايدىغان قاراشورا،
قاراسۇ، ئۈچتاش قاتارلىق ئوت - سۈيى بار يەرلەرنىڭ
ھەممىسىدە شېڭنىڭ ھەر بىر ئورۇندا بىر لىيەن ئەسكەر-
لىرى ئاللىقاچان ئىستېھكام قۇرۇپ ئورۇنلىشىپ ئالغانىكەن.
شۇڭا قوزغىلاڭچىلار بۇ توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يول
ئېچىش ئۈچۈن، 300 كىشىلىك بىر زەربىدار قوشۇن تەش-
كىللەيدۇ، ئۇنىڭغا سۇلەيمەن رەھبەرلىك قىلىدىغان بول-
دۇ. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ۋە چاقماق تېزلىكىدە قەھرىمانلار-
چە بۇ ئۈچ ئىستېھكامغا ھۇجۇم باشلايدۇ، مەيلى قايسى
ئىستېھكامدىكىسى بولمىسۇن، شېڭنىڭ ئەسكەرلىرى تاقابىل
تۇرالماي، بىر قىسىملىرى كۆكتوقاي شەھرىگە، يەنە بىر
قىسىملىرى قارا تۆڭكەدىكى تايانچ ئىستېھكاملارغا چېكىنىپ كېتى-
دۇ، شۇنداقلا 70 - 80 ئادىمىدىن ئايرىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلار
60 تىن ئارتۇق قورال غەنىمەت ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ
قوزغىلاڭچىلار ئوڭۇشلۇق ھالدا تېرەكتى ئارقىلىق ئارغىل-
تاي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىدۇ. دەل موشۇ چاغدا چىڭ-
گىل تەرەپتىن قارا سىڭگىرنى بويلاپ كۆكتوقاي تەرەپكە



كېلىۋاتقان شېڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ.
جەڭ تاڭ سەھەردىن كەچقۇرۇنغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، شېڭ
ئەسكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە يېقىنلاپ قالغاندا، قارا تۆڭكە-
دىكى ئىستېھكامدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىپ،
ئۇرۇش يېڭىباشتىن كۈچىيىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئىككى تەرەپ-
تىن شېڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ،
شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەر تەرەپتىن چارە - تەدبىرلەرنى
ئىشلىتىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىدۇ. نەتىجىدە شېڭ ئارمى-
يىسى يەنىلا 60 - 50 ئادىمىدىن ئايرىلىپ، قارا تۆڭكەگە
قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن نۇر
پېيس، قىمبىل، كالەي قاتارلىقلار قازا قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار
شۇنىڭدىن كېيىن قاراشوراغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

(7) قاراشورادىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر: قوزغىلاڭچىلار
قاراشوراغا ئۆتۈپ كۆپ ئۆتمەي مۇنداق ئىككى كۆڭۈلسىز
ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

بىرىسى: كۆكسەگەن ئۆكۈردەي چىڭگىلدىن كېلىپ
قوزغىلاڭچىلارغا قاتنىشىپ يۈرگەن 400 دەك ئادەمنىڭ يېرى-
مىنى ئەگەشتۈرۈپ چىڭگىلگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىكى
سەۋەب توغرىسىدا چۈشەنچە ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، بەزى-
لەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشلىرى بالا -
چاقا، ئەل - يۇرتىنى سېغىنغاندىن بولدى دەيدۇ؛ يەنە
بەزىلەر قوزغىلاڭچىلار قاراشوراغا كەلگەندىن كېيىن دەس-
لەپتە قەدەمدە مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىگە ئىرىسقان، ئىپى-
سىمخان، سۇلەيمان، سايىپلارنى باشلىق قىلىپ بەلگىلەيدۇ،
ئۆكۈردەي ئېغىزغا ئېلىنمايدۇ، شۇڭا ئۇ، «مەن نېمە ئۈچۈن
ئېغىزغا ئېلىنمايمەن»، دەپ يامانلاپ شۇنداق قىلغان

دەيدۇ.

سادىر بولغان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يەنە بىرسى: قاپسامەت (ئاقتىننىڭ قالامادىن كېيىنكى 2 - ئوغلى) قېچىپ، ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ ئىككى ئەھۋال قالغان باشقا ئادەملەر ئارىسىدا بىر مەزگىل خېلى تەۋرىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەمما ئىرىسقان، ئىسمىخان، سۇلەيمەنلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كۆپلەپ ئىدىيىۋىي خىزمەت قىلىشى ئارقىسىدا، تارقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قېلىنىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار سېكبىلتەيگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن ئالتاينىڭ چوڭ تاغ چوققىسىغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ ئاقبۇلاق، دورجى يايلاقلىرىغا بېرىپ توختايدۇ. بۇ، 6 - ئاينىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاي ئەتراپىدا ھەر ئىككى تەرەپ ھېچقانداق ئۇرۇش قىلىشماي جىم يېتىشىدۇ.

(8) كۈرەشتىكى قاخشاتقۇچ زەربە: 7 - ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئەمدى قاراپ ياتماي، ھەرىكەتلىنىدىغان ۋاقىت كەلدى، دەپ قاراپ، ئىشنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز سەپلىرىنى كۆپەيتىشتىن باشلاشقا كىرىشىدۇ. ئىرىسقان چىڭگىل خەلقى ئىچىگە، ئىسمىخان، سايىپلار كۆكتوقاينىڭ ئارال ئەلى (1)

(1) ئارال ئەلى دېگىنىمىز، قىش كۈنلىرى ئۆلۈڭگۈر دەرياسىنىڭ قارا بۇلغىنىدىن ئۆۋەنكى جايلىرىدا ئولتۇرۇۋدىغان ئەلگە قارىتىلغان. 2 - فېۋرالدىن باشلاپ قوزغىلاڭ قىلىپ يۈرگەنلەر قارابۇلغىنىدىن يۇقىرىقى قىشلاقلاردا ئولتۇرۇۋدىغانلار ئىدى.



ئىچىگە بېرىپ خىزمەت ئىشلەيدىغان بولۇپ ئاتلىنىدۇ. ئارقا سەپتىكى قالغان كىشىلەرگە سۇلەيمەن بىلەن كادىرباي مەسئۇل بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي زەينەل، ئادىلخان، مۆمىنباي باشلىغان ئارال خەلقى بىلەن كۆكسەگەن، ۋاتقان باشلىغان چىڭگىل خەلقىنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېلىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا ئوسمان ① قاتارلىق بىر قانچە قوزغىلاڭچىلار يابسار يايلىقى ئارقىلىق قۇۋۇئىرتىشكە كېلىپ، دەريادىن سەل باغلاپ ئۆتىدۇ ھەم شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈرتى دېگەن يەردىكى بىر پوچتا پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، پونكىتنى بېسىۋالىدۇ. شۇ ئارىدا، سارسۇمبە تەرەپتىن كۆكتوقاي ناھىيىسىگە كېتىۋاتقان ئىككى پوچتالىيون بۇلارنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ سوراق قىلسا، پوچتالىيونلار ئارقا تەرەپلىرىدە بىر پەي ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ 200 تۆگىگە ئارتقان يۈك - تاقلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئون تۆگىدىكىسى ئوق - دورا، قالغانلىرى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قولايلىق جايدىن يول توسۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ھەش - پەش دېگىچە بىر پەي ئەسكەرنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان مال - مۈلۈكنى پۈتۈنلەي غەنىمەت ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇشۇ قېتىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىڭنىڭ 40 نەچچە ئەسكىرىنى

① ئوسمان - قوزغىلاڭغا دەسلەپ قاتناشقانلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئىسمىخاننىڭ خېلى يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىدى، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ نامى چىقىپ، يۇرتقا تونۇلمىغان.

يوقىتىپ، 40 نەچچە مىلتىقنى، 30 نەچچە ئاتنى، 200 تۆگە، شۇنىڭدەك 40 نەچچە يەشىك ئوق، ھەم كۆپلىگەن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، ئۆزلىرى ساق - سالامەت قايتىپ كېلىدۇ.

(9) ئاخىرقى ئېلىشىشلار: 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شېڭ ھۆكۈمىتى پوتكۇل بىر ياز ئالدىراپ - تىنەپ ئېلىپ بارغان «ئالاھىدە تەييارلىق» ى ئاساسىدا، قوزغىلاڭچىلارغا يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ، نەتىجىدە قايىرتى، ئىجكىن، ئاستاۋچا، ئالايغىر، سايقىنبۇلاق، تارشاتى، ئاشلى، كۆكتۇمشىق، ئىشقىنتى، تەبنىبەلشىر ئۇرۇشلىرى قاتارلىق 10 نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ. لېكىن مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگۈشىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن بولغان تارشاتى، ئاشلى، ئىشقىنتى قاتارلىق ئۈچ مەيدان جەڭنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1 - تارشاتى ئۇرۇشى: تارشاتى ئۇرۇشى شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قوزغىغان قايىرتى قاتارلىق جايلاردىكى 5 - 6 قېتىملىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۆر يايلاقتىن ئوتتۇرا يايلاققا كۆچۈپ چۈشۈپ، ناھىيە مەركىزىگە خېلى يېقىنلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تولۇق بىر پولك ھەربىي كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ ھۇجۇم قىلغان بىر نۆۋەتلىك چوڭ كۆلەمدىكى ئۇرۇشى ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەيۋە بىلەن ھايات - ماماتقا قارىماي، جان تالىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، قوزغىلاڭچىلار بىر مۇنچە چىقىمغا ئۇچرايدۇ، سامارخان، ياقۇپبېك، ئەلەمەس قاتارلىق 10، 15 ئادەم ئوق تېگىپ قازا تاپىدۇ. لېكىن دەسلەپتە ئىنتايىن ئېغىر بېسىم كۈچى ئالدىدا ھودۇقۇپ قالغان قوزغىلاڭچىلار تېزلىكتە ئەقىل - ھوشىنى يىغىپ، سولەيمەن باتۇرنىڭ باشلامچى بولۇپ لەشكەر باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەن شېڭ ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، سازايىنى تارتتۇرىدۇ، جەڭ ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ھەتتا جەسەتلىرىنى كۆمۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ياردارلىرىنى سۆرىگەن پېتى پۈتۈنلەي چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بولسا، شېڭ ئارمىيىسىنىڭ 200 دىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ، 150 تەك قورالىنى غەنىمەت ئالىدۇ.

2 - ئاشلى ئۇرۇشى: تارشاتى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن چوڭ مەدەت ئالغان قوزغىلاڭچىلار كەينىگە قاراپ چېكىنىپ قاچقان شېڭ ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلايدۇ، ئاشلىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپ يەنە قايتا ئېلىشىدۇ، ئۇرۇش يەنە بىر سوتكا داۋاملىشىدۇ، جەڭ مەيدانى قىپ - قىزىل قانغا بويۇلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يەنىلا ئاستا - ئاستا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ، شېڭ ئارمىيىسى يەنە 100 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن 100 گە يېقىن قورالىدىن ئايرىلىپ، قايىرتى ئارقىلىق «كۆكتوقاي نەدىسەن؟!» دەپ تىكىۋېتىدۇ. بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىماي قويۇۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ

ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئېلىپ بارغان جەڭدە تولىمۇ ھېرىپ،
چارچىغانىدى، شۇڭا ئەلگە قايتىپ دەم ئېلىشنى توغرا
كۆرىدۇ.

3 ـ ئىشقىنىتى ئۇرۇشى: 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلـ
گەندە، شىڭ ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەت ئۆز تەلىيىنى
سىناپ بېقىش ئۈچۈن توپ ـ توغرا ئىككى مىڭ كىشىلىك
ھەربىي كۈچ بىلەن تېخىچە ئوتتۇرا يايلاقتا تۇرۇۋاتقان
قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن
ئالدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى
تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا بېـ
سىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاي ئىشقىنىتى بولغاچقا، قوزغىلاڭـ
چىلار ئىشقىنىتىغا كېلىپ يولنى توسايدۇ. بۇ يەر قېلىن
تال ـ تېرەك، پۇتا ـ بۇرگەن ئۆسىدىغان چوڭقۇر ساي
بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار باش ـ ئاخىرى بەش ـ ئالتە كىلومېتىر
كېلىدىغان ئۇزۇن ئارىلىقتا، سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
تۇسكەيدىن (بەتىدىن) تارتىپ، ساي بېشىدىكى داۋانغا
قەدەر سەپ تۈزۈپ، ئابىرون قۇرۇپ ئەپچىل مۆكۈنىۋالىدۇ.
شىڭ ئارمىيىسى بولسا، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، قوزغىلاڭـ
چىلار بىلەن ئۇچرىشىشقا تېخى خېلى ئارىلىق بار، دەپ
پەرەز قىلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئابىرون چەمبىرى ئىچىـ
گە ئۇسۇپ كىرىپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇشتۇمتۇتلا ئالـ
دى ـ كەينىدىن ۋە ئىككى يان تەرەپىدىن تەڭلا ئوق
چىقىرىدۇ، شىڭ ئارمىيىسى مۇنداق كۈتۈلمىگەن «قارشى
ئېلىش» تىن بەكمۇ ھودۇقۇپ كېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىمكاـ
نىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، لېكىن زور
چىقىمغا ئۇچراپ، بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاـ



لىدۇ. شۇڭا بىر قانچە سائەتلىك جەڭدىن كېيىن، ئۇلار
كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆلـ
گەن ـ تىرىلگىنىگە قارىماستىن كۈچەپ ھەرىكەت قىلىپ،
مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپ قاچىدۇ. شىڭ ئارمىيىسى پەقەت
مۇشۇ بىر قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۆزىدىلا 300 دەك ئادىمىـ
دىن ۋە ئۇلارنىڭ مىلتىق، قورال ـ ياراق، مىنىپ كەلگـ
ەن ئاتلىرىدىن، 200 دىن ئارتۇق تۆگە، 100 يەشىك ئوق ـ
دورا ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن
ئايرىلىدۇ.

شىڭ ئارمىيىسى ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىغان يۇقىرىدىكى ئۈچ نۆۋەتلىك ئۇرۇش، بولۇپمۇ ئەڭ
ئاخىرقى شىقىنىتىدىكى ئۇرۇش، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ
روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، چۆچۈتۈپ ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.
خەلق ــ ئالەم ئالدىدىكى ھەيۋىسى يەر بىلەن
يەكسەن بولىدۇ. ئەكسىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى
ئاشۇرۇپ، غەيرىتىنى ئۇرغىتىپ، ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ.

بۇ ئۈچ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە سۇلەيمەن پەـ
قەت قوماندانلا ئەمەس، بەلكى بىر ئادەتتىكى جەڭچى
قاتارىدا ئەسكەر باشلاپ ئالدىدا مېڭىپ، ھۇجۇمغىمۇ ئۆزى
باشلامچىلىق قىلىپ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. شۇنداق قىـ
لىپ ئۇ، قوماندانلىق ماھىرلىقى بىلەنمۇ، قەيسەر قەھرىماـ
نلىقى بىلەنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە نام قازىنىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋال ئۈستىدە ئازراق توخـ
تىلىپ ئۆتسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغاندەك قىلىدۇ.
ئۇ بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار قانداقسىغا ھەر قېتىمقى ئۇرۇشـ
نىڭ ھەممىسىدە شىڭ ئارمىيىسىنى بىت ـ چىت قىلىپ، غەلىـ

بىردىن غەلىبىگە ئېرىشىپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: روھى تەرەپتىكى ئېزىش بىلەن ئېزىلىشكە، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ داۋلىيلاردىن باشقا (بۇ ئەڭ مۇھىم ئەلۋەتتە) بىرسى؛ جەڭ مەيدانلىرىنىڭ بىر پۈتۈن تاغلىق رايونلاردا بولىشىدەك - يەر تۈزۈلۈشىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى، يەر ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئوبدان بىلىدىغان قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ۋەزىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن بولدى، شىڭ ئارمىيىسىگە نىسبەتەن بۇنىڭ ئەكسىچە رول ئوينىدى؛ يەنە بىرسى، شىڭ ئارمىيىسى سان جەھەتتىن جىق بولغىنى بىلەن سۈپەت جەھەتتىن تەلەپكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ئۇرۇمچى شەھىرىنى ئاساس قىلىپ، گۇچۇڭ، ماناس، قۇتۇبىي، فۇكاڭ قاتارلىق يەرلەردىكى ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئالدىراپ - تىنەپ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش مەشقى تەرەپتىن زۆرۈر تەربىيە ئالمىغانلىقتىن مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى ئانچە بىلمەيتتى. بولۇپمۇ بۇرۇندىن ئاتقا مىنىپ ئادەت قىلمىغانلىقتىن، ئېگىز - پەس، ئوي - دۆڭ، شېغىل يوللاردا ئات چاپتۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، ھەتتا تاختايدەك تۈپ - تۈز يەرنىڭ ئۈزىدە ئاتنىڭ بېشىنى تۈزلەپ تۇتۇپ يۈرەلمەيدىغان ياش بالىلار ئىدى. بۇ ھال شىڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەر قېتىمقى جەڭدە مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قىسقىسى، شىقىنتى ئۇرۇشى بۇ قېتىمقى بىرىنچى قېتىمقى



قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرقى خىتاپنامىسى بولدى. باش - ئاخىرىسى بولۇپ 9، 10 ئاي داۋاملاشقان، ساناپ تۈگەتكۈسىز ئېلىشىشلار جەريانىدا، پەقەت بۇلغۇن جالپاقىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە قوزغىلاڭچىلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك غەلىبىگە ئېرىشىپ تۇردى. ئۇرۇش قىلغانسىرى كۈچەيدى، شىڭ ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلغانسىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تارتقان زىيىنى بارغانسىرى جىق بولدى.

شۇنىڭ بىلەن 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىسمىخان، سۇلەيمەن، سايىپ باشلىغان كۆكتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى كۆكتوقاي ناھىيە شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن غەربىي تەرەپتىن يۈرۈش قىلدى، ئىرىسقان باشلىغان چىڭگىل قوزغىلاڭچىلىرى شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى، دەل مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا شىڭ شىسەي مەسىلىنى بىر تەرەپلىمە ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك بولۇپ، ئايروپىلان ئارقىلىق خەت تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلارنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بىتىم ھاسىل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭدەك بۇقات، جانىمقان، راقات، شادي① قاتارلىق ئادەملىرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن قايىرتىدا (يەر ئىسمى) ئۇچرىشىشنى، قانداق پىكىر - تەلەپلىرى بولسا شۇلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى

① بۇقات مامىيې 40 - يىلى 11 - ئايلىرىدا ئۇرۇمچىدە قولغا ئېلىنغان، كەرەي - جانتەكەي قەبىلىسىنىڭ بەيىسى. جانىمقان تىلەۋبەردى بىلەن راقات، شادىيلار 39 - يىلى - 9 - ئايدا «مۇڭ. قا. قى قۇرۇلتايى» غا كېلىپ، ئۇرۇمچىدە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغانلار. جانىمقان جانتەكەينىڭ شاقاباي قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى، راقات قاراقاس قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى خالىپېلنىڭ ئوغلى، شاردي كەرەي - شېرۋشى قەبىلىسىنىڭ بىر زەڭگىسى.

ئۇقتۇرىدۇ. ئىرىسقان، ئىسمخان، سۇلەيمەنلەر قىش چۈشۈپ، قار ياغقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ياز ئايلىرى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش ئەركىن، ئەپچىل ھەرىكەت قىلىشلىرى چوقۇم مۇشكۈل بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزلىكىدىن باش ئېگىپ كېلىشىم ھاسىل قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى توغرا تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن كۈنى سايىپ قاتارلىق بىر نەچچە ئادەمنى ئەۋەتىپ، بۇقات بەسلەرنى ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە چاقىرىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگە قالماي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئىسمىنى ئاتاپ تەلەپ قىلىشى بىلەن دەلىلخان سۇگۇربايىف، خالىپ، نازىر تەيجىلەرمۇ ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كېلىدۇ② بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بۇرۇنراق كەلگەن كىشى باش ۋەكىل - چېۋرۈك جۇن بولۇپ (شىڭ شىسەينىڭ قېيىنى ئاتىسى، بۇرۇن ئىلىنىڭ سىلىڭى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ باشلىقى، دوبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى بولغان ئادەم)، ئۇ، كۆكتوقاي شەھرىدە ئىدى.

② دەلىلخان شىرىنچى قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى، نازىر شاقاباي قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر تەيجىسى، بۇلار 39 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىگە «مۆلك ئۇقا، قى قۇرۇلتىيى» غا ۋەكىل بولۇپ كېلىپ نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغانلار، خالىپ 38 - يىلى قولغا ئېلىنغان، ئۇ قاراقاس قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇلارنىڭ ۋەكىل بولۇپ كېلىشىنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىشلىرى قەبىلىلىك نۇقتىسىدىن بولغان. چۈنكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر باشلىقى ئىرىسقان شاقاباي قەبىلىسىدىن، بىر باشلىقى سۇلەيمەن شىرىنچى قەبىلىسىدىن. ئەمدى بىر باشلىقى سايىپ، قاراقاس قەبىلىسىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىپنىڭ ئوغلى ئىدى.



10 - ئاينىڭ باشلىرىدا رەسمىي ھالدا سۆھبەت باشلىنىپ، 18 - كۈنى بىتىم شەرتىگە قول قويۇلدى. سۆھبەت دەسلەپ باشلانغاندا قوزغىلاڭچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرماسلىق، ساقچى ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يەرلىك خەلققە ئۆز - ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار چوڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىر قانچە كۈن تەكرار - تەكرار مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئالتە تۈرلۈك شەرت بىلەن بىتىم بولدى. بۇ شەرتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنداق:

1. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

2. تۈرمىدىكى ھەممە ئادەم قويۇپ بېرىلىدۇ.

3. ۋىلايەت، ناھىيە باشلىقلىرى يەرلىك خەلقتىن بولىدۇ ۋە ۋىلايەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرى ئىچىدىمۇ يەرلىك خەلقتىن ئادەم بولىدۇ.

4. كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيىنىڭ ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىنى يەرلىك خەلقتىن بولىدۇ.

5. قوزغىلاڭچىلار قوراللىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ ھىساۋىغا ۋىلايەت مەركىزىدە بىر قىسىم ھەربىي تۇرغۇزۇلغاندىن باشقا، قالغان ناھىيىلەردە بولۇپمۇ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە ھەربىي تۇرغۇزۇلمايدۇ.

6. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساق كېمەيتىلىپ يېنىكلەشتۈرۈلىدۇ ھەمدە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئامىمىسىغا ھۆكۈمەت ياردەم

قىلىپ قۇتقۇزىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلىدىكى شېڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ غالىبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## 1941 - يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ

ئالتايدىكى 1940 - يىلى پارتلىغان بىرىنچى قېتىملىق پارتىلىغان قوزغىلاڭ، شۇ يىلى 10 - ئايدا شېڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالتە ماددىلىق بىتىم شەرتىنى ماقۇل كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىپ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. لېكىن، كېيىن بىتىمدىكى شەرتلەرنىڭ بەزىلىرى خېلى ئوبدان ئىجرا قىلىنغانىدەك بولسىمۇ، بەزىلىرى پەقەت ئانچە - مۇنچىلا ئىجرا قىلىنغان ھېسابتا بولدى. قالغان كۆپ قىسمى ئىجرا قىلىنمىدى ياكى دەسلەپتە ئىجرا قىلىنغاندەك بولسىمۇ، كېيىن ئەسلىدىكى قىياپىتى ساقلاندى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بىتىم شەرتىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدىكى «تۈرمىدىكى ھەممە ئادەم قويۇۋېتىلىدۇ» دېگەن مەسىلىدە، پەقەت يىل بېشىدا، سارسۇمبىگە ۋىلايەت بويىچە «مىلتىق تاپشۇرۇش» كۆرۈشىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يىغىپ ئېلىنغان 300 دەك ئادەمنى ۋە 1939 - يىلقى «موڭ قا. قى قورۇلتاي» غا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەردىن رەسمىي قولغا ئېلىنغانلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى بىلەن نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغانلىرىنى قويۇپ بېرىش، شۇنىڭدەك بايانباي، بايقادام، ئاقىت، قاراغۇل، ئۆنەرخان قاتارلىقلارنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ



بېرىش بىلەنلا چەكلەندى؛ شارىپقان، ماڭكەي باشلىق 70 - 80 ئادەمنى بىتىم بولۇپ يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتسىمۇ تۈرمىدىن بوشىتىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھايات - ماماتلىقىدىنمۇ دېرەك بولمىدى، ئەكسىچە ئۇيەر - بۇ يەرلەردىن بىردىن — ئىككىدىن ئادەم تۇتۇش ئىشى قايتا باشلاندى. بىتىمنىڭ 3 -، 4 - ماددىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كەلسەك، بۇقاتىنى ۋالىيلىققا، جانىمقان بىلەن تەبىننى (موڭغۇل) مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، دەلىلخان سۇگۇربايېفنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ، راقاتىنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ، كۆكسەگەننى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، نازىرىنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، كادىرباي، قايىملارنى ئايرىم - ئايرىم كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ساقچى ئىدارىلىرىغا مۇئاۋىن جۈيجاڭلىققا تەيىنلەش بىلەنلا بولدى قىلىپ، قالغان ناھىيىنىڭ شيەنجاڭلىقىغا، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك باشقا ئورگانلارغا يەرلىك خەلقتىن ئادەم تەيىنلەشنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. ئەل ئىچىدىكى ئىشپىيونلۇق ھەرىكەت دەسلەپتە سەل پەسەيگەندەك بولسىمۇ، ئۇزۇنغا بارماي يېڭىباشتىن يامراپ كەتتى. 6 - ماددىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى يېنىكلەشتۈرۈش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش دېگەنلەردىن قىلچىمۇ ئەسەر بولمىدى، بولۇپمۇ 5 - ماددىنىڭ روھى بويىچە دەسلەپتە ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىملار خېلى ئازايتىلغان جۈملىدىن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي قىسىملار 40 - يىلىنىڭ ئاخىرىسىدىن ئىلگىرى ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، 1941 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ بىرىنچى نۆۋەت كۆكتوقاي-

غا 300، چېكىتلەرگە 200، «ئالتۇن قازغۇچىلار» نامى بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەك كۈتۈلمىگەن يەردىن خېلى كۆپ ئادەملەر يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال خەلق ئاممىسى ئىچىدە «ئالدىنقى بىر نەچچە مادىلىق بىتىم شەرتلىرى نېمىشقا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ»، دەپ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، گۇمانلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىش - مىش گەپلەر كۆپىيىپ، ئالاقزادىلىك پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەستىن كۆكتوقايغا يەنە 400، چېكىتلەرگە 200 «ئالتۇن قازغۇچىلار» كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئىككى ناھىيىگە ئىككى نۆۋەتتە كەلگەن «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ ئومۇمىي سانى 1100 كىشىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ ماشىنا - ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىۋاتقان يۈك - تاقلىرى «جوتا، لوم، گۈرجەك» بولماستىن، ئەكسىچە پىلموت، مىلتىققا ئوخشاش ھەربىي ئەشيالار ئىكەنلىكى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى كادىرباي تەرىپىدىن سېزىپ قېلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى راقات شيەن-جاڭغا ئىنكاس قىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن بىر - ئىككى كۈن كېيىنلا كادىرباي ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كېتىدۇ. راقات ئۇنى سۈرۈشتە قىلسا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپى (خەنزۇ) «قىردىكى ئۆيىگە كەتكەنىدى، تېخى قايتىپ كەلمىدى» دەيدۇ. راقات، كادىرباينىڭ ئۆيىگە كىشى ئەۋەتسە ئۇ ئۆيىگە قايتمىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ساقچى ئورنى ئۇنىڭ «ئالتۇن قازغۇچىلار» توغرىسىدىكى مەخپىيەتلەرنى سېزىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ ۋىلايەتكە ئەۋەتكەن، ھەمدە راقات، كادىرباينىڭ دېرىكىنى سۈرۈشتۈر-



گەن كۈنى كېچىدە سەككىز ئەسكەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى راقاتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ئۇنى تاپالماي ئۆيدىكى خىزمەتچىسىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. راقات ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى كەچتە شەھەرگە يېقىن ئەتراپتىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىكەن، ئەتىسى قايتىپ كەلسە، ئەھۋال باشقىچە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلانغان راقات شۇ كۈنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، يايلاقتىكى ئاۋۇلغا قېچىپ كېتىدۇ، ھەمدە بولغان ئەھۋالنى خالىل باشلىق ئادەملەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. خالىل، ئىسمىخان، سۇلەيمەن، زەينەل، قالمان، شارىپ قاتارلىقلار مەسلىھەت قىلىشىپ «ھۆكۈمەت ئۆتكەن يىلقى بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلمىغانلىقى بويىچە تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە كىرىشىشكە باشلىغان ئىكەن، ئەمدى بىزمۇ قاراپ ياتمايلى»، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، ھۆكۈمەتنىڭ 200 دەك «ئالتۇن قازغۇچىلىرى» راقات شيەنجاڭ بىلەن كادىرباي جۈيجاڭ يوقىلىپ كەتتى، ئاشۇلارنى ئىزلەپ يۈرىمىز، دېگەن باھانا بىلەن ئەل چېتىگە كېلىپ، سۈرتى دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق 20 نەچچە ئائىلىنىڭ چارۋا - ماللىرىنى بۇلاپ، تۆت ئادەمنى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سۇلەيمەن، كەلەسلەر بىر قانچە ئادەم بىلەن كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بەش ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، تۇتۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان تۆت ئادەملىرى بىلەن بۇلاپ ئەكېتىۋاتقان 30 غا يېقىن يىلقىسىنى تارتىۋالىدۇ.

يۇقىرىدىكىدەك بىر مۇنچە ئەھۋاللار بىلەن سۈركىلىشلەر تۈپەيلىدىن 1941 - يىلى 6 - ئايدا ئىككىنچى

قېتىمقى قوزغىلاڭ پەيدا بولدۇ، قوزغىلاڭغا كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ پۈتۈن خەلقى ئاۋاز قوشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىللار چىڭگىلنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى كۆكسەگەن قاتارلىق كىشىلەرگە خەت يېزىپ، «ھۆكۈمەت ۋەدىسىدە تۇرمىدى، بىز قوزغالدۇق، سىلەرمۇ بىزگە قوشۇلۇپ ھەرىكەتكە كېلىڭلار»، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماستىن ماقۇل بولدى، چۈنكى، چىڭگىلدىكىلەر بىرىنچىدىن ئىرىسقاننىڭ ئۆلۈمىنى ھۆكۈمەتتىن كۆرەتتى؛ ①. ئىككىنچىدىن يۇقىرىدىكى ئېيتقىنىمىزغا ئوخشاش، بۇ ناھىيىگە ئىككى قېتىمدا 500 نەپەر «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ كېلىپ ئورۇنلىشىشىغا ئۇلارمۇ قاتتىق گۇمان بىلەن قارايتتى؛ ئۈچىنچىدىن يېقىندىلا شىڭنىڭ 100 گە يېقىن «ئالتۇن قازغۇچىسى»، «ئالتۇن چىقىدىغان جاي ئىزلەپ يۈرىمىز»، دېگەن باھانە بىلەن بۇلغۇنغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان قازاق چارۋىچىلارنىڭ 50 ـ 40 يىلقىسىنى بۇلاپ ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن توققۇز ئەزىمەتنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شېڭ ھۆكۈمىتى يەنىلا چيۇزۇڭجىننى ئەۋەتتى، ئۇ كېلىپ مۇنداق ئىككى

① ئۆتكەن يىلقى 1 ـ قېتىملىق قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقان ۋاقىتلاردا ئىرىسقان كېسەل ئىدى، جانىمقان «مەن سېنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالىتىمەن» دەپ ئۇنى يېنىدا ئېپقېلىپ، دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ داۋالاتقانىدى. لېكىن دوختۇر داۋالىغانسېرى ئۇنىڭ كېسىلى ئۇنىڭدىن بەتتەر ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى بىر قانچە كۈنگە قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىشىلەر «جانىمقان ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېلىپ قېلىنىپ، دوختۇرغا كۆرسىتىمەن دەپ زەھەرلەك دورا بەرگۈزۈپ، قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەيدىغان قاراشتا ئىدى.



تەرەپلىمە ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىرسى، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىش؛ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە «تەكلىپ» قىلىش، يەنە بىرسى، كۈچ يۆتكەپ كېلىپ بېسىم ئىشلىتىپ قوراللىق باستۇرۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى تەدبىر ئارقىلىق ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ، كۆپ ساندىكى ھەربىيلەرنى يۆتكەپ كېلىشكە پۇرسەت يارىتىش ئىدى. شۇڭا بىرىنچى قېتىم 7 ـ ئاينىڭ 20 كۈنلىرىدە قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئەبىلماجىن گۇڭ، قابىل تەيجى، مامىلە زەڭگىلىرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، «قانداق پىكىر ـ تەلەپلىرىڭلار بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، لېكىن قوراللىق قوزغىلاڭ قىلماڭلار»، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. خالىل باشلىق قوزغىلاڭچىلار «باشقا پىكىر ـ تەلەپلىرىمىز يوق، پەقەت ئۆتكەن يىلقى بىتىم شەرتلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى دەرھال كۆرسىتىلسۇن، بولمايدىكەن، قوزغىلاڭ قىلغىنىمىز قىلغان»، دېگەن جاۋابنى بېرىپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، جانىمقان، قاجىنابىي، قاقىش قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، خالىل، ئىسىمخان، زەينەل، راقات، شاردىي قاتارلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ 10 نەچچە باشلىقلىرىنى ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنىڭ سارسۇمبىگە ياكى كۆكتوقاي شەھىرىگە كېلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «بىتىم» قىلىشقا چاقىرتىدۇ. خالىللار بۇنىڭ بىر خىل رەزىل ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالداپ تورغا چۈشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شەھەرگە بېرىشتىن قەتئىي باش تارتىدۇ.

«ئەگەر ھەقىقەتەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان بولسا، چيۇ ئۆزى بىز تۇرغان جايغا كەلسۇن» دېگەن جاۋابنى بېرىپ قايتۇرىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەمدىلا گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپتىن قايتىپ كەلگەن دەلىلخان سۇگۇربايېفنى ① ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە ئايروپىلان بىلەن كۆكتوقايغا كەلتۈرۈپ، «ھۆكۈمەت كۈچلۈك، قوللىرىڭىزدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار، ھۆكۈمەت سەنلەرنىڭ بۇ قېتىمقى سەۋەنلىكلىرىڭنى ئەپۇ قىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بوقاتنىڭ نامىدىن خالىپلەرگە قارىتىپ خەت يېزىپ، دەلىلخان سۇگۇربايېفنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. خالىپلەر ئۇنىڭغا «ھۆكۈمەتنىڭ دوق قىلىشىدىن قورقمايمىز، چۈنكى بىز بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئېلىشىپ كۆرگەن، پەقەت ئەيبلىمەجىنلەر كەلگەندە قايتۇرۇلغان جاۋابلىرىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسىلا ئاندىن قوزغىلاڭ قىلمايمىز» دېگەن جاۋابنى بېرىپ قايتۇرىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كېيىن ۋەكىل ئەۋەتىش توختايدۇ، چۈنكى شېڭ ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئۈچ قېتىملىق ۋەكىل بېرىپ قايتىش جەريانىدىكى ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە تۆۋەنكى ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق يەرلەردىن تۆت مىڭ كىشىلىك (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئالتە مىڭ كىشىلىك) ھەربىي كۈچنى كۆكتوقاي دائىرىسى ئىچىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ ئالىدۇ.

① دەلىلخان سۇگۇربايېف 1940 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ، شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن 1936 - يىلىدىن كېيىن شېڭنىڭ زوراۋانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭدىن ئايرىلىپ گەنسۇ، چىڭخەي دائىرىسىگە كۆچۈپ كەتكەن 20 مىڭچە قازاقلارنى نەسىھەت قىلىپ شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بېرىپ، 10 ئايدەك شۇ تەرەپتە بولۇپ قايتقانىدى.



چيۇزۇڭجۈن بوقات بىلەن دەلىلخاننى بىللە ئېلىپ سارسۇمبىگە قايتىدۇ - دە، ئالتاي قوماندانلىق شتابىنىڭ زوڭ زىنخۇيى جاڭ يۇفىڭ، ئالدىنقى سەپ قوماندانى ياۋ شۇڭنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن تۆت پولك ئەسكىرىنى بىراقلا ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارىتا چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇ مەزگىللەردە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەم سانى خېلى كۆپ بولغىنى بىلەن، قوراللىرى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى، پەقەت ئۆتكەن يىلى قورال تاپشۇرۇشتا يوشۇرۇپ قالغان ئاز - تولا مىلتىقلىرى بىلەن بۇ يىل 7 - ئايدىن باشلاپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن كىچىك دائىرىدە توقۇنۇشۇپ قېلىش جەريانىدا غەنىيمەت ئالغانلىرى بولۇپ، ئاران 100 دەكلا قوراللىرى بارئىدى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى باشلانغاندىن كېيىن، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ، يەبەتى، شىقىنتى، قۇۋ ئۆي، تارشاتى، سايقىنبۇلاق، ئالايغىر قاتارلىق جايلاردا بىر ئايغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە كەينى - كەينىدىن ئالتە قېتىم شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولىدۇ. شېڭنىڭ تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇنى يەردىن ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايروپىلانلىرى ھەركۈنى ئاز دېگەندە 3 - 4 قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 - 5 تىن كېلىپ بومباردىمان قىلىپ ۋە پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. دەسلەپكى ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار قاتتىق قەيسەرلىك كۆرسىتىپ، كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. نۇرغۇن قېتىم ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرىدۇ، 100 گە يېقىن قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. لېكىن تارشىتىدىكى 4 - قېتىملىق ئۇرۇشتا ۋە باشقا ئۇرۇشلارغا، باشتىن - ئاخىر قوماندانلىق قىلىپ

يۈرگەن سۈلەيمەن باتۇرغا ئوق تېگىپ قازا تاپىدۇ. بۇ
ئەھۋال قوزغىلاڭچىلارنى پەقەت قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە
سېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا روھىي جەھەتتىنمۇ كۈچ-
لۈك زەربە بولىدۇ. دېمەك شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ
غەيرىتى ئاجىزلىشىپ، قەددىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوت كۈچىدىكى پەرقىنىڭ بەك-
مۇ چوڭ بولۇشىمۇ قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن بارغانسېرى پايدى-
سىز فاكتورغا ئايلىنىۋېرىدۇ، نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار بۇ
ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بول-
دۇ. دېمەك تارشاتى ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئۈچ ھېپتىلىق جەڭ-
نىڭ ھەممىسىدە شىڭ ئارمىيىسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ
ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئورۇنلاشقان
ئارقا سەپكە بەك يېقىن كېلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ
كۆپلىگەن خوتۇن - بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوزغىلاڭ-
چىلارنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان شىڭ
ئارمىيىسى بولسا، ئارقا تەرەپلىرىدە بارغانسېرى تۈۋەنلەپ
ياققان قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ بار ئىدى.
شۇڭا قوزغىلاڭچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئامالسىز تىز پۈكۈپ
تەسلىم بولۇپ، كۆكە بۇلاق، سار بۇلاققا كۆچۈپ كېلىدۇ،
پەقەت خالىل، ئىسمىقان، زەينەل، راقات قاتارلىقلار باش-
لىغان 300 دەك ئادەملا كۈرتى بېشىدىكى تاغقا قېچىپ
كېتىشىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چىۋۇزۇڭ جۇن يەنە بىر
قېتىم جانىمقاننى خالىپىللەرگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ،
جانىمقان بېرىپ: «قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆي-
لىرىڭلارغا قايتىڭلار، ھۆكۈمەت سىلەرنى جازالىمايدۇ، مەن



قولۇمدا قۇرئان، ئاغزىمدا خۇدا بار ھاجىمەن، ئۆتكەن
يىلىدىكى بىتىممۇ ئۆز كۈچىگە ئىگە بولۇۋېرىدۇ، مەن سى-
لەرگە مۇشۇ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىغا قەسەم
ئىچىپ، ۋەدە بېرىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالىپىللەر
بېقىنىپ (تەسلىم بولۇپ) كۆكە بۇلاقتىكى ئاۋۇللىرىغا قاي-
تىپ كېلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جانىمقان ئادەم ئەۋەتىپ
«كۆكە بۇلاق ئەتراپىدىكى قاراتاش دېگەن يەردە (بۇرۇلتو-
قاي چارۋىچىلىرىنىڭ كۈز مەزگىللىرىدە ئولتۇرىدىغان ياي-
لىقى، سارسۈمبىگە 100 ك. م دەك كېلىدۇ.) بىر مۇھىم
يىغىن ئېچىلىدۇ، بارلىق ئەل باشلىقلىرى بىلەن ئاقساقال-
لار ئاشۇ يەرگە يىغىلىڭلار» دەيدۇ، خالىپ باشلىق 40 دەك
ئادەم كېلىدۇ، جانىمقان ئالدى بىلەن يىغىن قاتناشقۇچى-
لىرىغا «شىڭ ئاتىمىزنىڭ سالىمى» دەپ بەزىبىر يالغان -
ياۋىداق، ياسالما گەپلەرنى قىلىپ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى
خاتىرجەم قىلىدۇ. ئاخىرىسىدا خالىپ باشلىق 13 ئادەمنى
«سارسۈمبىگە بېرىپ، كونا دوستۇڭلار چىۋ بوۋاي بىلەن
يۈز كۆرۈشۈپ قايتىڭلار» دەپ ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش كاتىپى لى جۇنيۇن
بىلەن بىللە خالىپىللەرنى ئەگەشتۈرۈپ سارسۈمبىگە ئېلىپ
كېلىدۇ. خالىپىللەر سارسۈمبىگە كەلگەندىن كېيىن، چىۋزۇڭ-
جۇنمۇ ئۇلارغا بىر مۇنچە يالغان - ياۋىداق، تاتلىق گەپ-
لەرنى قىلغاندىن كېيىن، «مەن سىلەرنى دۇۋبەن ئاتاڭ-
لارنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، يۈز كۆرۈشتۈرىمەن، ھەم
ئەپۇ قىلدۇرۇپ، قايتۇرماقچى بولۇپ ئولتۇرىمەن، باشقىچە
گۇمان - ئەندىشىدە بولماڭلار، بۇقات بىلەن دەلىلخان سۇ-
گۇرباييېفمۇ سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ بىللە بېرىپ قاي-

تىدۇ»، دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن دەلىلخان سۇ-
گۇربايېفتىن باشقىلىرى (مۇشۇ ئارىلىقتا دەلىلخان سۇگۇر-
بايېف ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كېتىدۇ) بۇقات ۋالىي ئىچىدە
خالىل، ئىسمىقان، زەينەل، راقات، شارىي، كارىبباي، قال-
مان، بورانباي، قاقىش، ئىبرايىقان، ناقىشتاي، قالىم، تۇ-
مارلار ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئايرو-
دورومىدىلا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇكىشىلەردىن
كېيىن، تۈرمىدە قارا خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قېچىپ چىققان قالمان بىلەن ئالتاينىڭ 3-
قېتىملىق قوزغىلىڭى مەزگىلىدە شىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
ۋەكىل بولۇپ بېرىپ، قايتماي، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى
ئائىلىلىرىدە قېلىپ ئامان قالغان شارىي، قاقىش، قالىم
ئىبرايىقاندىن باشقىلىرى جاللات شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەش-
لىكىگە ئۇچراپ تۈرمىدە ئۆلىدۇ. كېيىنكى خەۋەرلەرگە ئاساسلا-
نغاندا، بۇ 14 ئادەمنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق سوراق قىلى-
نىپ، باش جىنايەتچى دېگەنلەر بۇقات، قالىل، ئىسمىقان،
زەينەل، راقات بەش كىشى بولىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئازىراق توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك
بىر ئەھۋال، بۇقات نېمە ئۈچۈن خالىللار بىلەن قولغا
ئېلىندى، دەلىلخان سۇگۇربايېف قانداقىسىگە ئۇشتۇمتۇت
يوقاپ كەتتى؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

بۇقاتنىڭ قولغا ئېلىنىشىدا ئاساسىي سەۋەب بولغان
نەرسە، شىڭ شىسەي 1941 - يىلى 4 - ئايدا كۆكتوقاي،
چىڭگىل ناھىيىلىرىگە جىق ساندىكى «ئالتۇن قازغۇچى»
ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى ئۆزىگە ئايان بولغانلىقتىن، ئالتاي-
دا يەنە بىر قېتىم چوڭ ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ



مۇمكىنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، 4 -
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ بۇقاتنى
ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ كەلتۈردى. بىر قانچە كۈن،
شۇ چاغلاردا ئەڭ ئالىي كۈتۈش ئورنى ھېسابلىنىدىغان
غەربىي باغچىدىكى (شىگوڭيۈەندىكى) «ئالاھىدە مېھمان-
خانا» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ راسا كۈتىدۇ، ھەمدە «سەن ۋالىي
بولغاندىن بۇيان خىزمەتنى ياخشى ئىشلىدىڭ، مەن سېنىڭ-
دىن ئىنتايىن رازى» دەپ ماختايدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى
تۈرمىدە ياتقان دادىسىنىڭ ئىنىسى شەمسىنى، ئۆزىنىڭ
بىر تۇغقان ئىنىسى ئەنۋەرنى، قېيىنئاتىسى قابىلنى، قېيى-
نى ئاكىسى مۇقاشنى، قېيىنى ئىنىلىرى مانكەن بىلەن
ماقاتنى تۈرمىدىن چىقىرىپ بېرىدۇ؛ شەمسىي، مۇقاش،
ئەنۋەر ئۈچىسىنى ئۈرۈمچىگە ئېپقېلىپ خىزمەتكە ئورۇن-
لاشتۇرىدىغانلىقىنى، قالغانلىرىنى ئالتايغا يولغا سالغۇزۇپ
قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇندىن باشقا 1938 - يىلى قول-
غا ئېلىنغان دادىسىنىڭ چوڭ ئىنىسى ماگكەينى يۈرەك
كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى، دەپ ئۇقتۇرۇپ، جەسىتىنى
ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلىدۇ. بۇلاردىن باشقا شەخسەن ئۆز-
گە بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى سوۋغا قىلىدۇ. ۋالىي مەھكىمە
ھېسابىدا بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىشى
ئۈچۈن بىر ئەمكى (يەڭگىل - لوككاۋوي) ماشىنا پۇشاتتۇ-
رۇپ بېرىدۇ. ئاخىرىسىدا «ئالتايدىن بۇنىڭدىن كېيىن يەنە
بىرەر چوڭ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىنى ساڭا تاپشۇر-
مەن» دەيدۇ. چۈنكى شىڭ ھۆكۈمىتى ئالتاي قازاقلىرى
ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىككى ئادەم بار، ئۇنىڭ بىر-
سى، شارىپقان، يەنە بىرسى بۇقات. ئۇ، قارىماققا بىر

بەيسى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تەسىرى - رولى ئەمەلىيەتتە ئالەن ۋاڭدىن ئالاھىدە چوڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھازىر ۋالىي، شارىپقان بولسا ئۆز قولۇمدا (تۈرمىدە)، ئالەن بولسا ئۈرۈمچىدە، شۇڭا ئالتايدا يەنە بىرەر چوڭ ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇش - تۇغۇلماسلىقى ھەقىقەتەن بۇقات بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. دېمەك ئالتايدا ئۇنىڭسىز ھېچقانداق ئادەم مىدىر قىلالمايدۇ، دېگەن قاراشتا بولىدۇ. ئەمما كېيىن يەنە قوزغىلاڭ پەيدا بولىدۇ، شېڭ ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ پەردە ئالدىدىكى ئاشكارا قوماندانى خالىل، ئارقىدىكى پىلانلىغۇچىسى بۇقات دەپ پەرەز قىلىدۇ. چيۇزۇڭجېننىڭ 7 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى ئىچىدە قابىلنى (بۇقاتنىڭ قېيىنى ئاتىسى) قاتناشتۇرۇشتىمۇ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىسى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادىمى دەلىلخان سۈگۈرباييېۋ بولسىمۇ (بۇقات ئىككىسى دوست ۋە قىز ئۈزۈشىپ، قىز ئالغان قۇدا ئادەملەر) «ئەگەر بۇقاتنىڭ قوزغىلاڭچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق بولسا، ئۇنىڭدا بۇقات بۇلار ئارقىلىق ھۆكۈمەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئوبدان خىزمەت قىلىدۇ - دە، خالىللەرنى قوزغىلاڭ قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ. ئەگەر نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقسا، بۇ قوزغىلاڭنىڭ پىلانلىغۇچىسى بۇقات دېگەن پەرىزىمىزنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدۇ»، دېگەن ئاساستا ئىش ئېلىپ بارغانىدى. شۇڭا ئاخىرىسىدا بۇقاتنى باش جىنايەتكار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خالىللەر بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ جەسىدىنى 1956 - يىلى كۆزدە چىن تەنچۇ، ماۋزېمىن



قاتارلىق يولداشلارنىڭ جەسىدىنى قېزىپ ئېلىپ ئۇلانباي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىغا كۆچۈرگەندە، شۇلار بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر جازا مەيدانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، بىر ئازگالغا كۆمۈلگەن يېرىدىن قېزىپ ئېلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ساماليوتتا ئالتايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز يۇرتى بىتەۋرىگە دەپنە قىلىندى.

دەلىلخان سۈگۈرباييېۋنىڭ «يوق بولۇپ كېتىشى»گە كەلسەك، بۇ ئادەمنىڭ 9 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ۋەكىل بولۇپ بېرىپ، چيۇنىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجە چىقىرالماي كېلىشىنى، شېڭ ھۆكۈمىتى «قوزغىلاڭچىلارنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەنلىكىدىن كۆرمەستىن، ئەكسىچە دەلىلخان ماڭار ئالدىدا بۇقاتتىن ئالغان مەخپىي يوليورۇقنى ئىجرا قىلغانلىقتىن بولدى» دەپ ئۇنىڭغىمۇ چوڭ گۇمان بىلەن قارايدۇ.

بۇقات بىلەن دەلىلخان سۈگۈرباييېۋ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن گۇمانلىق ئادەملەردىن بولۇپ قالغانلىقلىرىنى سېزىپ، قانداق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئويلىشىپ قويىدۇ. گۇمانلىنىشنىڭ ئاخىرى، خالىللەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، «شېڭ دۇۋەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قايتىش»قا بېرىپ تاقالغاندىن كېيىن، ئەمدى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى كېيىن پۇشايمان قىلىش ئىكەنلىكىگە كۆزلىرى يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكە بەل باغلايدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا بۇقاتنىڭ قېشىغا «ۋالىينىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن بانا بىلەن خېلى بۇرۇنلا ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ ئىككى ئادىمى (ئاتالمىش خۇيزۇ) ئۇنىڭ مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن قېشىدىن ئىككى غېرىچمۇ ئايرىلمايدىغان «ھەقىقىي سادىق» كانىۋېيى بو-

لۇپ ئەگىشىۋالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئادەم مۇھىم پەيتتە خەۋپ قەيېرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىپ، چىۋ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەتتىدە، دەلىلخان سۇگۇرباييېف 1941 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سارسۇمبىدىن قېچىپ چىقىپ، جىمىنەي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## ئالتايدىكى 3 - قېتىملىق قوزغىلاڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشى

1940 - يىللار ئىچىدىكى ئالتايدا پەيدا بولغان ئۈچ قېتىملىق قوزغىلاڭ، ئەمەلىيەتتە بىر بىرسىنىڭ مۇقەددىمىسى، بىر - بىرسىنىڭ داۋامى، بىر - بىرسىنىڭ رىغبەتلەندۈرگۈچىسى بولدى، ئاخىرىسىدا تەرەققىي قىلىپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى تارىخ خاتىرىسىنىڭ بىر بېتىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

ئالتايدىكى بۇ 3 - قېتىملىق قوزغىلاڭ ئومۇمەن ئېيتقاندا مۇنداق بىر قانچە باسقۇچلارنى بېشىدىن كۆچۈردى.

**I - باسقۇچ — ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىش.**

1941 - يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ لاۋۇلدىغان يالقۇنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ھەربىي بېسىم كۈچىنىڭ زەربىسىگە دۇچ كېلىپ ئامالسىز چۈشكۈنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچقۇنى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىدى، خالىپلەر، جانىمقانىڭ خۇدا بىلەن قۇرئانغا قىلغان قەسىمىگە ئىشىنىپ، ئالدامغا چۈشۈپ تەسلىم بولۇپ قايتىپ كەلگەندە،



ئوسمان، كامال قاباس قاتارلىقلار قوراللىرىنى تاپشۇرماي، 20 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ جۇڭغارىيە قۇملۇقى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇلارنى دەسلەپتە ھېچكىم ئىزلىمەيدۇ، ھەتتا ھېچكىم سەزمەيمۇ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئوسمان (1)

① بۇيەردە تىلغا ئېلىنغان ئوسمان، قەدىمكى نامى ھەممىگە مەلۇم بولغان باندىت ئوسماندۇر. ھۆرمەتلىك كىتابخانلار، ھازىر پارتىيىمىز، مەركەزدىكى رەھبەرلىرىمىز ھەممە مەسىلىدە، جۈملىدىن تارىخىي ئىشلارغا، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن شەخسلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى، رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشنى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاشۇرۇۋېتىش ئەتمەسلىك، يوشۇرۇۋېتىش قالماسلىقنى، يالغان سۆزلىمەسلىكنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئاشۇنداق ئىكەن، بىز ئوسماننىڭ ئۆتمۈشىگە نىسبەتەنمۇ بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە، يەنى ئۇنىڭ بۇرۇنقىسى بىلەن كېيىنكىسىگە، مەيلى قىلچىلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى خەلق مەنپەئىتى يولىدا ئىشلىگەن ئىشلىرى بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا خاتالىشىپ، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن جىنايىتىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ھەقىقىي رېئاللىق بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا توغرا بولغان بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئۇ ئاشۇ ۋاقىتتا ئاگاھلىق ياكى ئاگاھسىزلىق قىلغان بولسۇن، ئۇنىڭ 1946 - يىلىدىن بۇرۇنقى، بولۇپمۇ 43 - يىلىدىن 46 - يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ھەرىكەتلىرى بىر قاتار ئىلغار ئىنقىلابىيلىققا مايىل ھەرىكەت. 46 - يىلىدىن كېيىنكىسى بولسا، باندىتلىق، ئىنقىلابقا خائىنلىق ھەرىكەت دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭ بۇماقالەم پۈتۈنلەي ئالتايدىكى 46 - يىلىدىن ئىلگىرىكى ۋەقەنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغانلىقتىن، ئوسماننىڭ شۇ مەزگىللەردىكى رولىنى تىلغا ئالماسلىق رېئاللىقتىن يىراقلاشقانلىق بولىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. خوش ئەمدى ئۇنىڭ 46 - يىلىدىن كېيىنكى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك جىنايى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا، مەن يېقىن كەلگۈسىدە يەنە بىر مەخسۇس ماقالە يېزىپ بايان قىلماقچىمەن.

قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە ئىسمى چىقمىغان، 3-، 4-قاتاردىكى «باتۇر» لارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇقات بىلەن خالىپىلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلگەن سۇلەيمەن بېكتۇر ① ئون نەچچە ئائىلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوسمانلارغا بېرىپ قوشۇلىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا يەنە، 6-ئايدا «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۇقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان كادىرباي جويجاڭ پۇرسەت تېپىپ سارسۇمبىدىكى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىدۇ ۋە كورتىدا ئولتۇرغان ئاۋۇلغا بېرىپ، كەلەسىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئاكا-ئۇكىلىرىنى، خوتۇن-بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ 20 دەك ئادەم بىلەن ئومۇ ئوسمانلارنى تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار 50 دەك ئائىلە، 200 دەك ئادەم بولۇپ، قۇم ئىچىدىكى قارغاندىشىبە دېگەن يەرگە بېرىپ، مۇداپىئەلىنىپ تۇرىدۇ. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېمەك-ئىچمەكتىن قىسىلىپ قالغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا 20 نەچچە تۆگىگە گۈرۈچ ئارتىپ كېتىۋاتقان كارۋانلارنى يول توسۇپ تۇتىۋېلىپ، تۆگىلىرى بىلەن گۈرۈچلىرىنى ئەپقېلىپ ئادەملىرىنى قويىۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كۆزدە تەسلىم بولماي قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر قەيەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ ھۆكۈمىتى 42-يىلى 2-ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇلارنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋاتتان بېي، ماغاۋىيا،

① بۇيەردە ئىسمى ئاتالغان سۇلەيمەن بېكتۇر- شاقاباي سۇلەيمەن. ئۇ، يۇقىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان سۇلەيمەن نۇسىپ بىلەن باشقا-باشقا ئادەم.



زالىڭ، مامىلە زەڭگى قاتارلىق ئادەملەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئوسمانلار ئۇلارغا «باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، تۈنۈگۈنلا بۇقات بىلەن خالىپىلەرنى تۇتۇپ ئەكەتكەن ھۆكۈمەتلىرىڭنىڭ سىلەرگە تەگمەيدۇ، دېگەن سۆزلىرىگە زادى قانداق ئادەم ئىشىنىدۇ»، دەپ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۇلارنى ئېغىز ئاچقۇزماي يولغا سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ ھۆكۈمىتى بۇ «پالاكەتلەر» نىڭ ئەتىياز كېلىپ قول-پۇتلىرى يېيىشكەندىن كېيىن ئالتاي تاغلىرىغا چىقىۋېلىپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلىدۇ، يىلتىز تارتىپ يامراپ كېتىدۇ، ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قورقۇپ، مۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھازىرقى ئەڭ قىيىنچىلىق پەيتتە قورال كۈچى بىلەن بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولىدۇ. 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇرىبجابنى (موڭغۇل) باشلىق قىلىپ 200 ئەسكەر (100 نى موڭغۇللار) ئەۋەتىدۇ، ئىككى تەرەپ ئۇچبۇلاق ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ بىر مەھەل ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ئوسمانلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، 17-18 ئادەم بىلەن قېچىپ چىقىپ قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. قالغانلىرىنى بۇرىبجابلار تەسلىم قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇ قاتاردا ئوسمان، سۇلەيمەن، قاباس، كادىرباي قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى سارسۇمبە شەھىرىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ. مۇشۇ تۆھپىسى ئۈچۈن بورىبجاپ دەرھال ئۆتكەن يىلى كۈزدە سوۋېتكە قېچىپ كەتكەن دەلىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ ئورنىغا سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولىدۇ.

3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كۆكتوقاي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى كەلەسنى شەھەرگە كېلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، كەلەس بۇنىڭ ياخشىلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ، چۈنكى ئۇ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى «باتۇر»لارنىڭ بىرسى ئىدى؛ يەنە كېلىپ ئۇ، ئۆتكەن يىلى قىشتا تۈرمىدىن قاچقان ھېلىقى كادىرباي جۈيجاڭنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئوسمانلار تەرەپكە يولغا سېلىپ قويغانىدى. دېمەك ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان تەقدىر تۈرمە ياكى ئۆلۈم ئىدى. شۇڭا ئۇ، يېقىن تۇغقانلىرىدىن 20 دەك ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، قازانقۇمدا تىقىلىپ ياتقان ئوسمانلارغا بېرىپ قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار 40 تەك ئادەم بولۇپ، بەيتىك تېغىغا يېقىن بولغان قارامايىل دېگەن يەرگە بارىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى چارۋا باققان پادىچىلار ئارقىلىق ئاڭلاپ قالغان شېڭ ھۆكۈمىتى، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالگاجىدار، ماسەي، سىيىت دېگەن ئۈچ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ، ئوسمانلارنى بېقىندۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، مالگاجىدارلار ئىزلەپ بېرىپ ئوسمانلارنى تاپالماي قايتىدۇ، لېكىن ساقچى ئورنى ئۇلارنى «يالغاندىن تاپالمىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ قايتىپ كەلدى» دېگەن قاراشقا كېلىپ قولغا ئالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مالگاجىدارلار 20 نەچچە ئادەم بولۇپ قېچىپ يەنە ئوسمانلارغا بېرىپ قوشۇلىدۇ - دە، ھەممىسى بىللە 4 - ئاينىڭ ئاخىرى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرىدە ئوسمان ئۆزىنىڭ بىر



تۇغقان يالغۇز ئىنىسىگە «ئەگەر ھۆكۈمەت سارسۇمبىدىكى نەزەربەنت قىلىپ قويغان خوتۇن - بالىلىرىمنى ئەكېلىپ بېرىپ، ئىشەنچ بىلدۈرسە تەسلىم بولىمەن» دېگەننى ئېيتىپ، كۆكتوقاي شەھىرىگە ئەۋەتىدۇ، شېڭ ھۆكۈمىتى دەرھال ئوسمانغا ئادەم ئەۋەتىپ «ئۇكاڭ قاتتىق قىزىپ ئاغرىپ قالغانلىقتىن قايتالمىدى، ئەمما بالا - چاقىلىرىڭنى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قاجىنابىي شىيەنجاڭ بىلەن ماغاۋىيە ۋە زالىڭلار ئېلىپ بېرىپ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، شىققىنتىدىن كۈتۈپ ئالغىن» دەپ خەۋەر قىلىدۇ.

ئەسلى بۇ مەسىلىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېيتقان سۆز، ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۆز - ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويغان مەخپىي مەقسەتلىرى بار ئىدى. ئوسماننىڭ مەقسىتى مۇشۇنداق قىلساڭلار تەسلىم بولىمەن، دەپ ئالداپ، خوتۇن - بالىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالماقچى؛ شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىدى، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى بېلىق تۇتىدىغان قاماقنىڭ قىزىل يېمى قىلىپ ئالداپ، شۇ ئارقىلىق ئوسمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان قۇرۇپ قويغان تورىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئېلىپ، ئەدىپىنى بەرمەكچى ئىدى. قاجىنابىيلەر ئوسمان قاتارلىق قوۋت ئائىلىسىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى 300 دەك ئەسكەرنىڭ «مۇھاپىزەت» قىلىشى بىلەن ۋەدە قىلغان يەرگە ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن ئوسمانلار خېلى يىراقتىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئۇچراشماي قويىدۇ - دە، «بوپتۇ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن خوتۇن - بالىلار يىراق سارسۇمبىدىن يېقىن - كۆكتوقاي ئەتراپىغا كېلىدىغۇ، كېيىنچە بىر گەپ

بولار»، دەپ قايىرتىنىڭ بېشىدىكى تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇقېتىم ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە ئويلىغان مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيدۇ.

6 - ئاينىڭ باشلىرىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئىچىدە كېلەچەك مەسىلىسىگە ئائىت بەزىبىر پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلدۇ، 9، 10 ئاي ئائىلە، بالا - چاقىلىرىدىن، ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئاچ - يالىڭاچ، ئۇيقۇ يوق، كۈلكە يوق، سوغۇققا توڭلاپ، ئىسسىققا پىشىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس - دە؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە روھقا ئوزۇق، كۆڭۈلگە مەدەت بولارلىق كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرەر ئۈمىدنىڭمۇ دېرىكى يوق ئىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تۇرغان بىرپەيتتە، شېڭ ھۆكۈمىتى ئوسمانلار تەرەپكە يەنە سالىق تەيجى، ئادىلقان بىي قاتارلىق ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ «نەسىھەت» قىلدۇرىدۇ، بۇنىڭغا ئوسمان، كەلەس باشلىق بىر مۇنچىسى قۇلاق سالمايدۇ، لېكىن قاباس، ئابدىراقمان، كادىرباي قاتارلىق 5 ، 6 ئادەم تەلەپلىرىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، تەۋەككۈل قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ. ئەمما ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەستىن 8 - ئايغا كەلگەندە، كادىرباي يېڭىباشتىن قولغا ئېلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ۋەكىل بولۇپ بېرىپ، نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان ئوسماننىڭ ھېلىقى ئۇكىسىمۇ قولغا ئېلىنىدۇ (بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ كېيىن تۈرمىدە ئۆلدى). بۇنى كۆرگەن ئابدىراقمان، قاباس قاتارلىق قايتىپ كېلىپ تەسلىم بولغانلارلا ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن يىلى قوزغىلاڭغا قاتناشقان بىر مۇنچە ئادەملەردىمۇ قورقۇش پەيدا بولىدۇ.



نەتىجىدە ئابدىراقمان، قاباسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 تىن كۆپرەك ئادەم قېچىپ چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلىدۇ.

1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قابىي (خالىلنىڭ ئىنىسى)، جەمشىت (زەينەلنىڭ ئاكىسى)، قاقاشالار ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقان خالىل بىلەن زەينەل، راقاتلارنى يوقلاپ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. شېڭ ھۆكۈمىتى بۇلارنى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ تاشلايدۇ. لېكىن ئۇلار بىر ئامالىنى قىلىپ قېچىپ چىقىپ كۆكتوقايدىكى ئۆيلىرىگە قايتىپ بارىدۇ. خالىلنىڭ 3 - ئوغلى سايىپ «كېيىنچە بىرەر چاتاق چىقىپ يۈرمىسۇن» دېگەن توغرا مەقسەت بىلەن، بۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي ئەھۋالنى باشتىن - ئاياغ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىغا بېرىپ مەلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىلىك ساقچىنىڭ 20 نەچچە ئادىمى قابىيلەرنى تۇتۇشقا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سايىپلار پۈتۈن ئاۋۇلى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بارغان ئەسكەرلىرىنىڭ 4،3 نى ئۆلتۈرۈپ، باغلاپ قويغان ئادەملىرىنى بوشىتىپ ئېلىپ، غەنىمەت ئالغان مىلتىقلىرى بىلەن قوراللىنىپ، جەمئىي 30 دەك ئادەم بولۇپ قېچىپ چىقىپ ئوسمانلارغا بېرىپ قوشۇلىدۇ.

1943 - يىلى يانۋاردا، شېڭ ھۆكۈمىتى ئوسمانلارغا قاراشلىق ئەل ئورۇنلاشقان ئۇندىر قاراغا 300 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قوزغايدۇ، لېكىن شېڭ ئەسكەرلىرى

ئۆزلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ 40 نەچچە ئادىمىنى يوقىتىپ، 300 گە يېقىن مىلتىقنى غەنىمەت ئالىدۇ، مۇشۇ ئۇرۇشتا سايىپ خالىپل ئوغلى قازا تاپىدۇ.

1943 - يىلى 2 - ئايدا چىڭگىل خەلقىدىن بىرىنچى بولۇپ سۇلۇباي، تەسكەمباي، توقتاۋبايلار باشلىغان 20 نەچچە ئادەم كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بۇ 3 - قېتىملىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاتارىدا چىڭگىلدىن ئاساسەن ھېچكىم يوق ئىدى، مۇشۇنىڭدىن كېيىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىڭ ئارمىيىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا قارامايلى، جىيەك، قولانبۇلاق، بالىبېرتىش، كۆرتى، كۆجىرتى قاتارلىق يەرلەردە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە، ئومۇمەن ئېيتقاندا قوزغىلاڭچىلار «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش، قېچىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇش قىلغاچ يۈرۈپ ئازدۇرۇپ كېتىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، جۇدۇڭلۇققا ئىگە بولىدۇ، شىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر 80 - 70 ئادىمىنى يوقىتىپ، 50 - 40 قورالىنى غەنىمەت ئالىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرسى بولغان بالىبېرتىش جېڭىدە، ئوسماننىڭ ئاستىدىكى ئاتقا ئوق تېگىپ، پىيادە قېلىپ قولغا چۈشۈش خەۋپى ئاستىدا قالغاندا، سۇلۇباي يېغىپ تۇرغان ئوققا قارىماستىن ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ئوسماننى كەينىگە مىنگۈزۈۋېلىپ، قېچىپ قۇتۇلدۇرۇپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ (سۇلۇباي)، بىرىنچى قېتىم ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، «باتۇر» دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، 1941 - يىلى 2 - قېتىملىق قوزغى-



لاڭدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ نائىلاج تەسلىم بولغانلاردىن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلەردىن بىردىن - ئىككىدىن، بەشتىن، ئالتىدىن ھەتتا 40 - 30 تىن بولۇپ، قېچىپ چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. پەقەت ئالتاي دائىرىسىدىنلا ئەمەس، ئېرەنقاۋىرغا ئەتراپىدىن، قۇمۇل، بارىكۆلدىنمۇ قېچىپ چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلار ئاز بولمىدى؛ مەسىلەن: بارىكۆلدىن قوۋانىشباي قاتارلىق قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بىر مۇنچە ئادەملەر، ئالتايدىكى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققان توقتاغان، سىپىندىسكوپ (رۇس)، فوكاڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققان جولدىباي (44 - يىلى ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاندى)، ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققان قالمان قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلار قاتارىغا بېرىپ قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1943 - يىلى 6 - ئايلارغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سېپى زورىيىپ 400 گە يېقىن ئادىمى، 150 دەك قورالى بار خېلى چوڭ بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەم سانى جەھەتتىن مۇنچىلىك تېز كۆپىيىشى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز رەقىبلىرىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ پايدىلىق بىر ئامىل بولغانىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم سانىنىڭ قىسقىلا بىر ۋاقىت ئىچىدە بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشى، قوزغىلاڭچىلارغا ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك، ئات - ئۇلاق ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئادەتتىكى ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ھەل

قىلىشلىرى مۇمكىن بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنىمۇ بىللە
ئېلىپ كەلدى، شۇڭا بۇلار «كۆز قاراڭغۇلاشسا تام ئۇسسۇ»
دېگەنگە ئوخشاش، ھەر تەرەپكە قاتراپ، يول تۇسۇش،
ئوغرىلىق قىلىش، ھەتتا بۇلاپ - تالاشقا ئوخشاش باشقا-
لارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ناتوغرا، قوپال
ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مۇشۇ جەريانىدا، ئالتاي،
بوغدا تاغلىرىدىكى خەلقلەرگىلا ئەمەس، ھەتتا موڭغۇلىيە-
گىمۇ تىنچلىق بەرمەيدۇ. بىر قانچە قېتىم چېگرىنى بۇزۇپ
بېرىپ، ئۇلارنىڭ يىلقا، تۆگىلىرىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. قوغلاپ
كەلگەن بىر نەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. مۇشۇن-
داق ئەھۋالدا، 1943 - يىلى 7 - ئايدا موڭغۇلىيە تەرەپ
قوزغىلاڭچىلارغا قامقاش (قازاق) دېگەن ئادەمدىن خەت
ئەۋەتىپ، سىلەرنىڭ شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى چى-
قىپ قوراللىق كۆرەش قىلىشىڭلارنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى توغ-
را، لېكىن كۆرۈنگەنلەرگە ئۇرۇنۇپ، يارىماس ھەرىكەتتە
بولۇشۇڭلار مۇۋاپىق ئەمەس. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ مۇنداق
قىلىشىڭلار بەزىبىر ئامالسىزلىقتىن بولغانلىقىنى بىز چۈشى-
نىمىز، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ناتوغرا ھەرىكەتلەردىن
ۋاز كېچىپ، مىللەتنى پەقەت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلاشقا قارىتىڭلار؛ ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشقا قو-
شۇلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرنى قوللايمىز، ھەممە يېقىن-
دىن ياردەم قىلىشقا تەييارمىز»، دەيدۇ. بۇ ئەھۋال قوز-
غىلاڭچىلارغا كۈچلۈك روھى ئوزۇق ۋە ئىلھام، مەدەت، بولۇپلا
قالماي بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشنى ئاخىرغىچە
ئېلىپ بېرىش ئىنتىزارىغا يېتەكچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار-
نىڭ تەشەببۇسلىرىغا دەرھال قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈ-



رۈپ، جاۋاب خەت يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز ئاراچۈشىنى-
شىش ئۈچۈن قاباس، شەردىمان، تەسكەمبەي قاتارلىقلارنى
ئەۋەتىدۇ (خەتكە يېزىلىدىغان گەپلىرىنى سۈلۈباي بىر ئې-
غىز - بىر ئېغىزدىن ئېيتىپ بېرىدۇ، ۋاقىت خالىل ئوغلى
يېزىپ چىقىدۇ، ئاخىرىدا ئوسمان بىلەن قابىبىنىڭ مۆھۈرى
بېسىلىدۇ). قاباسلار بىر نەچچە كۈن ئۇيياقتا بولۇپ سۆھبەت
ئۆتكۈزۈپ، رازى بولۇپ خۇشال - خورام قايتىدۇ، موڭغۇ-
لىيە تەرەپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن ماۋزېر، ئوسمان-
غا مەخسۇس بىر ئاپتومات (ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇلار ئاپتو-
مات دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئىدى)، بىر دۇ-
رېگى، قابىي پىتمىشى ئوغلىغا بىر ماۋزېر تەقدىم قىلىپ
ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ تەكرار - تەكرا تەكلىپ قىلىشى بىلەن، 9 - ئاينىڭ
باشلىرىدا موڭغۇلىيە تەرەپ قالقاباي، غابدىل، قورمانقان
قاتارلىق ئالتە ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغان مەسلىھەتچىلەر
گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي «خەلقنىڭ شىڭ
شىسەيگە قارشى تەشكىلاتى» ① دېگەن تەشكىلات قۇرۇ-
لىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تاي سويۇپ توي قىلىپ،
جانىبېكنىڭ ② تۇغىنى ئېلىپ چىقىپ تىكىدۇ. مۇشۇنىڭ-

① شىنجاڭ داشۆدە رەتلەنگەن «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» گە قاراڭ.

② جانىبېك، ئابىلاي خاننىڭ زامانىدا ئۆتكەن قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق باتۇرى، 1792 - يىلى 80 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغان. كىشىلەر ئۇنى «كېرەي جانىبېك»، «باتۇر جانىبېك» دەپمۇ ئاتىشىدۇ، ئۇنىڭ 11 - نەۋرىسى زاردقان چىڭگىل ناھىيىسىدە تۇرىدۇ. جانىبېك باتۇرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى كۆتۈرۈپ يۈرگەن تۇغى (بايرىقى) «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا قەدەر ئاشۇ ئادەمنىڭ قولىدا ساقلاقلىق ئىدى، ھازىر بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن.

دىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلار ئاستا - ئاستا توغرا يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، مەلۇم ئىنقىلابى تىندىنسىيىگە ئىگە بىر قوراللىق كۈچ بولۇشقا قەدەم تاشلايدۇ.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇلىيە تەرەپتىن بىرىنچى نۆۋەت 200 قورال (مىلتىق)، 40 پىلىموت (ئون ئېغىر پىلىموت)، 50 ساندۇق ھەرخىل ئوققا ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دەل مۇشۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە ئالتايدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل، ھەر ياڭزا ئالۋاڭ - ياساقلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، پۈتۈن ۋىلايەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى خەلقلىرىنىڭ جېنىغا پېتىپ، چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ سىرتىدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلگەن نەچچە مىڭلىغان ئەسكەرلىرىنى مىنىدىغان ئات، يۈك ئارتىدىغان تۆگە، يەيدىغان گۆش بىلەن تەمىنلەش (ئۇ چاغلاردا ئالتايدا ئاساسەن ئاشلىق تېرىلمايتتى، 90% خەلق چارۋىچىلىقنى كەسىپ قىلاتتى، شۇڭا ھەربىيلەر ئاساسەن گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشقا توغرا كېلەتتى) نىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە (يەنى، بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھەر تەرەپتىن موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشلىرى قىيىن بولغانلىقتىن)، 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسىم خەلقى بىراقلا قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ چىقتى، 10 -



ئاينىڭ باشلىرىدا سۇلتۇباي چىڭگىلدىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈشكە سەپەرۋەر قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭدا ئاممىنىڭ پوزىتسىيىسى ئاكتىپ بولدى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ، خېلى جىددىيلىشىپ قالدى، شۇڭا ئالتايدىكى بۇرۇنقى بار ئەسكەرلىرىنىڭ سىرتىدا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەينى - كەينىدىن بىر قانچە قېتىم نۇرغۇن ھەربىي قوشۇن يۆتكەپ كەلدى. بۇلار: 3 - دىۋىزىيىنىڭ 31 - پولكى، پولك باشلىقى لى كۈي، 3 - دىۋىزىيىنىڭ 32 - پولكى، پولك باشلىقى دەي كۈيجۇ؛ ئىچكى 1 - پولك، پولك باشلىقى شۈي كېيى، ھەمدە 7 - چاڭ شياڭ پولكىنىڭ ئىككى ئاتلىق يىڭى، ئىككى پىيادە يىڭى ۋە ئۆلكىلىك باۋئەن دۈيىنىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، يىڭلىرى شۇنىڭدەك يەنە بىر زەمبىرەك يىڭى، بىر تانكا لىيەنى، 300 كىشىلىك جىڭسادۈي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان جەمئىي 4650 ئەسكەردىن كۆپرەك قوشۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، بارغانسېرى يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى، ئەگەر ئىمكان بولغان تەقدىردە بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 20 لىرىدە سارسۇمبىدىن بىر پولك ئەسكەرنى ئاتلاندۇردى؛ ئۇلار كۆكتوقايدىكى ئىككى پولك ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ، قارابۇلغۇن، دۆرە قاتارلىق يەرلەردە قوزغىلاڭچىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچىلارمۇ بوش كەلمەي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئۇلار شۇنچە جىق، مۇنتىزىم

ئەسكەرنىڭ بېسىمىغا داۋاملىق بەرداشلىق بېرەلمەي، چىڭگىلنىڭ بۇلغۇن دېگەن يېرىگە چېكىنىپ بارىدۇ. بۇلارغا شۇ ھامان سۇلىۋ بايلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشقا تەييار تۇرغان ۋاقتتا، يىلقايدار باشلىغان چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ يېرىم خەلقى كېلىپ قوشۇلىدۇ. چىڭگىلنىڭ يېرىم خەلقىنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى «باندىتلاردىن قوغدايمىز» دېگەن بانا بىلەن چىڭگىل شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ.

دەل مۇشۇنداق قىيىن ۋەزىيەت يۈز بېرىپ تۇرغان جىددىي پەيتتە، 1941 - يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن دەلىلخان سۇگۇرباييېۋ 1943 - يىلى 11 - ئايدا موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئالتايغا قايتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىگە كېلىدۇ، ھەمدە ئۆزى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆمۈرخان، ھەرىبباي، ئالىيخان، قاسەن، قۇرماش، سۇلتان، جاغىپار، جاپار، دۈيسەمبېك، قالىي، نۇرمان، ساردىي (خۇيزۇ) قاتارلىق 13 ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىنچە يۇرت ئىچىدە تىكىپ قويغان كېگىز ئۆيلەرنىڭ رەڭگىگە قاراپ، «ئاق ئۆي ئادەملىرى» (سوۋېتتىن كەلگەنلەر)، «كۆك ئۆي ئادەملىرى» (موڭغۇلىيىدىن كەلگەنلەر) دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى. بۇلاردىن باشقا سوۋېتلىك گېنېرال پوپوپ، موڭغۇلىيىلىك گېنېرال دوجىلەر موڭغۇلىيىنىڭ مايقانتاش زاستاۋىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان بولىدۇ.

دەلىلخان سۇگۇرباييېۋ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن ئالماتا قاتارلىق يەرلەردە ئىككى يىل تۇرىدۇ، مۇشۇ جەريانىدا ئۇ، شەرق داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ ھەمدە مۇھىم



ئۆگىنىشلەردە بولۇش، سۆھبەتلەرگە قاتنىشىش، ھەر خىل تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مۇنچە جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق بىر قاتار مۇكەممەل ئىنقىلابىي ئىدىيە، نەزەرىيە بىلىمى، ھەربىي تەلىم - تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1943 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئىنقىلاب قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدا ھەر تەرەپلىمە ئىنتېرناتسىئوناللىق ياردەم كۆرسىتىپ قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دەلىلخان سۇگۇرباييېۋ قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە چىن كۆڭلى بىلەن ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى، دەۋر ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشىنى، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى توغرا مەقسەتلىك، مىللەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدىكى داۋلىلارنى ئوبدان چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوزغىلاڭچىلار ئۆتكەندە شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت 7 - ئايدىن باشلاپ توغرا يۆنىلىشكە يۈزلىنىشتىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خېلى تويۇق ئىنقىلابىي روھقا ئىگە، يېڭىچە ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دەلىلخان سۇگۇرباييېۋنىڭ (1)

(1) ماقالىمىزدا، دەلىلخان سۇگۇرباييېۋتىن باشقا تۆۋەندە يەنە دەلىلخان ئىسىملىك ئىككى ئادەم تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇڭا، بۇلارنىڭ فامىلىرىگە قاراپ ئايرىۋالغايسىزلەر. - ئا.

قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلۇشى تۈۋەندىكى بەش ناھىيىگىمۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە ئىنتايىن قولايلىق ۋەزىيەت ياراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى سارسۇمبە ناھىيىلىك بولۇپ، مۇشۇ ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قابا، بورچىن، جىمىنەي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇش، خەلق ئىچىدە ئابرويلۇق ئادەم ئىدى.

دەلىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلۇشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭمۇ قاتتىق دىققىتىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، 1944 - يىلىقى باھار بايرىمىدا قورچاق ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ئەل باشلىقلىرىنى ۋە باشقا ئىناۋەتلىك زاتلارنى چاقىرىپ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ زىياپەتتە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى خۇڭيۈن (بۇقات ۋالىي ۋاقتىدىكى باش كاتىپ، گۇچۇڭلۇق، قازاق تىلىنى بىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇقاتنىڭ ئۈستىدىن قويۇلغان نازارەتچى ئىدى)، سەنمىنجۇيىنى تەرىپلەپ كېلىپ ئاخىرىدا: «ھازىرقى ئەڭ چوڭ خەۋپ كوممۇنىستلاردىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بولماقتا، شۇڭا ئىنتايىن ھوشيار بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. چۈنكى سوۋېت تەرەپ كۈچىنىڭ بىرىنچە ھەدەپ ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى. مەسىلەن: مانا ئالدىمىزدا



ئۆلتۈرگەن پاتىخاننىڭ دادىسى (زىياپەتكە مېنىمۇ چاقىرىپ قاتناشتۇرغانىدى) دەلىلخاننى 1941 - يىلى سوۋېت قىزىل پاچاقلىرى يوشۇرۇن ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كېتىشىنى ھۆكۈمەتكە دۆڭگەپ قويىدى، مەقسىتى خەلق ئارىسىغا پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن ئىبارەت. دەلىلخان سۇگۇرباييېف ھازىر موڭغۇلىيە، كۆكتوقاي ۋە چىڭگىلدىكى «باندىتلار» بىلەن دائىم باردى - كەلدى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ھۆكۈمەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك قۇتراتقۇلۇق قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەڭلار! كەينىدىن ئەگەشمەڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى بولمايدۇ»، دېگەن مەزمۇندىكى گەپلىرىنى قىلىپ باشقىلارنى ئالداپ، پوپوزا قىلىپ قورقۇتماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن دەلىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ قاتتىق ئالاقزادە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

دەلىلخان سۇگۇرباييېف ئىنقىلابچىلارغا كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن تارقاق، ئىنتىزامسىز قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپكە سېلىپ، ھەقىقىي پارتىزانلىق قوشۇن قىلىپ چىقىشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ 1944 - يىلى يانۋاردا، تۆت پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاباس بىلەن كامال، قابىي بىلەن يىلقايدار، نۇرغوجاي بىلەن سۇلتۇباي، كەلەس بىلەن ئىسماغۇللار باشلىق ۋە مۇئاۋىن بولدى، ھەممە

ۋاقىتلىق بىر باش شتاب تەسىس قىلىندى. مۇشۇ ئارىلىقتا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىن ئالدى بىلەن 50 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ ئابدۇروسۇل كېلىپ قوشۇلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن كۆپ ئۆتمەي كارىپ، ماناتىلار 40 تەك ئادەم بىلەن قېچىپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي پارتىزانلىق ئەترەتلىرىنى تەشكىللىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇرغان ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1944 - يىلى 2 - ئايدا موڭغۇلىيىدىن يەنە 300 قورال كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە 50 دانىسى يەڭگىل پىلىموت، 50 دانىسى ئاپتومات، قالغانلىرى بەش ئاتار مىلتىقلار؛ يەنە 50 ساندۇق گىرانات بىلەن 30 ساندۇق ھەر خىل ئوقلار بىللە كەلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا چىڭگىل دەرياسى بىلەن بۇلغۇن دەرياسىنىڭ تۇتاشقان يېرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ياغاچ ئوبا دېگەن يەرگە جايلاشقان شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ 500 كىشىلىك بىر ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمى شۇ ھامان يوقىتىلىپ، قالغانلىرى كۆمۈشنىڭ قويغانىدىكى ئىستىھكاملىرىغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى، پارتىزانلار 150 دەك مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق - دورا قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىمەت ئېلىپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ كۆمۈشتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان قوماندانى لياۋ جىڭشىڭ بولۇپ، ئۇ، ئۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىپ مەغلۇبىيەتكە



ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ قامالغان، ئاخىرى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا كۆمۈشتىكى ئارمىيىسىگە چىڭ جۈنجېنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتىدۇ (ئۇ ئەسلى 33 - پولكنىڭ تۈەنجاڭى ئىدى).

بۇ قېتىمقى جەڭدە پارتىزانلار تەرەپتىنمۇ 15 دەك ئادەم ئۆلىدۇ ۋە يارىدار بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنى قاتتىق قايغۇغا قالدۇرغىنى سولىۋاينىڭ ۋاپاتى بولىدۇ، ئۇ، مۇشۇ ئۇرۇشتىكى بىر قېتىملىق جەڭدە كۆكسىنى كېرىپ ئاتاكىغا ئۆتكەندە، ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چىڭگىل ناھىيىسىدىن ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئۆزلىرى مەجبۇرلاپ شەھەر ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭمۇ يوشۇرۇن مۇناسىۋەت قىلىپ، يازمەزگىلى يېتىپ كېلىشى بىلەن پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئەمدى ئۇلارنى زورلۇق كۈچ بىلەن گۇچۇڭغا ھەيدەپ كۆچۈردى. قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، توقتاۋ باشچىلىقىدىكى بىر پارتىزان ئەترىتىنى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئەۋەتتى، توقتاۋبايلار يېرىم يولدا قوغلاپ يېتىپ، كۆچۈرۈلگەن ئەلنى قۇتقۇزىۋالدى. ئۇلارنى ھەيدەپ بېرىۋاتقان بىر لىيەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى، ئۆز ماكانلىرىدىن ئىختىيارسىز كۆچۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنغان خەلق شېڭ شىسەي ئارمىيىسىدىن نەپرەتلىنىپ ۋە قاتتىق غەزەپلىنىپ،

دەرھال ئىنقىلابچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ چىقىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. نەتىجىدە توقتاۋاپلار چىڭگىلنىڭ شىيەنجياڭى باشلىق دۈشمەننىڭ 40 نەچچە ئادەمنى يوقىتىپ، 30 دىن كۆپرەك قورالىنى غەنىمەت ئېلىپ، چىڭگىلنىڭ قالغان يېرىم خەلقىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ قايتىپ كەلدى.

1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، چىڭگىلدىكى شېڭ شىسەي ئارمىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پۈتۈن ناھىيە خەلقى بىراقلا پارتىزانلار تەرەپكە كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ياغاچ ئوبادىكى «ئالدىنقى مۇستەھكەم ئىستىھكام» نىڭ ئۇجۇقتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزلىرى يېتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىپ، بىگۇنا خەلقتىن 10 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، چېكىنىپ چىقىپ كۆكتوقاي شەھىرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. نەتىجىدە چىڭگىل ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ، شەھىرىمۇ ۋە سەھراسىمۇ پۈتۈنلەي ئازاد بولغان ناھىيە بولدى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە پارتىزانلار چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ 30 مىڭغا يېقىن خەلق ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئاساس قىلغان مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ئادەمگە (ئۇنىڭ ئىچىدە 600 رەسمىي پارتىزان) ئىگە بىر ئىنقىلابى كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

1943 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، مەسىلىنى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتىشنى توختىتىپ قويغان شېڭ شىسەي



ھۆكۈمىتى، ئارىدىن بىرېرىم يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنە يېڭىباشتىن «نەسىھەت» قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ھىلىسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى، 44 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، قۇسايىن ئۇياڭ (قارىغاس قەبىلىسىدىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردىكى فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ مائاۋىن ھاكىمى ئىدى، ئۇياڭ دېگىنى ۋېيىۋەن دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ قالغان) بىلەن شارىپ زەڭگىنى (1941 - يىلى بۇقات، خالىللەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان، ۋۇجۇڭشىننىڭ ئاتالمىش «خەيرىخاھلىق سىياسىتى» بىلەن تۈرمىدىن بوشاپ چىققان) پارتىزانلار تەرەپكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ باشقا بىرەر نەتىجە چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا قۇسايىن ئاخىرى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كېتىدۇ. شارىپ ئىنقىلابچىلار ئىچىدىكى ئۆز ئائىلىسىدە قېپقالىدۇ. شېڭشىسەي ھۆكۈمىتى كېيىن يەنە مەخمۇت شوكمانىن (ئۆلكىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى رەئىسى) بىلەن تارباغاتايلىق قاقىش، ئىبرايىقانلارنى يەنە بىر قېتىم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنىڭ «نەسىھەت» ىمۇ يۇقىرىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولدى.

1944 - يىلى 4 - ئايدا يەنە مۇنداق ئىككى ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەردى، بىرى، دەلىلخان سۇگۇربايېۋ 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئالتاي ناھىيىسىدىكى چولپان بۇقاتنىڭ ئايالى بىلەن شامەر مامىيېفكە، بورچىن ناھىيىسىدىكى ئەبلماجىن گوڭ (شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ

ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئىدى) بىلەن ئابدىراخمان توكۇلوف قاتارلىق كىشىلەرگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھازىر چىڭگىلدە ئىكەنلىكىنى، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ئىچكى تاشقى ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ناھىيىسىدىكى خەلققە تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلاب قىلىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەھۋال شۇ يىلى 6 - ئايدىن كېيىن مۇشۇ ناھىيىلەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىنقىلابى ۋەزىيەت ئۈچۈن ئۆز نۆۋىتىدە ئوبدان ئاساس سالىدۇ.

ئىككىنچى بىرى، موڭغۇلىيە خەلق رىسپوبلىكىسىنىڭ مەملىكەت ۋە پارتىيە رەھبىرى چويبالسان مارشال بىر مۇنچە مىنىستىر، گېنىراللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن چېگرىداش بولغان ئۆزلىرىنىڭ قوبدا، بايىنولگەي، ئەيىملىكىرىگە (ئەيمەك - ۋىلايەت دېگەن سۆز، لېكىن ئۇنىڭ مەمۇرى دەرىجىسى بىزنىڭ ۋىلايەتلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى موڭغۇلىيىدە مەركەزدىن كېيىن ئۆلكە تۈزۈمى يوق. ۋىلايەتلەر مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورنى) كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭ باشلىقلىرى ئۇلارنى دوستلۇق يۈزىسىدىن مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. چويبالسان مارشال ھەمراھلىرى بىلەن بىللە پارتىزانلار شتابى تۇرغان يەرگە كېلىپ بىر ئاخشام



مېھمان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەتىسى چويبالسانمۇ ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى موڭغۇلىيىنىڭ زەكىرخان دېگەن يېرىدىكى سەنترلى زاستاۋىغا تەكلىپ قىلىپ، بىر سوتكا مېھمان قىلىپ قايتۇرىدۇ. بۇ ئىككى قېتىمقى، ئىككى سوتكىلىق مېھماندارچىلىق جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا نېمىگەپ - سۆزلەر بولدى؟! بۇ تەرەپپى باشقىلارغا، جۈملىدىن ماڭىمۇ ئېنىق ئەمەس، لېكىن مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ ئالتايدىكى ئىنقىلابىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە، ئۇنىڭ ئوبدان ۋەزىيەت ياراتقانلىقى شەكسىزدۇر.

## II - باسقۇچ — «بېلىقنى سۇدىن ئايرىش»

1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئالتاي پارتىزانلىرى ئۆز دائىرىسىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بىرلا ۋاقىتتا ھەر بىرىسى 200 ۋە 300 كىشىلىك 4 پارتىزان ئەترىتىنى سارسۇمبە، بۇرچىن، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن مۇشۇ ناھىيىلەردە بىر ئىنقىلابى ۋەزىيەت يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنى ئۆز تەرەپلىرىگە ئۆتكۈزۈ-

ۋېلىپ، يىراق جايلارغا كۆچۈرۈپ كېتىش؛ شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى، ئارمىيىسىنى بىر مەھەل «سۇدىن ئايرىلغان بېلىق» قا ئوخشاش قىيىن شارائىتقا چۈشۈرۈپ، ھەممە تەرەپتىن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەپتىن ئوبدان ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاندىن رەسمىي قوراللىق كۈچ ئىشلىتىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قولايلىق شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇ مەقسەت بويىچە، ۋاڭشىباي بىلەن نۇرغوجاي باشقۇرغان بىر ئەترەت بىلەن نوغاي (ئادەم ئىسمى)، باشقۇرغان بىر ئەترەت بىلەن ئابدۇرۇسۇل ۋە مانات باشقۇرغان بىر ئەترەت بىرلىكتە موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بويلاپ ئۆرۈمچىگىچە كېتىلىك ئارچا ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئاندىن قارا ئېرتىش بىلەن سۇمدايرىق دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇلىنەمەس، ئىككى ئاشا، ئاقبۇلاق، ۋۇچىلىك قاتارلىق چوڭ يايلاقلاردا ئولتۇرغان سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ يېرىم خەلقى بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ خەلقلىرى ئارىسىغا كىلىدۇ؛ ① قابىي، مۇقامەت باشقۇرغان بىر ئەترەت ياغاشتاي، قۇمباشى ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتۈپ، «ئارال» دېگەن چوڭ يايلاقتا ئولتۇرغان سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ قالغان يېرىم خەلقى بىلەن بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىم خەلقى ئارىسىغا كىلىدۇ؛ كەلەس، يىلقايدار، تەسكەمبايلار باشقۇرغان ۋە ھەرباي، قۇرماشلار ئالاھىدە مەسلىھەت-

① 44 - يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چىڭگىل خەلقىنى گۇچۇڭغا ھەيدەپ كۆچۈرگەن مەزگىلدە، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ پۈتۈن خەلقىنى سارسۇمبە ناھىيىسىگە ھەيدەپ كۆچۈرگەنىدى.



چى بولغان بىر ئەترەت جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن قوبۇق ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ساغىر تاغىنىڭ قاراغايتى قاتارلىق چوڭ يايلاقلىرىدا ئولتۇرغان خەلقلەرنىڭ ئىچىگە كىلىدۇ.

بۇ ئەترەتلەر كەلگەن يەرلەردىكى خەلق ئاممىسى ئومۇمەن ئالغاندا، قىزغىن قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كۆرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ئەلۋەتتە ئۆز ئىرادىلىرىگە زىت كېلىدىغان، خەلق قوزغىلىپ ئۆزىگە قارشى چىقىدىغان، ئادالەت يولىدا كۆرەش قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرمايدىغانلىقى چۈشىنىشلىك، شۇڭا ئۇلارمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كىلىدۇ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولغانىدى:

(1) ۋاڭشىباي، نۇرغوجاي باشقۇرغان ئەترەت بىلەن نوغاي، ئابدۇرۇسۇللار باشقۇرغان ئەترەت سارسۇمبە، بۇرۇلتوقاي خەلقى ئارىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شۇ ھامان گوزيىاڭ باشچىلىقىدىكى 300 كىشىلىك خەنزۇ باۋئەن دۈيىنى ۋە بۇربىجان باشلىقىدىكى 200 كىشىلىك موڭغۇل باۋئەت دۈيىنى (①) ئىشقا سېلىپ، پارتىزانلارنىڭ خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئەكەت-

① گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، پارتىزانلارنىڭ «ھۆكۈمەتنى خەلقتىن ئايرىپ، يېتىم قالدۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيىلىك يۈرۈش قىلمىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن «ئۆزىنى - ئۆزىگە سېلىش» تاكتىكىسى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش مەقسىتى بىلەن 44 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ، بىرنەچچە باۋئەن دۈيى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بىر قىسىم «ئىشەنچلىك ئادەم» لىرىگە قورال - ياراق تارقىتىپ بەرگەن ئىدى.

مەكچى بولغان يولىنى توسۇپ، ئۇلار بىلەن خەلقنى تالىشىدۇ، تىركىشىش جەريانىدا بىر پەس ئۇتەرەپ، بىر پەس بۇتەرەپ ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ، تالاش - تارتىش بىر ئايغا يېقىن داۋاملىشىدۇ. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يان زىڭاپولكى بىلەن دېي كويجو پولكىنى گوزسياڭ، بوربىجاب باۋئەن دۆيلىرىگە ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. شۇنداقتىمۇ پارتىزانلار توساقنى بۇزۇپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھەممە خەلقنى، سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم خەلقنى ئۇدۇلىسىدىن موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىگە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن چېگرىنى بويلاپ كۆچۈرۈپ چىڭگىلغا ئېلىپ كېتىدۇ. قالغان مىڭدەك ئائىلىنى گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇتۇپ قېلىپ، چوڭ يايلاقتىن ئوتتۇرا يايلاققا ھەيدەپ كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. قاتتىق زەربە يېگەن دۈشمەن، دېي پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى كۆچۈرگەن خەلقلەر ئىچىدىن ئەپەندى (ئادەم ئىسمى)، توشكەي قاتارلىق بىر قانچە ئادەمنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

(2) قابىي، موقامەت باشقۇرغان پارتىزانلار ئەترىتى 7 - ئاينىڭ 5 - 6 لىرىدا «ئارال» غا ئۆتۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپتە دەللىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەل - ئاغىنىلىرىگە، دوست - يارانلىرىگە، يېقىن يولداشلىرىغا، يازغان شەخسىي خېتىنى ۋە خەلق ئاممىسىغا قارىتىپ يېزىلغان تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىدۇ. بۇتوغرىسىدا دەسلەپتە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل ئىنكاسلار ۋە ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلەر كۆرۈلىدۇ. دەللىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (مەن شۇ ۋاقىتتا 17 ياش ئىدىم، دادام يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق تەيجى قىلىشىپ قويغان ئىدى)



سەيپۇللا، سەم، تاستەمباي، قوساي، سادىۋاقاس قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەر دەرھال پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېلىدۇ. ئازساندىكى ئادەملەر، دەللىلخان سۇگۇرباييېفتىن كەلگەن خەت بىلەن تەشۋىق ۋاراقلىرىغا نىسبەتەن «بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن دەللىلخان سۇگۇرباييېفنىڭ ئۆزى يازغان نەرسىلەر ئىكەنلىكى راستمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، بۇ - ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يېزىلغانمىدۇ» دېگەن گۇمانلاردا بولىدۇ. ئەپسۇسكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر، بۇتوغرىسىدا ئۆز خىياللىرى بويىچە ھەرخىل - ھەرياڭزاپىتنە - ئىغۋالارنى توقۇپ چىقىپ، تەتۈر ھەرىكەتلەردە بولىدى.

كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى بولسا، چىڭگىل بىز تۇرغان جايدىن بەك يىراق، ئارىلىق 4، 5 يۈزكىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ يېقىدا كەلگەن پارتىزانىنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر قايتا باشتىن گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا كۈنىمىز نېمە بولار؟» دەپ ئىككىلىنىپ قېلىشىدۇ. شۇڭا قابىيلەر ئۆزلىرىنىڭ 20 كۈنگە يېقىن ۋاقتىنى ئاساسەن 3 - خىلدىكى ئىككىلەنگۈچىلەرگە خىزمەت ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە، كۈتمىگەن يەردىن بورچىن ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم خەلقى بىلەن قابا ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم خەلقى ئارىلاش ئولتۇرىدىغان، قاناس دەرياسىنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى يايلاقتىكى ئەلدىن، زۇلجالىل، بايتۇللا، قابدىۋالى، ئىشان قاتارلىق ئادەملەر كېلىپ، «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پارتىزانلارنىڭ بىز تەرەپكە كېلىپ ھەرىكەت قىلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك، ھەرھالدا

بىزنى تېزرەك تۆۋەنكى تاغ ئېتىكىگە كۆچۈپ چۈشۈڭلار، دەپ مەجبۇرلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاڭلىغىنىمىزغا قارىغاندا، يېقىن كۈنلەر ئىچىدە «خەتەرلىك» دەپ قارىغان بىر مۇنچە ئادەملەرنى قولغا ئالغىدەك، قىسقىسى ۋەزىيىتىمىز ئىنتايىن يامان، شۇڭا خەلق ئاممىسى بىزنى سىلەرگە ئەۋەتتى، تېزدىن بېرىپ بىزنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىڭلار» دەپ يېپىشىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قابىلەر 8 - ئاينىڭ ئونلىرى ئەتراپىدا پۈتۈن ئەترىتى بىلەن ئۈچتاش ۋە قابا يايلاقلىرىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىزگە (ئارال ئەلىگە) پەقەت بىر بەن، ئاپتوماتلاشقان ئادەملەرنىلا قالدۇرىدۇ. بىز مۇشۇ بىر بەن ئادەمنى يادرو قىلىپ، گومىنداڭنىڭ بورچىن ناھىيىسى ئەل ئىچىدىكى «ئىشەنچلىك» ئادەملىرىگە ئۆز - ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەرگەن 40 دانە پەرەڭ (قوغۇشۇن ئوقلۇق) مىلتىقنى ئاساس قىلىپ، 100 كىشىلىك بىر كىچىك پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلدۇق - دە، ئۆز كۈنىمىزنى ئۆزىمىز كۆرىدىغان بولدۇق.

ئارال، ئىسمى جىسمىغا مۇۋاپىق، سۇمدايىرىق دەرياسى بىلەن قاناس دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارال بولۇپ، سارسۇمبە، بورچىن تەرەپلەردىن كېلىدىغانلار ئۆتىدىغان پەقەت بىر كۆۋرۈك، ئۈچ ئۆتكەللا بار ئىدى. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى ئۇچار قۇش ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز، تىك تاغ بولۇپ، ئىككى يۈزى پۈتۈنلەي ئىت تۇمشۇقى ئۆتمەيدىغان قويۇق ئورمان، قېلىن بۇتابۇرگەن بىلەن قاپلانغان ئاجايىپ خەتەرلىك يەر ئىدى. بىز كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۈچ ئۆتكەلگە 30 - 40 ئادەمنى قاراۋۇل قويۇپ



قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرەر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. مۇشۇ جەرياندا، گومىنداڭ تەرەپنىڭ رازۋېتكا ۋە «ئىشەنچلىك ئادەملىرى» بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىككى قېتىمقى تۆت ئىشپىيوننى تۇتىۋالدۇق. بۇ بىزنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە سەۋەبچى بولدى، بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، قانداق قىلىشنىڭ چارىسىنى ئويلىشىپ قويدۇق. ۋاقىت 8 - ئاينىڭ 25 لىرى بولۇپ قالدى، بىر كۈنى تاڭ سەھەردە باش ئۆتكەلگە قويغان قاراۋۇلىمىزدىن نۇرغۇن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇق. ئەسلى ياز بويى ۋۇچىلىك قاتارلىق يەرلەردە قۋانشىباي، نوغاي باشقۇرغان پارتىزانلار بىلەن ئەل ئۈچرىشالماي بىر ئاي ئاۋارە بولغان، ئاخىرىسىدا ئايرىلىدىغانلاردىن ئايرىلىپ، قالغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، سەل ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قابىلارنىڭ پۈتۈن ئەترىتى بىلەن قابا تەرەپكە كېتىپ قالغانلىقىنى خەۋەرتاپقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سارسۇمبىدىن يازىغاڭ تۇەنجاڭ قوماندانلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەرلىرىنى يەر ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان 10 دەك قازاقنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىز تۇرغان يەرگە «تىنجىتىش» ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن. بىز قالغان ئىككى ئۆتكەلدىكى ئادەملىرىمىزنىمۇ باش ئۆتكەلگە يۆتكەپ كېلىپ، دەريانىڭ بۇ قېتىدىكى تاغ يۈزىدىن ئابىرون تۇتۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدۇق، ئۇلار دەريانىڭ ئۆزلىرى كەلگەن تەرەپتىكى تاغ يۈزىگە 30 - 20 ستانكۇۋي (ئېغىر) پىلىموتنى تىزلاپ، خۇددى يامغۇرغا ئوخشاش

قاتتىق ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى، قالغانلىرى ئوقنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سۇدىن ئۆتۈپ چىققان ھامان ئاتلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماستىن پارتىزانلار ئابرون تۇتىۋاتقان تاغ يۈزىگە يامىراپ، ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. جەڭ باشلاندى، پارتىزانلىرىمىز يەر تۈزۈلۈشىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىدەك تەبىئىي شەرت - شارائىتتىن ئوبدان پايدىلىنىپ، 7 - 8 سائەت ئېلىشتى، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كۆپلىگەن ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بىز تەرەپتىن ھېچقانداق چىقىم بولمىدى. لېكىن پەقەت 10 نەچچە ئاپتوماتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 40 دانە قوغۇشۇن ئوقلۇق ناچار، ۋاقتى ئۆتكەن كونا زامان قورالى (كەينى - كەينىدىن 10 نەچچە ئوق چىقىرىلىدىغان بولسا، 1 - 2 - سى بىرەر يۈز مېتىر يەرگە، 3 - 4 - سى 60 - 50 مېتىر يەرگە ئاران يېتىدىغان، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى مىلتىق ئېغىزىدىن چىقار - چىقماستىن يەرگە چۈشۈپ قالىدىغان، سۇۋۇتۇپ ئېلىپ قايتا ئېتىشقاكەم دېگەندە يەنە بىرەر سائەت ۋاقىت كېتىدىغان قورال) بىلەن، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان تولۇق بىر پولك ئەسكەرگە ئۈزۈل - كېسىل تاقابىل تۇرۇش قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟ چېكىنمەسلىككە بولمىدى. بىرىياخشى بولغىنى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز «ئەگەر بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغىدەك بولسا» دېگەن تەييارلىق ئاساسىدا، پۈتۈن ئارال يايلىقىغا ئورۇنلاشقان ئىككى مىڭچە ئائىلىنىڭ قالغانلىرى قەدەممۇ - قەدەم، بىر كۆچۈپ، ئىككى كۆچۈپ نېرىقى يايلاقتىن بۇياققا قاراپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى؛ رەسمىي پارتىزانلىق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان 500 دەك



ئائىلە، ئۇلاردىن ئايرىلىپ، ئارىلىق ساقلاش، شۇنىڭدەك ئەگەر لازىم تېپىلغاندا پۈتۈنلەي ئاجرىشىش ئۈچۈن نېرىقى يايلاقتىن تېخىمۇ نېرى كۆچۈپ، ئالتاي تېغىنىڭ سۇ بۆلگۈچى - موڭغۇلىيە چېگرىسىغە يېقىن جايلارغا بېرىۋالغانىدۇق. شۇڭا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئادەملىرىمىز تاغ باغرىدا دۈشمەن ئارمىيىسىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ 500 ئائىلە بىر ئاخشام ئىچىدىلا غىپپىدە چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتۇق. بىز ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ 5 - 6 كۈندىن كېيىن دەلىلخان سۇگۇربايېف خەلق ئىچىگە كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قىلىپ، ئاندىن چىڭگىلگە قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن يول بېرىشى ئارقىسىدا، بىرئاي چېگرا بويلاپ كۆچۈپ، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئۈچكۆل ئېغىزىدىن قايتىپ ئالتايغا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئارالنىڭ قالغان خەلقىنى يازىغاڭ پولكى قورال كۈچى بىلەن ھەيدەپ سۇمدايىرىق دەرياسىنىڭ بورچىن تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ كەتتى. ئوتتۇرا يولدا ئۆزلىرى «كۆزگە قادالغان مىق» دەپ قارىغان كامال دۈكچە باشلىق بىر نەچچە ئادەمنى «يىغىن» بار دەپ يالغان ئېيتىپ چاقىرىپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، نەيزە سانجىپ، مەخپىي ھالدا ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ تاشلىغان يېرىدىن جەسەتلىرى تېپىۋېلىندى.

(3) قابىيلەر ئۈچتاش ۋە قابا يايلاقلىرىدىكى خەلق ئىچىگە بارغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتىنچە بىر مەھەل گومىنداڭنى «سۇدىن ئايرىلغان

بىلىق» نىڭ ھالىتىگە چۈشۈرۈپ، ئاندىن رەسمىي قورال
ئىشلىتىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت
ئىستراتېگىيىلىك يۆنىلىشىنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
چۈشەندۈرۈپ، سەپەرۋەر قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى.
شۇنداقتىمۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ
باشقا يەرلەرگە كۆچۈشكە، دەسلەپتە بىر مۇنچە ئادەملەردە
ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسى پەيدا بولدى. پەقەت يېرىم ئاي-
دىن كۆپرەك ۋاقىت تەكرار - تەكرار خىزمەت قىلىش
نەتىجىسىدىلا، خەلق ئاممىسى ئاخىرى غەربىي شىمالغا
يۆزلىنىپ كۆچۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا قابىيلەر ئەمدى
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەردىن ھالقىپ چىقىپ، كۆچ-
كەن ئەلنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ تۇتقۇنلۇق قىلىش
مۇمكىنلىكى بارلىقىنى پەرەز قىلىشتى. شۇڭا ئۇلاردىن
بۇرۇن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەل كۆچۈپ يىراقلىشىپ كەتكىچە،
قابا شەھىرىنى ۋاقىتلىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇشنى،
ئاكتىپلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ياخشى چارە، دەپ قارىدى
ھەم شۇنداق قىلدى.

بۇ چاغدا ئەسلى قابادا گومىنداڭنىڭ ۋاقىتلىق دىۋى-
زىيىسىنىڭ جاۋيىڭجاڭ باشقۇرغان بىرلىيەنى ۋە بىر چېگرا
پەيى، جىڭساجۈينىڭ ئازقىسىم ساقچىلىرىلا بار ئىدى.
لېكىن قاباغا بىر پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئۆتۈپ چىققىنىنى
ئۇققان ھامان، دەي تۇەنجاڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى
كېچە - كۈندۈز دېمەستىن قاباغا يېتىپ كېلىپ، ئەمدىلا
ئورۇنلىشىۋاتقان ئىدى، 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى جەڭ باش-
لاندى، گومىنداڭ ئارمىيىسى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ
كۆچكەن ئەلنى قوغلاپ بېرىپ، قايتۇرۇپ كېلىشكە كۈچەپ،



بىرقانچە قېتىم كۈچلۈك ھەرىكەت قىلدى، تىركىشىش ئۈچ
سوتكا داۋاملاشتى، ئىككى تەرەپمۇ بىر مۇنچە ئادەم چىقىم
تارتتى. ئەسۇسكى پارتىزانلار تەرەپتىن مۇئاۋىن ئەترەت
باشلىقى مۇقاممەت تىرىك قولغا چۈشۈپ كەتتى، (كېيىن
ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى)، شۇنداقتىمۇ مۇشۇ ئارىلىق-
تا كۆچكەن خەلق مۆلچەر قىلىنغان يەرگە يېقىنلىشىپ،
شەھەردىن خېلى يىراقلىشىپ كەتتى. شۇڭا قابىيلەر يەنە
داۋاملىق تىركىشىشنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىدى، دېگەن
يەرگە كېلىپ، مۇھاسىرىنى ئۆزلۈكىدىن بىكار قىلىپ چېكى-
نىپ چىقتى ھەم ناھىيە خەلقىنى شىبارچىلىك، بوتاموين،
ئالقابېك، يالاڭاش قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئۇدۇل - ئۇدۇل-
سىدىن سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزلىرى
ئەسلى كەلگەن ئىزلىرى بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

(4) جىمىنەي ناھىيىسىگە ئەۋەتىلگەن كېلەس، يىل-
قايدار، تەسكەمبايلار باشلىغان ھارىباي، قورماشلار مەخ-
سۇس مەسئۇلىيەتچى بولغان پارتىزانلار 7 - ئاينىڭ باشلىرى-
دا مۇشۇ ناھىيىنىڭ ساغىر تېغىدىكى قاراغايلىق يايلى-
قىدا ئولتۇرغان خەلقلەرنىڭ ئىچىگە يېتىپ كەلدى ۋە ھەممى-
دىن ئاۋۋال ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى
تارقىتىش، شۇ ئارقىلىق خەلق ئوتتۇرىسىدا ئىدىيىۋى
تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى. بىر
قانچە كۈنلۈك تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدە،
بۇ ناھىيىدىكى خەلقلەرنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى
ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتتى. بۇنىڭ-
دىن كېيىن كېلەس، يىلقايدار، ھارىبايلار باشچىلىقى-
دىكى پارتىزانلار مۇشۇ قولغا كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى قەدەم-

دىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا، بىر تەرەپتىن يەنە
داۋاملىق ھالدا تەشۋىق - تەرغىپ خىزمەتنى ئېلىپ بېرىپ،
ئاز ساندىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تېخىچە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى بىر غەم ئەندىشىلەرنى تۈپتىن
ھەل قىلىش يولىدا ھارماي - تالماي خىزمەت ئېلىپ باردى،
يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ئامما ئىچىدىن بىر پارتىزانلار
ئەترىتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ھەيئىتىنى قۇرۇشتىن
ئىبارەت تەشكىلىي ئىشلارنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. دەل
شۇ ۋاقىتتا بۇنىڭدىن ئون ئاي بۇرۇن «مايقابچاقاي چېگرى-
سى ئارقىلىق كونترۋانلىق قىلغان» دېگەن مەسىلە بىلەن
قولغا ئېلىنماقچى بولغاندا، ئالدىن سېزىپ قېلىپ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن موللا ئىسلام شاگىزۇڭ (ئىسما
ئىلوپ)، «ساغىر تاغقايۇقىرىقى ئالتايدىن بىر قىسىم پار-
تىزانلار كەپتۇ، خەلق ئاممىسى ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئىنقىلاب
قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن
چېگرىنىڭ سارولەڭ دېگەن يېرىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ،
كەلەس، ھاربىبايلار تۇرغان يەرگە كېلىپ ئىنقىلابچىلار
قاتارىغا قوشۇلىدۇ ھەمدە ھاربىباي، كەلەسلەرنىڭ مەسلى-
ھىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جېمىنەي شەھىرى ئىچى-
دىكى قوجاقمەت سالىمبايىپ، باھاۋۇدىن قادىر قاتارلىق
ئادەملەرگە خەت يېزىپ، يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئۇلار-
نى يۇقىرىقى ئالتايدىن پارتىزانلار كەلگەنلىكىدىن، جېمىنەي-
نىڭ قىردىكى (يېزا - قىشلاقلىرىدىكى) خەلقنىڭ پۈتۈنلەي
پارتىزانلار بىلەن بىللە ئىنقىلاب قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى-
دىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭمۇ ئويغىنىپ،
مۇشۇ يول بىلەن مېڭىشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن شەھەر-



دىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى (شەھەر ئىچىدە 100
ئائىلىدەك ئۇيغۇرلار، 100 دىن كۆپرەك ئائىلە قازاقلار،
50 - 40 دەك ئائىلە تاتار، خۇيزۇ قاتارلىقلار بار ئىدى)
ئىشەنچلىك كىشىلەر ئارىسىدا مەخپىي ھالدا ئاكتىپ خىز-
مەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ تەشكىللەپ، زۆرۈر پەيت
يېتىپ كەلگەندە سىرتتىن بولىدىغان ھۇجۇمغا ئىچكى تەرەپ-
تىن ماسلىشىشىنى؛ بولۇپمۇ شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ
ئارمىيىسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، قورال كۈچى، ھەرىكەت-
لىنىش پىلانى قاتارلىقلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ
خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

ئارىلىقتا يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە، گومىنداڭنىڭ
قوبۇقتا، ماناس - ساۋەن - قوبۇق ئارقىلىق ئالتايغا بارى-
دىغان ماشىنا يولىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تۇرغۇزغان،
يېرىمى يەرلىك موڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىنغان مەخسۇس
بىر ئاتلىق پولكنىڭ روتا كوماندىرى زۇڭخۇروپ، 100
دەك ئادەم بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ئالتاي پار-
تىزانلىرىنىڭ جېمىنەيدىكى قاراغايتى يايلىقىغا كېلىپ
ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يېرىم يولدا جېمىنەي
خەلقى بىلەن قوشنا ئولتۇرغان 200 دىن كۆپرەك موڭغۇل
قېرىنداشلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۆزلىرىگە قوشۇ-
ۋېلىپ، ھەممىسى بىللە پارتىزانلار تۇرۇۋاتقان جايغا كېلى-
دۇ. بۇ ئەھۋاللار جېمىنەيدىكى ئەمدىلا ئىنقىلاب يولىغا
يۈزلىنىپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى
بولۇۋاتقان خەلق ئاممىسىغا چوڭ ئىلھام، كۈچلۈك مەدەت
بولۇپ، ياخشى تەسىر قوزغاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ رىغبەتلەن-
دۈرىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 15 لىرىدە كېلەس، يىلقايدار، هارىبا باي-
لارنىڭ تەكىلىپى بويىچە بىر قېتىملىق خەلق يىغىنى ئۆت-
كۈزۈلۈپ، يەرلىك خەلقلەردىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق
رەهبەرلىك يادروسى تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا رامازان
باشلىق، موللا ئىسلام مائاۋسىن، قوزىقان، مانكەن، زاكون،
ئەبىلماجىن، بايانىي، تاغاي قاتارلىقلار هەيئەت بولۇپ بەل-
گىلىنىدۇ. موشۇ يىغىندا يەنە ئىستراتېگىيىلىك ئالاهىدە ئەه-
مىيەتكە ئىگە بولغان (①)جىمىنەي شەهرىگە تەۋەككۈل قىلىپ
هۇجۇم قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ 7 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى يوقۇرىقى ئالتايدىن كەلگەن 300 كىشىلىك پار-
تىزاننى ئاساسى ھەل قىلغۇچ كۈچ، زوڭغورۇپ باشلاپ كەلگەن
100 دەك قۇراللىق ئادەمنى ياردەمچى كۈچ قىلىپ، قۇرال ـ
ياراقسىز ياكى نەيزە، توقماققا ئوخشاش ئىنتايىن ئاددىي
قوراللارغىلا ئىگە ئاممىدىن ئاقمەت تيەكىباي، ئابەن ئايدا-
رىشى، ئالقى بېكبولسۇن قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان مىڭ-
دىن ئارتۇق ئادەمنى جەم قىلىپ بېرىپ، شەهەرنى مۇ-
هاسىرىگە ئېلىپ هۇجۇم قىلىدۇ، بۇ مەزگىلدە، شەهەردە لي
كۈي تۇەنجاڭلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ تولۇق بىرپولىك ئەس-
كىرى بار ئىدى. هۇجۇم دەسلەپ باشلانغاندا، گومىنداڭ
ئارمىيىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرى-
چە كۈچەپ، ئەڭ ئاخىرىغا قەدەر تاقابىل تۇرۇشقا تەۋەك-
كۈل قىلىدۇ، پارتىزانلارمۇ بوش كەلمەيدۇ. جەڭ شىددەت-
لىك بولىدۇ، لي كۈي نۇرغۇن جانلىق كۈچتىن، 100 گە

① شەهەرنىڭ جايلاشقان يېرى، سوۋېت بىلەن بولغان چېگرا سىزى-
قىغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئەڭ كۆپ دېگەندە يېرىم كىلومېتىر، ھەتتا بىر نەچ-
چە يۈز مېترلا كېلىدۇ.



يېقىن قورالدىن ئايرىلىدۇ، پارتىزانلار تەرىپىدىنمۇ ئازغىنا
ئادەم چىقىم بولىدۇ. ئىككى سوتكىلىق ئېلىشىش جەريانىدا دۈش-
مەن ئىستىهكاملىرى بىر ـ بىرلەپ يىمىرىلىپ تاشلىنىدۇ،
هەتتا ناهىيىلىك هۆكۈمەت بىلەن پولك شتابىمۇ تارتىۋې-
لىنىدۇ. ئاخىرىدا هۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئارمىيىنىڭ ھەممى-
سى ئاساسەن بىرلا ساقچى ئىدارىسىنىڭ يامۇلىغا كىرىپ
مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بۇ يامۇل ئۆز زا-
مانىسىدا خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ياسالغان ئېگىز ۋە
قېلىن سېپىلدەك تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، «ئىنتايىن
مۇستەهكەم» دەپ هېسابلىنىدىغان ئىستىهكام ئىدى. شەهەر-
نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.
شۇڭا ئەمدى پارتىزانلار دۈشمەن ئەسكەرلىرى جانلىرىنى
قوغداش ئۈچۈنلا مۇداپىئەلىنىپ ياتقان ساقچى ئىدارىسىنىڭ
يامۇلىغا كۈچەپ هۇجۇم قىلىپ، ئورۇنسىز چىقىم تارتقاندىن
كۆرە، پەقەت مۇهاسىرىنى ئىمكانقەدەر قەددەممۇ ـ قەدەم
كىچىكلىتىپ، ئورۇش ئۈچۈنلا ئورۇش قىلىپ تۇرۇش؛ ۋاقىت-
نى بىر هەپتە، 10 كۈنگە ئۇزارتىپ، ئۇلارنىڭ ئوق ـ دورى-
لىرى ئازايغان، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىلغان، كۈچسىزلە-
نىپ ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقىتتا، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بو-
لۇشقا دەۋەت قىلىش، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا، ئاندىن قو-
راللىق كۈچ ئىشلىتىپ مەجبۇرى تەسلىم قىلدۇرۇشنى مۇۋا-
پىق كۆرىدۇ، هەم شۇنداق ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى
ئۇلار (پارتىزانلار) مۇنداق بىر ئەهۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى-
نىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئالالمىغان،
ئۇ بولسىمۇ، ئەسلى سارسۇمبىدىكى گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق
شتابى، سارسۇمبە، بۇرولتوقاي، بورچىن، قابا ناهىيىلى-

رىدىكى خەلق ئىچىدە يوقۇرقى ئالتاي پارتىزانلىرى كېلىپ
ھەرىكەتلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، جىمىنەيدىمۇ بىر قىسىم
پارتىزانلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوبۇق-
تىكى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق پولكى ئىچىدىن «چاقاق» چىقىپ
بىر قىسىم موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرى بى-
لەن جىمىنەيدىكى پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن-
لىكتىن خەۋەر تاپقان ھامان، بۇ ناھىيىگە كېلىپ ھەرىكەت-
لىنىپ يۈرگەن پارتىزانلارنىڭ ئەھۋالى باشقا ناھىيىلەرگە
كېلىپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن پارتىزانلارنىڭ ئەھۋالىدىن
پەرقلىق بولۇشى ھەتتا ناھىيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇم-
كىن ئىدى. چۈنكى، بۇنداق قىلىشنى شۇ شەھەرنىڭ ئۆزى-
گە خاس ستراتېگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. شۇڭا
ناھىيە بازىرىنى ھەرگىز قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق-
نىڭ ئامالىنى قىلىش لازىم، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، يەنە
بىر پولك ئەسكەرنى يۆتكەپ كېلىپ شەھەر مۇھاسىرىسىنى
كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ 7 - ئاينىڭ 20 لىرى-
دە سارسۇمبە شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان شۇي كېپى، ئاتلىق
پولكىنى بۇرچىن ئارقىلىق كېچە - كۈندۈز دېمەستىن يۈ-
رۈپ، جىمىنەيگە يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار يېرىم يول-
دا جىمىنەي شەھىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ، مۇھاسىرىدە قال-
غانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىي يۈرۈش قىلىدۇ، 30 -
چېسلا تاڭغا يېقىن مەخپىي ھالدا ناھىيە شەھىرىنىڭ يې-
قىن ئەتراپى بولغان بەل - ئېرىق ئارقىلىق پارتىزانلارنىڭ
شەرقىي شىمال ئارقا تەرىپىدىن بېسىپ كېلىپ، ئىمكانىيەت-
نىڭ بېرىچە كۈچەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. مۇھاسىرىدىكى دۈش-
مەن ئارمىيىسىمۇ جان تىكىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇ-



جۇمغا ئىچكى تەرەپتىن زىچ ماسلىشىدۇ. پارتىزانلار دەس-
لەپتە بىر ئاز قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىن-
تايىن كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ئارتۇقچە تىركىشىشنىڭ مۇت-
لەق ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، بىر قانچە تۈر-
كۈملەرگە بۆلۈنۈپ قەدەممۇ - قەدەم مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ
چېكىنىپ چىقىدۇ. شەھەردىكى قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق
خەلق ئاممىسىدىن بىر قىسىم ئائىلىلەر ياكى ئۇلارنىڭ ئەزى-
مەتلىرى پارتىزانلارغا ئەگىشىپ چىقىپ، ئىنقىلابچىلار قاتا-
رىغا قوشۇلىدۇ.
پارتىزانلار ساغىر تاغقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن
ھارىبباي، كېلەس، يىلقايدار، رامازان، موللا ئىسلام قاتارلىق
كىشىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، يەرلىك خەلقلەرمۇ پارتىزان
قوشۇنلىرىنى تەشكىل قىلىشى زۆرۈر دەپ قارىشىدۇ. شۇنداق
قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەر 100 كىشىلىكتىن ۋاقىت-
لىق يېرىم قوراللانغان تۆت ئەترەت ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. قورالللار-
نىڭ كېلىش مەنبەيى بولسا زۇڭغۇرۇپلار قوبۇقتىن ئال-
غاچ كەلگەن 100 مىلتىق بىلەن ئالدىنقى نۆۋەت شەھەردە
بولغان ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالغان 100 دىن كۆپرەك قورالدىن
ئىبارەت بولىدۇ. 1 - ئەترەتكە تالقى بىلەن ئاقمەت تېيىك-
باي، 2 - ئەترەتكە ئابەن بىلەن ئەبىلماجىن، 3 - ئەترەتكە
قوجاقمەت بىلەن باۋۇدۇن قادىر، 4 - ئەترەتكە زوڭغۇرۇپ
مەسئۇل بولىدىغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يوقۇرقى
ئالتايدىكى باش شتابنىڭ بەلگىلىگەن ستراتېگىيىلىك ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بويىچە، خەلقنى جىمىنەي شەھىرىدىن تېخىمۇ
يىراقلاشتۇرۇپ كېتىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ.
ئەمما تېخى كۆچۈش ئىشى باشلانماي تۇرۇپ، گومىنداڭ تە-

رەپ بۇرۇندىن جىمىنەيدە تۇرۇۋاتقان لىي كۇي پولكىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى يۈي چاڭجاڭ باشقۇرغان ئۈچ لىيەن ئەسكەر بىلەن سارسۇمبىدىن ياردەمگە كەلگەن شۈي كېيى پولكى قوشۇلۇپ، جەمئىي بىرىيېرىم مىڭدەك ئەسكەر 8 - ئاينىڭ 15 - 16 لىرىدە ساغىر تاغنىڭ قاراغايتى يايلىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، پارتىزانلارغا ھۇجۇم قوزغايدۇ. پارتىزانلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىشقا تالقى باشقۇرغان بىر ئەترەت بىلەن قوجاقمەت باشقۇرغان بىر ئەترەتنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئېيىق سايىدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ جەڭ قىلىدۇ، ئەمما يەنىلا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى، قورال - ياراقلىرىنىڭ خىللىقىدىن پايدىلىنىپ بېسىم ئىشلىتىپ، پارتىزانلارنى چېكىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. پارتىزانلار ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم يول توسۇپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزلىرىگە پايدىلىق ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمايدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى پارتىزانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، ئاستا - ئاستا قىستاپ، ئەل چېتىگە يېقىنلىشىپ قالىدۇ، خەلق ئاممىسى سوۋېت چېگرىسى تەرەپكە كۆچۈشكە باشلايدۇ، پارتىزانلار ئەمدىلىكتە پەقەت چېگرا تەرەپكە كۆچۈپ ماڭغان ئاممىنىڭ ئارقا تەرەپىنى قوغداش بىلەنلا بولىدۇ، دۈشمەن ئارمىيىسى كۆچكەن ئەل بىلەن پارتىزانلارنى قوغلاپ ئاخىرى سوۋېت چېگرىسى سىزىقىغا قەدەر قىستاپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە خەلقى (قوبۇقتىن كېلىپ قوشۇلغان 200 ئائىلىلىك موڭغۇل تۇغقانلارمۇ بار) سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە كېلەس، يىلقايدار،



تەسكەمبايلار باشچىلىق قىلغان كۆپ ساندىكى يوقۇرقى ئالتاي پارتىزانلىرى چىڭگىلگە قايتىپ كېتىدۇ. ھارپىباي، قورماشلار ئاز بىر قىسىم ئادەم بىلەن جىمىنەي خەلقى ئىچىدە قالىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەسلى كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيە خەلقىنى ئاساس قىلغان ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بۇ قېتىم تۆۋەنكى بەش ناھىيىگە ئەۋەتكەن پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ يۈرۈش قىلىش سەپەرلىرى چوڭ ئۇتۇققا ئېرىشىپ، ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسى ئۇزۇندىن بۇيان تەشنا بولۇپ، تاقەتسىزلىك كۈتۈپ كەلگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەت پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئېغىر تەشۋىشكە سېلىپ قويىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئىنقىلاب يولباشچىلىرى بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ مەغرۇرلانمايدۇ، ئەكسىنچە، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق»، دېگەندەك ئاشۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدا تۇرۇۋاتقان سارسۇمبە ناھىيىسى بىلەن بورچىن ناھىيىسىنىڭ كۆپ سانلىق خەلقىنىمۇ تېزلىكتە ئۆز قاتارلىرىغا قوشۇپ ئېلىپ، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنى تېخىمۇ يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 لىرى ئەتراپىدا كامەل، نۇرغوجاي، ئابدۇروسۇل رەھبەرلىك قىلغان 500 كىشىلىك بىر چوڭ پارتىزان ئەترەتنى 2 - قېتىم مۇشۇ ئىككى ناھىيىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بېرىپ پەقەت 20 نەچچە كۈن ئىچىدىلا سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ قالغان ھەممە خەلقىنى، بورچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىم خەلقىنى ئالتاي تېغىنىڭ باغرىنى ياقىلىتىپ كۆچۈرگەن پېتى

كۆكتوقاي، چىڭگىلدىكى قوزغىلاڭچىلار توپىغا باشلاپ كېلىپ قوشىدۇ.

بۇ قېتىم گومىنداڭ تەرەپ ئۆتكەن يازدىكىگە ئوخشاش نەچچە پولك ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر قانداق ۋەزىيەتتە ئۆزلۈكىدىن شەھەردىن ھالقىپ چىقىپ ئۇرۇش قىلىشلىرى ئۆزلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچرىتىشتىن باشقا ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ قالغان بولسا كېرەك. دېمەك ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەقىقەتەنمۇ پەقەت شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان مۇداپىئە ئۇرۇشىنى قىلىشلا كۇپايە، دەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

شۇڭا بۇ قېتىم سارسۇمبىدىكى دەي كويجو پولكى بىلەن ۋەن لىڭيۇن پولكىمۇ، بورچىنىدىكى ياڭ زىفاڭ پولكىمۇ مىدىرلاپ قويماستىن جىم تۇرۇۋالدى. پەقەت بۇيرۇق بويىچە بۇرۇلتوقايدىكى لو پولكىنىڭ بىر يىگىدىن كۆپ ئەسكىرى كۆكتوقايغا قاراپ كۆچكەن ئەلنىڭ يولىنى توسماقچى بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ دۆربىلجىن دېگەن يېرىدە پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلىدۇ، ئاخىرىدا 30 دەك ئادىمىدىن ئايرىلىپ كەلگەن يوللىرى بىلەن بۇرۇلتوقايغا قاراپ چېكىنىپ كېتىدۇ، پارتىزانلار تەرەپتىن مەدىقان كارىپ ئوغلى قاتارلىق يەتتە ئادەم چىقىم بولىدۇ، يەنە بىرسى، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارا تۇڭلىدىكى ھەربىي قىسىملىرى شۇ ئەتراپنى قىيپاش كېسىپ ئۆتۈپ، سەل يېقىن كۆچۈپ بېرىۋاتقان خەلقنىڭ 10 نەچچە قورو قويىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا ھەيدەپ كېتىدۇ، قويچىلارنى (20 دەك ئادەمنى) ۋەھشىيلەرچە چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.



قىسقىسى 1943 - يىلى 7 - ئايدىن ① بولۇپمۇ شۇ يىلى 11 - ئايدىن ② كېيىنكى بىر يېرىم يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلدىن تارتىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا، زۇلۇمغا، ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئالدىنقى ستىخىيىلىك ھەرىكەتلىرى قەدەممۇ - قەدەم راۋاجلىنىپ، تەشكىللىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن تېزلىكتە 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىسىغا كەلگەندە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يەتتە ناھىيىسى ئىچىدە پەقەت بورچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىم خەلقىدىن باشقا قالغان ئالتە يېرىم ناھىيىنىڭ ھەممە خەلقى (ۋىلايەت بويىچە بار بولغان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 90%) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلدى؛ ئاسارەت زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، كۆكتوقاي، چىڭگىلگە ئوخشاش پارتىزانلىق بازىسىغا ياكى باشقا تىنچ رايونلارغا كۆچۈپ توپلانغان چوڭ بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى.

بۇيەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش، 1944 - يىلى 9 - ئايدا تۈۋەنكى ئالتايغا 2 - قېتىم كامەل باشچىلىقىدا يۈرۈش قىلغان بىر پەيتتە، ئوخشاشلا قۋانىشباي باشچىلىقىدا 250 كىشىلىك بىر پارتىزان ئەترىتى ئېرەن قاۋىرغانىڭ شىمالىدىكى گۇچۇڭ، مورى، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ خەلقى ئىچىگە كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دابىنىدىن تارتىپ كۆكتوقايغا قەدەر

① موڭغۇلىيە بىلەن دەسلەپ دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولغان مەزگىلىنى كۆرسىتىدۇ.

② دەلىلخان سۇگۇرباييېف ئالتايغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىت نەزەردە تۇتۇلغان.

بولغان ئارىلىقتىكى ئۆز ئارمىيىسىگە شەرقى يول ① ئارقى-
لىق توشۇلىدىغان ھەربىي تەمىناتنى ئۈزۈپ تاشلاش؛ كام
دىگەندە 1944 - يىل يىرىمىدىن ئارتىپ يىرىم پالەچ ئەھ-
ۋالدا قالغان قاتناشنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كۆپرەك
توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىش؛ شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ قاي-
مۇقتۇرۇپ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇش ئىدى. چۈنكى بۇ
چاغدا گومىنداڭنىڭ سار سۇمبەدىكى ئىككى پولكى، بۇرچىن-
دىكى بىر پولكى، بۇرۇلتوقايدىكى بىر پولكى، جىمىنەيدى-
كى بىر پولكى ۋە قابادىكى ئىككى باتالىيون (يىلڭ) دىن
باشقا پەقەت كۈچۈك ئارقىلىق سارتوقايغا ئاندىن كۆكتو-
قاي - چىڭگىلگە بارىدىغان شەرقى يول ئارقىلىق تەمىنلى-
نىدىغان تۆت پولك، ئىككى باتالىيونى بار ئىدى. ئۇلار-
نىڭ كۆكتوقايدىكىسى 11 - دىۋىزىيىنىڭ 383 - پولكى؛
پولك باشلىقى ۋاڭ ......؛ قارا تۇڭگىدىكىسى 11 - دىۋىزىيىنىڭ
382 - پولكى، پولك باشلىقى چىڭجۇن؛ سارتوقايدىكىسى
46 - دىۋىزىيىنىڭ بىرىنچى پولكى، پولك باشلىقى شياۋ
يۇشاڭ؛ دابىندىكىسى 46 - دىۋىزىيىنىڭ بىرىنچى پولكى،
پولك باشلىقى ماپۇلىن؛ قاداسۇدىكىسى (خۇڭساۋ مۇدىكىسى)
64 - دىۋىزىيىنىڭ 3 - باتالىيونى، باتالىيون كوماندىرى
شىن ۋىجۇن؛ كۇمۇشتىكىسى 46 - دىۋىزىيىنىڭ 1 - باتال-
يونى، باتالىيون كوماندىرى جۇ ....بۇلاردىن باشقا بۇرۇل-

① شۇۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا قاتنايدىغان ئۈچ يول بار ئىدى،
1 - غەربى يول: ئۈرۈمچى - ماناس، شىخو، قوبۇق، بورچىن.
2- شەرقىي شىمالى يول: - ئۈرۈمچى، - قۇتۇبى، ئورقى، بورچىن، پەرىدە، بۇرۇلتوقاي.
3- شەرقى يول: ئۈرۈمچى، كۈچۈك، بەيتىك، دابىن، سارتوقاي، كۆكتوقاي.



توقايدا تۇرىدىغان 64 - دىۋىزىيىنىڭ لو ... پولكىمۇ بەزى-
دە غەربى يول ئارقىلىق بەزىدە مۇشۇ شەرقى، يول ئار-
قىلىق تەمىنلىنىدىغان ئىدى. يۇقىرىدىكى بەش پولك، ئىككى
يىڭنىڭ ھەممىسىگە كۈچۈكدا تۇرىدىغان 46 - دىۋىزىيىنىڭ
باشلىقى چۇي ۋۇوچىڭ قوماندانلىق قىلاتتى. دىمەك 1944 -
يىلى 9 - ئايلاردا گومىنداڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە
تۇرۇۋاتقان ھەربىلىرى توققۇز پولك، ئۈچ يىڭدىن ئى-
بارەت ئىدى.

ۋانىشبايلار باشچىلىق قىلغان پارتىزانلار 9 - ئاينىڭ
20 لىرى ئۆپچۆرىسىدە كۈچۈكنىڭ چىياڭ ئەتراپىدىكى ئام-
ما ئىچىگە كىلىدۇ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بىرقىسمى بىر
نەچچە كۈنگە قالماي پارتىزانلار تەرەپكە كىلىدۇ. بۇ ئەھۋال-
دىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭنىڭ كۈچۈكدا تۇرۇشلۇق
ئارمىيىسىدىن ئىككى يىڭ ئەسكەر ئۇرۇش قىلىشقاچىقىدۇ،
لىكىن، ۋانىشبايلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ شەھەرگە
بەك يىقىن (ئارىلىق تەخمىنەن 20 ك.م لا كىلىدۇ) بولۇپ
ئىنتايىن قولايسىز ئورۇندا ئىكەنلىكلىرىنى ھىسابقا ئىلىپ،
ئۇلار بىلەن تىركىشىپ ئولتۇرماي، كۈچۈكدىن جۇكەي
باشلىغان 300 ئائىلىنى، جىمسار ناھىيىسىدىن ئۇلارغا قوش-
نا ئولتۇرغان خەلقتىن 100 دەك ئائىلىنى ئەگەشتۇرۇپ
مورى دائىرىسىگە ئۆتۈپ كىتىدۇ. 4-5 كۈندىن كىيىن ئۇلار
ئورۇنلاشقان جايلىرىدىكى مورىنىڭ بىر قىسىم خەلقىمۇ پار-
تىزانلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پارتىزانلارغا ئۈچ
ناھىيىدىن قوشۇلغان ئادەمنىڭ سانى خىلى كۆپ بولۇپ،
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تازىمۇ ھودۇقتۇرۇۋىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار
ھەربىي كۈچ بىلەن ھەيۋە قىلىپ، پارتىزانلارنى بۇ ئەتراپ-

تىن قوغلىۋەتمەكچى بولۇشىدۇ. 10 - ئاينىڭ 5 - 6 لىرىدە، مورىنىڭ قۇم جىيەكى - بەش ياغاچ ئەتراپىدا بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ، بۇچاغدا گومىنداڭنىڭ مورىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتقان ھېچقانچە ئەسكىرى يوق ئىدى، گۈچۈڭدىن ۋۇ چىنجۇ يېڭجاڭ 300 ئەسكەر بىلەن كېلىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. پارتىزانلار كۆكرەك كېرىپ قارشى چىقىپ قوغلىۋېتىدۇ ھەم نۇرغۇن قورال - ياراق غەنىمەت ئالىدۇ. ھازىر قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ تۆت ئوفىتسېرى ئىچىدە 43 ئادەم ئۆلگەن، ۋۇ يېڭجاڭغا قورساقىدىن ئوق تېگىپ، ئۈچەيسىنى سۆرەپ ئاران دېگەندە قېچىپ قۇتۇلغان، ئۈچ پىلىموت، 50 نەچچە بەش ئاتار مىلتىقىدىن ئايرىلغان، قۇانىشبايلار مۇشۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي گۈچۈڭ، مورى، جىمسار ناھىيىلىرىدىن جەمئىي 500 نەچچە ئائىلىنى كۆچۈرۈپ، بەيتىك تېغىنىڭ ئالتاي تەرىپىدىكى شىمالى قىشلاقلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئالتايغا كۆچۈپ چىققانغا قەدەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قوغداپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇلارغا مورى ئۇرۇشىدا غەنىمەت ئالغان 50 نەچچە بەش ئاتار مىلتىق ۋە ئۈچ پىلىموتنىڭ سىرتىدا، ئۆزلىرى، كۆتۈرۈپ يۈرگەن مىلتىقلىرىدىن يەنە 50 نى قوشۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى چېگىملىگە قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ قېتىم ئىرەنقاۋىرغانىڭ شىمالىدا ئېلىپ بېرىلغان قۇانىشبايلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكىتى پەقەت گۈچۈڭ، مورى، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىدىلا ئەمەس، پۇكاڭ، مىچۇەن، سانجى، قۇتۇبى ھەتتا ماناس، ساۋەن ناھىيىلىرىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىپ، خەلق ئىچىدە غۇل - غۇلا پەي-



دا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈچۈڭدىن شىخوغا قەدەر بولغان تاش يول بويىدىكى ناھىيىلەرنىڭ قاتناش مۇناسىۋىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئېغىر بېسىم بولىدۇ ھەم ئۇلار ئارىسىدا چوڭ داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك تەرەپتىن تەمىنلىنىشى مۇشۇ بىر قانچە ناھىيىلەرگە يۆلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يېمەك - ئىچمەكلەر مۇشۇ ناھىيىلەرنى بېسىپ ئۆتىدىغان تاش يوللار ئارقىلىق توشۇلاتتى، يەنە بىر قىسىم تەمىنات جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلىدىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ تەرەپنىڭ يولى بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش يوللار كونىراپ كاردىن چىققانىدى. يۈك ئاپتوموبىللىرىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، ئۇ تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەر كۆپىنچە ئات - ھارۋا ۋە ئېشەك ترانسپورتى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنىدىغان بولغاچقا، كۆپ چىقىم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىلى تەرەپتىن ئەمدىلا باشلانغان قوزغىلاڭمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنە بىر چوڭ ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى. ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە ۋىلايەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن شەرقىي شىنجاڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، گومىنداڭ ئۈچۈن كۈچلۈك تۇسالغۇ بولۇپ قالغانىدى.

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە بىر تۈتاش رەھبەرلىك

يادروسى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن دېگەن يېرىدە دەلىلخان سۇگۇربايېفنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن بىر نۆۋەتلىك ئاممۋى يىغىن ئېچىلىپ، 12 ئادەمدىن ① تەركىب تاپقان «ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى» قۇرۇلىدۇ، ② ئوسمان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، دەلىلخان سۇگۇربايېف مۇئاۋىن باشلىقى ۋە قوشۇمچە پۈتۈن ئالتاي پارتىزانلىرى ئەترىتىنىڭ قوماندانى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 10 ئادەمگە ③ باتۇرلۇق نام بېرىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار قوشۇنى تەشكىلى تەرەپتىن كېڭىيىپ، سان تەرەپتىن كۆپىيىپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، قۇدرەتلىك، جانلىق كۈچكە ئايلىنىدۇ.

تەشكىلى تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇرۇنقى تۆت ئەترەت توققۇزغا كۆپەيتىلىدۇ (جېمىنەي پارتىزانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئۇنىڭ ئەترەت باشلىقلىرى: كامەل بىلەن غاباس، قابىي بىلەن يىلقايدار، نۇرغوجاي بىلەن توقتاۋباي، كېلەس بىلەن سەيپۇللا، ئەسەن بىلەن قاپىزىش، تەسكەمباي بىلەن بالتاباي، تاستامباي بىلەن ئاسقابىل، موللاپەيس بىلەن ئابلىكىم (ھەر ئىككىسى ئۇيغۇر)، ئومۇمىي ئادەم سانى بۇرۇنقى 1100 ئادەمدىن كۆپىيىپ 2200 ئادەمگە يېتىدۇ.

---

① ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگەن 12 ئادەم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئوسمان، دەلىلخان سۇگۇربايېف، لاتىپ. كېلەس، كۆكسەگەن بى، ۋاتقان، ئەدىلقان، كارىب، موجىنباي، ئەسەت ماكەي، رامازان، موللا ئىسلام.

② شىنجاڭ داشۆ تەرىپىدىن رەتلەنگەن «شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» گە قاراڭ.

③ 10 باتۇر: ئىرىسقان، سۇلايمان، ئىسھاقان (بۇلار ئۆلۈپ كەتكەنلەر)، ئوسمان. كېلەس، كامەل، نۇرغوجاي، قۋانىشباي، سولۇباي، ئابدۇرسۇل.



ئۇلارنى يېتەرلىك قورال - ياراق بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بۇرۇنقى قولىدا بار قوراللارنىڭ سىرتىدا موڭغۇلىيىدىن يالپاق زاستاي ئارقىلىق 500 قورال كەلتۈرۈلىدۇ؛ بۇنىڭ 100 ى ئاپتومات، 20 سى ئېغىر پىلىموت، 30 ى يەڭگىل پىلىموت، 6 مىنامىيوت، ئىككىسى تاغكى ئاتار، ① 350 ى بەش ئاتار ھەمدە 100 ساندۇق گرانات، 500 ساندۇق ھەر خىل ئوقمۇ بىللە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەن باش شتابنىڭ قورال - ياراق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيتتىم.

## III - باسقۇچ ئىستىھكاملار بىلەن شەھەرلەرگە يۈزلىنىش

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن، ئۆتكەن بىر مەزگىل قوللىنىلغان «بېلەتنى سۇدىن ئايرىۋېتىش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك يۈزلىنىشتىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئەمدى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئىستىھكاملىرى بىلەن ھەربىي بازارلىرىغا ۋە ناھىيە شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

(1) 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 لىرى ئەتراپىدا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ «كۆمۈشنىڭ قويغانى» دېگەن يېرىدىكى بىر ھەربىي ئىستىھكامغا ھۇجۇم

---

① بىرخىل زەمبىرەك ئەخلەتتەمش، لېكىن چاقى يوق، ئات ئۇلاققا ئارتىپ يۆرۈشكە بەك ئەپلىك. كۆتۈگىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.80 مېتىر، ئوقۇنىڭ دىئامېتىرى 5.ت.م كېلىدىغان، ئوق پورماسى، بەش ئاتار مىلتىقىنىڭ ئوقى بىلەن ئوپ - ئوخشاش، مەخسۇس تاغلاردا ئېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال.

قىلىندۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەربىي ئىستىھكامى كۆكتوقاي ۋە چىڭگىداگە توپلاشقان تۆت يېرىم ناھىيە خەلقى بىلەن پارتىزانلىرىغا بىۋاستە تەھدىت سېلىپ تۇرغان ئەڭ يېقىن يەردىكى دۈشمەن ئىستىھكامى ئىدى. شۇڭا، ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ ئىستىھكامنى تار - مار قىلىشقا كىرىشتى. بۇ ئىستىھكامنىڭ ئىچىدە 500 دىن كۆپرەك دۈشمەن ئەسكەرلىرى بار ئىدى، ئۇلار پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم پوتەيلىرى بىلەن چوڭقۇر ئاكوپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى سوتكا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمما ئاخىرىدا دەريانىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان سارتوقايدىكى مەركىزىي ھەربىي بازىسىغا قاراپ، بىر ياقتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر ياقتىن چېكىنىشكە باشلايدۇ.

پارتىزانلارنىڭ ئەسلى ھۇجۇمنى يۇقىرىقى تەرەپتىن كۈچلۈكرەك ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەنكى تەرەپنى بوشراق قويۇشتىكى مەقسەتلىرىمۇ مۇشۇ ئىدى، چۈنكى، «ئېيىقنى ئۆۋىسىدىن چىقىرىپ» ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىرىسىنى سويۇش ئانچە تەسكە چۈشمەيدىغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. مۇشۇنداق ئېھتىمالنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، دەپ ئالدىن پەرەز قىلىشىپ، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى قىرغاقتىن بىر نەچچە 10 .ك. م كېلىدىغان ئارىلىقتا (ئۇزۇنلۇقتا) سىرتماق قۇرۇشقانىدى. شۇڭا دۈشمەن ئارمىيىسى ئۆۋىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ھامان كەينىدىن قوغلايدۇ، دۈشمەنلەر ئالدىنقى تەرەپلىرىدىمۇ قاتمۇ - قات توساقلارغا ئۇچراپ، نەتىجىدە پەقەتلا سارتوقايدىكى بازىلىرىدىن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى



بىلەن 200 دەك ئادىمى قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قالغانلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈنلەي ئوجۇقتۇرۇۋېتىلىدۇ. پارتىزانلار 300 دەك مىلتىق، 100 نەچچە ساندۇق ئوق ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسە - كېرەكلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دەلىلخان سۇگۇر بايىفنىڭ ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىپ، نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا پارتىزانلار تەرەپتىنمۇ 15 - 20 دەك ئادەم ئۆلىدۇ، يارىدار بولىدۇ.

«ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللى ھۆكۈمىتى» بىلەن پارتىزانلىق باش قوماندانلىق ئورگىنىنى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بۇ جەڭ، دەسلەپتە مۆلچەرلىگەن پەرەز بويىچە تولۇق غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن پارتىزانلارنىڭ بىر نۆۋەتلىك تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلىدۇ، يىغىندا دەلىلخان سۇگۇر-بايىف پارتىزانلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەيسەرلىك، قەھرىمانلىق روھلىرىنى مەدھىيىلەپ، غەلىبىلىرىنى تەبرىكلەپ ئۇزۇن سۆز قىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، پارتىزانلارنى كەلگۈسى ئىستىقبالغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئۈمىدۋار بولۇشقا، ئىشەنچ بىلەن قاراشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، مۇشۇ ئاساستا تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيدۇ؛ (1). بىز ھازىر مىڭلىغان قوراللىق قوشۇنغا، 60 مىڭدىن كۆپرەك خەلق ئاممىسىنى ئىجتىمائىي ئاساس قىلغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگىمىز؛

(2) پۈتۈن خەلق، پۈتۈن ئىلغار ئىنسانىيەت بىزنى قوللايدۇ؛

(3). بىز ئۇرۇش سېپىدە يالغۇز ئەمەسمىز، باشقىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر ئىلىدا (غۇلجىدا) گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى داغدۇغىلىق ئىنقىلاب ۋۇجۇتقا چىقتى
ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.
غۇلجا شەھىرىنى، نىلقا، قورغاس، سۇيدۇڭ ناھىيىلىرىنى
ئاساسەن ئازاد قىلدى، مانا مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ۋە
شەرت - شارائىتتا بىز چوقۇم كۆزلىگەن مەقسەتلىرىمىز-
گە يېتىمىز ۋە يېڭەلەيمىز.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بولۇپمۇ ئىلى ئىنقىلابى
توغرىسىدا يەتكۈزگەن خۇش خەۋەردىن پارتىزانلار ئىنتايىن
روھلىنىدۇ ۋە خۇشال - خۇراملىقتا چۆمىدۇ، خەلق ئاممىسىنى
ھاياجانلىقتا سىلىپ، چوڭ تەسىر قوزغايدۇ.

(2) 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، كىلەس،
قابىي، تاستەمباي باشچىلىق قىلغان ئۈچ ئەترەتنىڭ 400
دەك ئادىمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىدىن كۆكتوقاي
شەھىرىنى تارتىپ ئېلىشقا يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ، تەييارلىق
ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ، لېكىن پارتىزانلار تېخى تولۇق تەييار-
لىنىپ، باش - ئايىغىنى يىغىشتۇرۇپ ھازىرلانمىغان
بىر پەيتتە، بۇ ئەھۋالدىن مىش - مىش خەۋەر تاپقان
گومىنداڭ ئارمىيىسى پارتىزانلارنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچىدىن
ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئۆزلىكلىرىدىن چېكىنىپ سارتوقايدىكى
ھېلىقى مەركىزىي ھەربىي بازىسىغا بېرىپ ئېلىشنى ئويلىشىدۇ،
2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەر دە، ئالدىراپ تېنەپ پىيادە
يولغا چىقىدۇ. ئارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئات - ئۇلاغ، بېسىپ ئەپ-
كېتىشكە ماشىنىلىرى بولمىغانلىقتىن (قاربەك قېلىن بولغانلىقتىن
ماشىنا پەقەت ماڭالمايتتى)، سەپەر ئۈستىدە يەيدىغانلىرى-



دىن باشقا، قالغان ئوتۇن - كۆمۈرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاش-
لايدۇ. بۇ ۋاقىت كۆكتوقاي شەھىرى ئەتراپىدىكى، ئالتاي
تاغ تىزمىلىرىدىكى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن بىر
يېرىم مېتىرغىچە قەدەر بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن
35 - 40 سېلسىيە گرادۇستىن كام بولمايدىغان تازا
ئوتتۇرا قىش مەزگىلى ئىدى، شۇڭا ئۇلار يول مېڭىشتا
نۆۋەتلىشىپ، ئالدى بىلەن بىرقىسىم ئەسكەرلەر قارنى
دەسسەپ يول ئېچىپ، كەينىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىزى بىلەن
مېڭىشقا مەجبۇر بولغاچقا، ئۇلار سەپەر جەريانىدا تولىمۇ ھېرىپ-
چارچاپ ھالى قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئەپلەپ -
سەپلەپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە قارا تۇڭكىدىكى يەنە بىر
پولك ئەسكەرلىرى تۇرغان ئىستىھكاملىرىغا يېتىۋالىدۇ.
ئۇ يەردە بىر كۈن ھاردۇق ئېلىپ، 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى
سارتوقايدىن ياردەمگە كەلگەن 20 نەچچە ماشىنا، 200 نەچچە تۆگىگە
ئوق - دورا، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئارتىپ ماڭىدۇ. يولدا
كېتىۋېتىپ شالغىر دېگەن جايدا قىشلاپ ئولتۇرغان ئاق-
قازى، تورسىبەك (لەقىمى ئوتەي تورسىبەك) قاتارلىق 10
نەچچە ئائىلىنىڭ 50 گە يېقىن ئادىمىنى، بالا چاقىلىرىنى
بىراقلا قىرىپ (ئۆلتۈرۈپ) تاشلاپ، ئىككى پولك بىللە سارتو-
قايدىكى ھەربىي بازىغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ، مۇشۇ ئارى-
لىقتا پارتىزانلار بۇ ئىككى جايدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ
چېكىنىپ چىقىپ، سارتوقايغا يول ئالغانلىقتىن خەۋەر تېپىپ،
300 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى ئات چاپتۇرۇپ ئۇلارنىڭ
كەينىدىن قوغلايدۇ، سارتوقايغا 70 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە
ئارىلىق قالغاندا، قوغلاپ يېتىپ تۇتۇش قىلىدۇ، دۈشمەن
ئارمىيىسى «بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىش، بىر تەرەپتىن

چېكىنىش، چېكىنىش جەريانىدا ئۇرۇش قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر - بىرىسىدىن يىراقلاشماي توپ بولۇشۇپ ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كۆچەپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ پارتىزانلار ئۇلارنىڭ بىردەم كەينىدىن قىستاپ، بىردەم ئالدى تەرىپىنى توسۇپ، بىردەم ئوڭ، بىردەم سول تەرەپلىرىدىن ئوق چىقىرىپ تىرە - پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ خېلى نۇرغۇن جانلىق كۈچى قۇتۇلىدۇ. لېكىن دۈشمەن ئارمىيىسى يەنىلا ئەپلەپ - سەپلەپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ سارتوقايدىكى بازىسىغا 25 كىلومېتىردەك كېلىدىغان جايغا قەدەر يېقىنلىشىدۇ، شۇ پەيتتە سارتوقايدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى بىرونېۋىك ماشىنا، ئۈچ تانكىنىڭ يول ئېچىشى بىلەن 400 ئەسكەر ياردەمگە چىقىدۇ، پارتىزانلار ئەمدى بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توساشقا ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىكى بىر ئۇرۇش مەيدانى ئىككى ئۇرۇش مەيدانىغا كۆپەيتىدۇ، ئۇرۇش كېيىنچە تېخىمۇ كۈچىيىپ، كەسكىن جەڭگە ئايلىنىدۇ. بۇ جەڭ توپ - توغرا يېرىم سوتكا داۋاملىشىدۇ، ھەر ئىككى مەيداندىكى دۈشمەن ئارمىيىسى راسا دەككىسىنى يەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سانىنىڭ بەك كۆپ بولۇشىدىن، بولۇپمۇ ئۈچ تانكا، ئىككى بىرونېۋىك ماشىنىسى ۋە قورال - ياراقلىرىنىڭ خىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىدۇ. ئاندىن بىر - بىرسى بىلەن قوشۇلۇپ چېكىنگەچ، سارتوقايدىكى ئۆۋىلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ. پارتىزانلار ئۇلارنىڭ ئىستىھكامىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ يۈرمەي، شۇ يەردىلا ئۇرۇشنى توختىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈپ، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان كۆكتوقاي شەھىرىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىلىرىنى



تولۇق ئورۇنلايدۇ. مۇشۇ جەريانىدا ئىككى، ئۈچ سوتكىلىق شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ 500 گە يېقىن جانلىق كۈچىنى يوقىتىپ، 400 گە يېقىن ھەرخىل قورال - ياراقلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، چوڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شۇ كۈنگە قەدەر پارتىزانلار ھاياتىدىكى دۈشمەننى ئەڭ كۆپ يوقاتقان، قورال - ياراقنى ئەڭ كۆپ غەنىمەت ئالغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش بولىدۇ.

بىراق، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پارتىزانلار تەرەپتىن مىرزاخان، ئەلەمەس، ئەبىش قاتارلىق 20 نەچچە ئادەم قازا تاپىدۇ، 30 دىن كۆپرەك ئادەم ئېغىر - يېنىك يارىلىنىدۇ، 19 ياشتىكى شايىزات مۇشۇ ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا مىنامىيوت ئوقى تېگىپ ئىككى پۇتىدىن ئېغىر يارىلىنىدۇ، باش شتابنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىپ داۋالىتىدۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، كۆكتوقاي ناھىيىسىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

(3) جىمىنەي پارتىزانلىرى جىمىنەي چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت تېررىتورىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال كۆچۈپ بارغان خەلقنىڭ قىشتىن قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى قىلىشىدۇ، شۇڭا 100 ئادەملىك بىر پارتىزان ئەترىتىنىڭ مۇھاپىزىتىدە 400 دەك يىگىتلەرنى تەشكىللەپ چېگرانىڭ بۇ تەرىپىگە قايتا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەرەپتە ئورۇلماي قالغان ئاشلىق، تېپىلمەي قالغان خامانلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. مۇنداق قىلمىغاندا شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ بىر قىشلىق يېمەك -

ئىچىگە قىيىن بىرمەسىلە بولۇپ قالاتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا،
ئىنسان تارىخىدا ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش ھېسابلىنىدىغان
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھېلىمۇ ئاخىرلاشمىغان، سوۋېت
ھۆكۈمىتىنىڭمۇ يېمەك - ئىچمەك تەرەپتىن زور قىيىنچىلىققا
دۇچ كېلىۋاتقان بىر مەزگىلى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا چېگ-
رانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئورۇنلاشقان خەلقنىڭ ھازىرقى
ئولتۇرۇۋاتقان يېرى بىلەن بۇياقتا قالغان دېھقانچىلىق
يەرلىرىنىڭ ئارىلىقى ئاران بىر نەچچە ئون كىلومېتىرلا
بولۇپ، بېرىپ - كېلىشمۇ ئانچە تەسكە توختىمايتتى.

بۇ تەرەپكە قايتا ئۆتكەن پارتىزانلار ناھىيە بازىرىغا
ئانچە يىراق بولمىغان قولايلىق بىر جايغا ئورۇنلىشى-
ۋېلىپ، شەھەردە قامىلىپ ياتقان گومىنداڭغا ئانچە -
مۇنچە ھەيۋە قىلىپ، بىر تەرەپتىن قاراۋۇللۇق ۋەزىپە
ئۆتىسە، يەنەبىر تەرەپتىن ئېتىزلاردا قالغان ئاشلىقلارنى
يىغىۋالىدۇ. مۇشۇ جەرياندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاتلى-
رىنى شەھەر سىرتىغا باققىلى ئېلىپ چىققاندا، ئۇلارغا بىر
نەچچە قېتىم ئۇشتۇمتۇت يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىر-
قى قېتىم 30 دەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 300 دەك ئاتلىرى
بىلەن 20 نەچچە قورالنى تارتىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار شە-
ھەر سىرتىغا ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بېقىشنى پۈتۈنلەي
توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قې-
تىم چېگرانىڭ بۇ تەرىپىگە قايتا ئۆتۈپ كەلگەن پارتىزانلار
باش ئايغىچە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەم خا-
مانىنى ئوخشۇلۇق تۈگىتىپ، بىر نەچچە ئون تونىنا ئاشلىقنى
يۆتكەپ چىقىدۇ ھەم يوقىرىقىدەك ھەربىي غەنىمەتلەرگە ئې-
رىشىپ، چوڭ ئۇتۇقلار بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يەنە



يەرلىك سوۋېت ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، 100
مىڭغا يېقىن چوڭ - كىچىك چارۋا ماللارنىڭ جايلىشىش
مەسىلىسىنى ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق ھەل
قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ جىمىنەي پارتىزانلىرى خەلق تۇر-
مۇشىغا ئائىت يۇقىرىقىدەك بەزىبىر مۇھىم ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى بىرىنچى
ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ جىمىنەي شەھىرىنى ئازاد قىلىش-
نىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر
ئەھۋال شۇكى، يوقۇرقى ئالتايدىكى باش شتاب تەرەپتىن ئا-
لاھىدە ئەۋەتىلگەن ھارىباي مەسلىھەتچى بولغان رامازان،
موللا ئىسلام قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان جىمىنەي پارتى-
زانلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ئومۇمەن ئالغاندا يوقۇرقى
ئالتايدىكى «ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى»
بىلەن «پارتىزانلار ئەترىتى باش شتابى» نىڭ بەلگىلى-
شى بويىچە ۋىلايەت بويىچە بىر قاتار چوڭراق ھەرىكەت
ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبىنىڭ بىرى،
ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى يوقۇرقى ئالتايدىكى باش ئورگان-
لار تۇرغان جايدىن 400 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا ئىدى،
يەنە بىرى، ئارىلىقتا بۇرۇلتوقاي، بورچىن قاتارلىق شە-
ھەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئىككى پولك دۈشمەن بار ئىدى، مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا داۋاملىق ئالاقە قىلىشىپ تۇرۇش بەكمۇ
قىيىن ئىدى. شۇنىڭدەك جىمىنەي پارتىزانلىرى دېگەن
ئوقۇم قارىماققا بىرلا جىمىنەي پارتىزانلىرى، دېگەن مەنىنى
بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوبۇقتىن قاتناشقان بىر قىسىم پارتى-
زانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمىنەي - قابا پارتىزانلار

ئىچمىكى قىيىن بىرمەسىلە بولۇپ قالاتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا،
ئىنسان تارىخىدا ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش ھېسابلىنىدىغان
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھېلىمۇ ئاخىرلاشمىغان، سوۋېت
ھۆكۈمىتىنىڭمۇ يېمەك - ئىچمەك تەرەپتىن زور قىيىنچىلىققا
دۇچ كېلىۋاتقان بىر مەزگىلى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا چېگ-
رانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئورۇنلاشقان خەلقنىڭ ھازىرقى
ئولتۇرۇۋاتقان يېرى بىلەن بۇياقتا قالغان دېھقانچىلىق
يەرلىرىنىڭ ئارىلىقى ئاران بىر نەچچە ئون كىلومېترلا
بولۇپ، بېرىپ - كېلىشمۇ ئانچە تەسكە توختىمايتتى.

بۇ تەرەپكە قايتا ئۆتكەن پارتىزانلار ناھىيە بازىرىغا
ئانچە يىراق بولمىغان قولايلىق بىر جايغا ئورۇنلىشى-
ۋېلىپ، شەھەردە قامىلىپ ياتقان گومىنداڭغا ئانچە -
مۇنچە ھەيۋە قىلىپ، بىر تەرەپتىن قاراۋۇللۇق ۋەزىپە
ئۆتىسە، يەنەبىر تەرەپتىن ئېتىزلاردا قالغان ئاشلىقلارنى
يىغىۋالىدۇ. مۇشۇ جەرياندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاتلى-
رىنى شەھەر سىرتىغا باققىلى ئېلىپ چىققاندا، ئۇلارغا بىر
نەچچە قېتىم ئۇشتۇمتۇت يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئىلگىرى-
ئاخىرى 30 دەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 300 دەك ئاتلىرى
بىلەن 20 نەچچە قورالنى تارتىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار شە-
ھەر سىرتىغا ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بېقىشنى پۈتۈنلەي
توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قې-
تىم چېگرانىڭ بۇ تەرىپىگە قايتا ئۆتۈپ كەلگەن پارتىزانلار
باش ئايغى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەم خا-
مانلى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ، بىر نەچچە ئون توننا ئاشلىقنى
يۆتكەپ چىقىدۇ ھەم يوقىرىقىدەك ھەربىي غەنىمەتلەرگە ئې-
رىشىپ، چوڭ ئۇتۇقلار بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يەنە



يەرلىك سوۋېت ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، 100
مىڭغا يېقىن چوڭ - كىچىك چارۋا ماللارنىڭ جايلىشىش
مەسىلىسىنى ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق ھەل
قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ جىمىنەي پارتىزانلىرى خەلق تۇر-
مۇشىغا ئائىت يۇقىرىقىدەك بەزىبىر مۇھىم ئىشلارنى بىر
تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى بىرىنچى
ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ جىمىنەي شەھىرىنى ئازاد قىلىش-
نىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر
ئەھۋال شۇكى، يوقىرقى ئالتايدىكى باش شتاب تەرەپتىن ئا-
لاھىدە ئەۋەتىلگەن ھارىباي مەسلىھەتچى بولغان رامازان،
موللا ئىسلام قاتارلىقلار باشچىلىق قىلغان جىمىنەي پارتى-
زانلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ئومۇمەن ئالغاندا يوقىرقى
ئالتايدىكى «ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى»
بىلەن «پارتىزانلار ئەترىتى باش شتابى» نىڭ بەلگىلى-
شى بويىچە ۋىلايەت بويىچە بىر قاتار چوڭراق ھەرىكەت
ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ بىرى،
ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى يوقىرقى ئالتايدىكى باش ئورگان-
لار تۇرغان جايدىن 400 كىلومېترچە يىراقلىقتا ئىدى،
يەنە بىرى، ئارىلىقتا بۇرۇلتوقاي، بورچىن قاتارلىق شە-
ھەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئىككى پولك دۈشمەن بار ئىدى، مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا داۋاملىق ئالاقە قىلىشىپ تۇرۇش بەكمۇ
قىيىن ئىدى. شۇنىڭدەك جىمىنەي پارتىزانلىرى دېگەن
ئۇقۇم قارىماققا بىرلا جىمىنەي پارتىزانلىرى، دېگەن مەنىنى
بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوبۇقتىن قاتناشقان بىر قىسىم پارتى-
زانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمىنەي - قابا پارتىزانلار

ئەترىتىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ئۆتكەندە قابا ناھىيە-
سىدىن سوۋېت چېگرىسىغا ئۆتكەن خەلقلەر ئىچىدىن بىر
مۇنچە ئادەملەر زۆرلۇرىيەت ۋە باشقا مەلۇم سەۋەبلەر تۈ-
پەيلىدىن سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى ۋاقىتلىق تۇرۇۋات-
قان جېمىنەي خەلق ئىچىگە كېلىپ قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن
بىللە پارتىزانلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىدى. بۇمۇ جېمىنەي-
دىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ چوڭ-
راق ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشىدىكى بىر سەۋەب-
تۇر. شۇڭا جېمىنەي شەھىرىگە قاچان ۋە قانچىلىك كۈچ
بىلەن قانداق ھۇجۇم قىلىشنى ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلەپ،
يۇقۇرقى ئالتايدىكى باش ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويماقچى
بولۇشقانىدى. تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەشتە، مۇھىمى
جېمىنەي، قابا ئىككى ناھىيە ۋە قوبۇقتىن كېلىپ قوشۇل-
غان موڭغۇللاردىن بولۇپ، 400 كىشىلىك تولۇق قوراللان-
غان، رەسمىي بەش كىچىكرەك پارتىزان ئەترەتلىرىنى
تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەترەتلەرگە تالقى بىلەن ئاقمەت،
سۇلتان بىلەن قابىيدىن، ماۋلىقان بىلەن مۇقاماش، خوجا-
ئەخمەت بىلەن باۋۇدۇن ۋە زوگفۇرىيلەر باشچىلىق قىلىدى-
غان بولۇپ مۇقىملاشتۇرۇلۇدۇ. تەييارلىق خىزمەتلىرى ئا-
ساسەن ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، يەنى بىرىنچى ئاينىڭ
27 - كۈنى تالقى ئەترىتى بىلەن خوجائەخمەت ئەترىتىنى
«ئالدىن يۈرەر قىسىم» قىلىپ شەھەر ئەتراپىغا ئەۋەتىدۇ.
ئۇلارنىڭ بىرسى شەھەرنىڭ يۇقىرىقى، بىرسى تۆۋەنكى تەرىپ-
ىدىن ئوق چىقىرىدۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسى دەسلەپتە سوۋېت
بىلەن بولغان چېگرا تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت پارتلىغان بۇ ئۇرۇشن-
ى، سوۋېت چېگرا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئوخشايدۇ، دەپ قاتتىق



قورقۇپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇلار ئوق چىقارغۇچىلارنىڭ پارتى-
زانلار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ لېكىن قارشى ئوق
چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ چېگرا سىزىقىنىڭ
سوۋېت تەرەپكە ئوڭايلا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇ-
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ (سوۋېتنىڭ) بىرەر ئادىمى-
گە زىيان يەتكۈزۈپ قويىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى
مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن قورقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا
شەھەردىن گومىنداڭنىڭ ئۆتكەن يىلى يازدا ياردەمگە كەل-
گەن جۇكى پولكى قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن شەھەردە
يەنە كۈي تۈەنجاڭلىق قىلغان بۇرۇنقى تولۇق بىر پولك
ئەسكىرى بار ئىدى.

بىرىنچى ئاينىڭ 28 - كۈنى قالغان پارتىزان ئەت-
رەتلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى، پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپتىن
ئوق ياغدۇردى، گومىنداڭ ئارمىيىسى باش كۆتۈرەلمەيدىغان
ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، بىر مۇنچە ئادەمدىن ئايرىلدى.
شۇنداق قىلىپ 29 - كۈنى تاڭ سەھەردە پۈتۈنلەي چېكى-
نىپ چىقىپ، بورچىنغا قاراپ يول ئالىدۇ، پارتىزانلار توپ-
توغرا يېرىم سوتكا كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلى-
دۇ، ئەمما نوقايغا ① يېتىپ بارغاندىن كېيىن قار ئارى-
لاش سوققان ئىنتايىن كۈچلۈك شىۋىرغانغا دۇچ كېلىپ،
دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماستىن ئالغا
ئىلگىرىلەيدۇ - دە، پارتىزانلار ئۇرۇش قىلىشنى ۋاقىتلىق
توختىتىپ، قاراسۇدىكى چېدىرلەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەت-
سى، يەنى 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىركۈنى شىۋىرغان پەسەي-

① نوقاي - يەرئىسمى، بۇيەرخۇددى تارباغاتاينىڭ سارغۇسۇدىكە ئوخ-
شاش ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە قاتتىق بوران چىقىدىغان جاي.

گەندىن كېيىن پارتىزانلار توقايغا قايتىپ بارغاندا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى قاتتىق سوغۇق، كۈچلۈك شىۋىرغاندا توڭلاپ ئۆلگەن 300 دەك ئەسكەرنىڭ جەسىتىنى، شۇنىڭدەك ئېلىپ كېتىشكە بولمىغان 100 دىن جىقراق مىلتىقلار بىلەن نۇرغۇن ئوق - دورىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن تىكىۋېتىدۇ. پارتىزانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ شاشقايغا بارغاندا، دۈشمەن ئارمىيىسى بورچىنىدىن ئەۋەتىلگەن بارىس (روس) باۋ ئەندۈيى بىلەن ئۇچرىشىپ، شۇلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن ئالدى - كەينىگە قارىماستىن بورچىنغا قاراپ قېچىپ كېتىدۇ.

يېنىپ ئېيتقاندا، جىمىنەي شەھىرى 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تەلتۆكۈس ئازاد قىلىنىدۇ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ناھىيىلىك «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا رامازان ھاكىم، موللا ئىسلام بىلەن مامىدوللا (مانكەن) مۇئاۋىن ھاكىم؛ قابىدىن ساقچى باشلىقى، سادىق ئابىزى (تاتار) بىلەن ئەقمەتئالى خوجۇلۇق ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى؛ قاجىمەن، قوزىقان، زاكون، ئەبلىمەجىن، بايانىدى، تاغايلار مەسلىھەتچى، ھەربىي باش مەسلىھەتچى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

(4) 1945 - يىلى 3 - ئايدا، «ئالتاي پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابى» 600 كىشىلىك چوڭ قوشۇن تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ چىڭگىل - كۆكتوقاي دائىرىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەركىزىي بازىسى ھەم مۇستەھكەم ئىستىھكامى بولغان سارتوقايغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، شۇچاغدا، بۇ بازىدا ئەزالدىن تۇرۇپ كېلىۋاتقان



ھەمدە كېيىن ئۇ تەرەپتىن - بۇ تەرەپتىن چېكىنىپ كېلىپ قوشۇلغانلىرى بولۇپ جەمئىي 3000 گە يېقىن (تۆت پولكنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان) ئارمىيىسى بار ئىدى. بىراق ئۇلار پارتىزانلار تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بەش تانكا، ئۈچ بىرونېۋىكنىڭ ماشىنىسى ئالدىغا سېلىپ، يېمەك - ئىچمەك، ئوق - دورا، قازان - قومۇچلىرىنى 30 نەچچە ئاپتوموبىلغا بېسىپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ھەركىم ئۆزلىرى يۈدۈپ، پىيادە مېڭىپ گۇچۇڭغا قاراپ چېكىنىدۇ.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ دەل مۇشۇ پەيتتە پارتىزانلار ئويلىمىغان يەردىن ئۆزلۈكلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئېھتىمال بىرىنچىدىن، ئۈرۈمچىدىكى خوجايىنلىرى ئۇلارنى يول توسۇلۇپ قېلىپ داۋاملىق تەمىنلەشكە ئامال قىلالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى داۋاملىق ئۇ جايدا تۇرغۇزۇپ ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەمدى بەربىر ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىپ بېرەلىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىغا كۆزلىرى يېتىپ، خېلى بۇرۇنلا چېكىنىپ چىقىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسا كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالاقزادە بولۇپ كېيىن چېكىنىپ چىقىشقا يول تاپالماي قالمايلى، دېگەن ئويغا كېلىپ، مۇشۇنداق قىلغان بولۇشلىرى مۇمكىن.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سارتوقايدىكى ئىستىھكاملىرىدىن چېكىنىپ چىققىنى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، «قوماندانلىق شتاب» ئەسلىدىكى 600 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، پەقەت ئاسەن، قاپىرىش

باشچىلىق قىلغان 200 كىشىلىك بىر پارتىزان ئەترىتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار چېكىنگەن دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئورانبولاقتا بارغىچە قوغلاپ يېتىپ ئىككى يان ۋە ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىدۇ. پەقەت بىر كۈنلۈك ئۇرۇشنىڭ ئۆزىدىلا بىر مۇنچە دۈشمەننى يوقىتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسى پەقەت پارتىزانلار تەرەپتىنلا ئەمەس بەلكى باشقا تەرەپلەردىنمۇ ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. مەسىلەن: قار بەك قېلىن، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقتىن يول مېڭىش تولىمۇ تەس بولغانلىقنىڭ سىرتىدا، ئوتۇن تېپىپ قالاشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن بىر كۈن - بىر كۈن ئىسسىق تاماق ئېتىپ يېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قايناقسۇمۇ قاينىتىپ ئىچەلمەيدۇ؛ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇرغانلىقتىن خاتىرجەم ھالدا بىرەر سائەت پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ ئارام ئالالمايدۇ. ھەممىدىن قىيىن بولغىنى باش باھار مەزگىلىدىكى پۈتۈن يەر - جاھاننى قاپلاپ ياتقان قارنىڭ كۈن نۇرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇچقۇن ئاتقان كۈچلۈك نۇرنىڭ ئەكس تەسىرى كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، ماڭغان يولىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، نەتىجىدە قاراغايتىغا يېتەر يەتمەستىن بۆرىدىن ھۈركۈپ، تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بىر قوتان قويغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. تانكىلىرى بىلەن ئاپتوموبىللىرىنى ھايداپ ماڭالماي بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، پارتىزانلار ئۈچۈن ئەمدى ئانچە كۈچەپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار پەقەت ھەر يىر جىلغا، ھەر بىر ئويمانلىقتا 20 - 30 دىن بولۇپ ھارغىنلىق، ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان ياكى 40 - 50 دىن



يۆلىنىشنى پەرىق قىلالماي تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى يىغىپ ئېلىشقا كىرىشىدۇ. ئون نەچچە كۈنلۈك غەنىيمەت يىغىش جەريانىدا ئىككى راتسىيە (تېلېگراف)، 1000 غا يېقىن ھەرخىل مىلتىق، 60 نەچچە ئېغىر - يېڭىل پىلىموت، يەنە كۆپلىگەن ئوق دورىلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسى بۇقېتىم ئەڭ ئاز دېگەندە بىر يېرىم مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن ئايرىلغان ئىكەن، قالغانلىرى ئاران دېگەندە داسىبىندىكى ئىستىھكاملىرىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى يەنە بىر پولك ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلىدۇ ۋە ئوتتۇرا يولدا قارا سۇدىكى بىر يىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ، باش - ئاخىرى بولۇپ 20 كۈندىن ئارتۇق يول يۈرۈپ گۈچۈڭگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدار جو جەنگيەن شەخسەن ئۆزى تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن مەخسۇس گۈچۈڭگە كېلىپ، ئۇلاردىن ھال سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى سارتوقايدىكى چېكىنىشىنىڭ ۋە يول ئۈستىدە ئۇچرىغان ھالاكىتىنىڭ گومىنداڭ تەرەپكە روھىي جەھەتتىن بەرگەن زەربىسى، ئادەم ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يەتكۈزگەن زىيىنى، قوشنا ئورۇنلارغا سالغان ۋەھىمىسى چوڭ بولىدۇ.

شۇڭا، بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن 10، 15 كۈنگە قالمايلا بورۇلتوقاي شەھىرىدىكى بىر پولك گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگان خادىملىرى بىر ئاخشامدىلا سارسۇمبىگە چېكىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن، يەنى ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈ-

مەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1945 - يىلى 4 - ئايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر بولغان قىسقىغىنا يېرىم يىل ئىچىدە، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ئورۇندىكى مۇھىم ئىستىھكام ۋە ھەربىي بازىلىرى يۇلۇپ تاشلىنىدۇ، تۆت ئورۇندىكى ناھىيە بازىرى ئازاد بولىدۇ، بۇنى ئەلبەتتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە دەپ ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئىش شۇكى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سارتوقايدىن چېكىنىشى بىلەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئۈرۈمچى - ئالتاي ئارىلىقىدا قاتنايدىغان «شەرق يول» ى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ، بۇ گومىنداڭ ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، سار سۈمبە بازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىسىنى ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىن ئېتىش مەسىلىسىدە ئالاھىدە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۈشمەننى ھەممە تەرەپتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ، كارنىيىدىن بوغۇپ ھالاكىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، دۇنيادا ھەرقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ جەريانى بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلاردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىغا ئوخشاش، «ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت» مۇ بۇ بىر مەزگىللىك جەرياندا بىر قانچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) 1944 - يىلى 12 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمىتى ئالەن ۋاڭ باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرىنى نەسىھەت بىلەن قولغا



كەلتۈرۈش ئۆمىكى» دېگەننى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۆمەكتە ئالەندىن ① باشقا يەنە كۆكۈنەي، تاتاي تەيجىلەر؛ بادىي موللا، ئۆمۈرخان ئۆكۈردەي، غاببابس مۇختى، قاناپىيا بولىس، ھاكىم ئۆمەر بايلار (بۇ يەتتىسى 40 - يىلدىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قولغا ئېلىنىپ، ۋۇجۇڭشىن كەلگەندىن كېيىنكى «كەڭ قويۇپ بېرىش» تە بوشاپ چىققانلار)؛ شامىسي، مامىيىپ، مۇقاش جەكە، ئەنۋەر مامىيىپ (بۇ ئۈچىسى ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلاتتى)؛ ھەجىنابىي، زەينىسي، نۇرمۇقاممەت ئوكۇردەيلەر؛ ياقىپبېك، خامىت داۋلەتشە تەيجىلەر؛ دەلىلخان جانىمقان ئوغلى قايىم قازى، شېتەي، تۇرۇسبېك، راقاي (بۇ ئۇنى 44 - يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەنلەر) قاتارلىق 20 ئادەم بار ئىدى. بۇلار ئالتايغا يېقىندىن تەيىنلەنگەن ۋالىي گاۋ بويۇي ۋە ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ باشلىقى لى خۇيىنۇڭ بىلەن بىللە ئىككى لىيەن ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ماشىنا بىلەن ئالتايغا قاراپ يولغا چىقىدۇ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئۈچبۇلاق دېگەن قۇم يولىدا بىر ئايدەك قۇمغا پېتىپ قېلىپ كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى تارتىپ، 45 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا بۇرۇلتوقايغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىش

(①) ئالەن ۋاڭ 40 - يىلى 11 - ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «مۇڭقاقى قۇرۇلتىيى» غا كېلىپ قولغا ئېلىنغان، شۇ يىلى 10 - ئايدا تۈرمىدىن چىققان. لېكىن ئالتايغا قايتۇرۇۋەتمەي ئەكسىنچە ئايالى خادىۋاڭنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلتۈرۈپ، مۇشۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويغان.

بىلەن مۇشۇ ناھىيىنىڭ ئەسكىرى يوق قوماندانى ① قىلىپ بەلگىلەنگەن قورچاق ھاكىمى نورمۇقاممەت سالىمباقى نامىدىن خەت يېزىپ، ئۆزلىرى ئالخاچ كەلگەن تەشۋىق ۋەرەقىلىرى بىلەن بىللە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ بۇرۇلتوقاي دەرياسىنىڭ بىتەۋ دېگەن يېرىدە ئالدىنقى قاراۋۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماناتقا شىپتەيىنى ئەۋەتىدۇ (نۇر مۇقاممەت بىلەن ماناتنىڭ خېلى يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار، شىپتەي بولسا ماناتنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسىنىڭ ئوغلى).

يەنە ئالەن باشلىق «نەسىھەت» ئۆمىكى نامىدىن خەت يېزىپ ئەنۋەر مايىپ ئارقىلىق بۇلغۇندا قىشلاپ ئولتۇرغان ئوسمان بىلەن دەللىخانغا ئەۋەتىدۇ (ئەنۋەرنىڭ ۋاپات بولغان بۇرۇنقى ئايالى دەللىخان سوگۇربايېفنىڭ سىڭلىسى ئىدى). ئەنۋەر بىلەن بىللە يەنە قايىم غازى ئۆمەرخانلارمۇ بارىدۇ. ئەنۋەر بۇلغۇنغا بارغاندىن كېيىن ئۇ ئاساسلىقى دەللىخان سوگۇربايېفنى «يولدىن قايتىش»قا دەۋەت قىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئۇ كۆتكەندەك نەتىجە چىقمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى، ئەكسىچە دەللىخان سوگۇربايېف بولسا ئۇنى (ئەنۋەرنى) ئۆز قاتارلىرىغا ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇمۇ تەرسالىق قىلىپ دەللىخاننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايدۇ. شۇڭا دەللىخان سوگۇربايېف ئۇنى ۋەكالىتەن ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن موڭغۇلىيىنىڭ مايقانتاش زاستاۋىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ، ئۇلار كېيىن ئەنۋەرنى ئۇلانباتۇرغا ئېلىپ كېتىپ، پەقەت 1948 - يىلى ئاۋغۇستتا ئاندىن قايتا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

① نۇرمۇقاممەتكە ئوخشاش، بۇ قېتىم ئالتايغا بارغان ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدىكى كۆكەدايىنى قاباغا، ھەجىنابېيىنى كۆكتوقايغا، مۇقاش جاكەنى سارسۇمبىگە، بادېنى جېمىنەيگە (بۇ ناھىيىلەرنىڭ ھەممە خەلقى ئاللىقاچان پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) ئەۋەتىدۇ، بۇلار خەلقى يوق، قورچاق ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن، «ئەسكەرسىز» قوماندانلىرى بولىدۇ.



مانات، نۇرمۇقاممەتنىڭ شىپتەي ئارقىلىق يازغان خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق پارتىزان ئەترىتىدىكىلەردىن 150 ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇرۇلتوقاي شەھىرىگە بېرىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولىدۇ، بۇ ئىش ئەلۋەتتە پارتىزانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر چوڭ ئوڭۇشسىزلىق بولىدۇ.

(2) 1944 - يىلى كۈزدە قۋانىشباي باشچىلىق قىلغان ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ بىر ئەترىتى ئېرەنقاۋىرغا كېلىپ ھەرىكەت قىلغاندا، پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتكەن ۋە 10 - ئايدا ئالتاي تەرەپكە كۆچۈپ بېرىشكە ۋاقىتلىق قىشلاپ قالغان گۈچۈڭ، مورى، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ 500 دەك ئائىلىسى بار ئىدى، ئۇلار ئىچىدىن جۇكەي باشچىلىق قىلغان 300 دەك ئائىلە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتىپ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن گۈچۈڭ تەرەپكە قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان «ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت»، ئۇلارنى نەسىھەت قىلىپ توسۇش ئۈچۈن 20 دەك ئادەم بىلەن كامەل، قۋانىشبايلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار كېلىپ سەۋرچانلىق بىلەن نۇرغۇن چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇكەيلەر گەپكە ئۇنىماي قېچىپ كۆچىدۇ. كامال، قۋانىشبايلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ توختاتماقچى بولغاندا، ئۆزئارا سۈركىلىشىپ قالىدۇ - دە، جۇكەيلەر بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ ئوق چىقىرىدۇ. نەتىجىدە بىمالال تۇرغان كامەل بىلەن قۋانىشباي ھەر ئىككىسىلا ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. دېمەك ئۆتكەن يىلى باتۇرلۇق نام بېرىلگەن يەتتە (تىرىك) باتۇرنىڭ ئىككىسى بىراقلا قۇربان بولىدۇ. جۇكەيلەر شۇ

قېتىم كۆچكەن يىتى گۇچۇڭغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە ئۆتكەن يىلى پارتىزانلار تەرەپتىن تارقىتىپ بېرىلگەن 100 دىن كۆپرەك قورالنى ئېلىپ گۇچۇڭغا كەلگەن ھامان گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

(3) يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1944 - يىلى كۈزدە ۋىلايەت بويىچە ئالتە يېرىم ناھىيىنىڭ خەلقى ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىدىن باشقا قالغان تۆت يېرىم ناھىيىنىڭ خەلقى ئىلگىرى پەقەت ئىككى ناھىيە خەلقىلا ماكان قىلىپ كەلگەن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەن ھەشەمەتلىك توي، داغدۇغىلىق باش قوشۇشقا ئوخشاش خۇشاللىق ئىش بولىدۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنچە جىق ئاممىنىڭ ھېسابسىز كۆپ چارۋىلىرىنى قىشتىن ئامان ئۆتكۈزۈش «ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت» نىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، رەھبەرلىك تەكرار مۇزاكىرىلىشىپ تۆۋەندىكى ئۈچ چارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىرىنچى چارە، ئىككى ناھىيىنىڭ قولىدا بار قىشلاقلىرىنى ئىمكانقەدەر ياخشى باشقۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن پايدىلىنىش؛ يەرلىك ئاممىنى باشقا ناھىيىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئامما بىلەن بار - يوقنى تەڭ كۆرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش.

ئىككىنچى چارە، كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيىنىڭ ئۆتكەن ھەر يىلى كۆچۈپ بېرىپ چارۋا بېقىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ۋە ھازىرقى كۈندە گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەددىسىلا پاراكەندىچى-



لىك سېلىپ تۇرىدىغان بەيتىك تېغى ئېتەكلىگە، يەنى قوبى قۇمىنىڭ (جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ) شەرقىي تەرەپ ياقىسىدىكى قىشلاقلارغا يەنىلا بىر قىسىم چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈپ بېرىپ بېقىپ قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىش؛ ھەمدە ئۇلارنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بۇلاپ - تالاش، قىرغىن قىلىشلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس بىر پارتىزانلىق ئەترەت تەشكىل قىلىپ ئەۋەتىش؛

ئۈچىنچى چارە، قوشنا ئەل - موڭغۇلىيە بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ، بەيتىك، قايتىق، قايشى قاتارلىق يەرلەردىكى چېگرىنىڭ ئۇلارغا تەۋە - بىز بىلەن ئوتاش بولغان ياپلاقلىرىدىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر قىسىم قىشلاق قەرز سوراپ ئېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك چارىلارنى قوللىنىش نەتىجىسىدە ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ چارۋا ماللىرى قىشتىن خېلى ئوڭۇشلۇق ئۆتىدۇ، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ، لېكىن قار قېلىن يېغىپ، بوران، شىۋىرغان كۆپ چىققان يەرلەرگە ئورۇنلاشقان بىر قىسىم ئاممىنىڭ چارۋىلىرى ئاپەتكە ئۇچراپ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1945 - يىلىنىڭ باش باھارى كەلگەندە، مۇشۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خېلى ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ئاز سانلىق ئائىلىدىكىلەر «ئاچتىن ئۆلۈش، كۆچەلمەسلىك» ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىر ياخشى بولغىنى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەر ھالدا مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتكەن يىلى قىش بېشىدا ئۆز تەۋەسىدىكى ئاز - تولا ئومۇمغا قاراشلىق

چارۋا مالدىن 2000 تۇياق قوي، 200 تۇياق چوڭ چارۋىنى ئىككى جايدا سويغۇزۇپ، توڭلىتىپ قويغانىدى. باھار ئەمدىلا يېقىنلاشقان، چارۋا ماللار تېخى تۆللىمىگەن سېرىق تال مەزگىلىدە، يېمەك - ئىچمەكلىرى قالمىغان ئاممىغا مۇشۇ گۆشلەرنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ. چارۋىلار تۆللەپ، سۈت چىققاندىن كېيىن «كەمبەغەللەرنى ھاللىقلارغا كۆتۈرە بېرىش» چارىسىنى قوللىنىپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى ھەربىر باي، ھاللىق ئائىلىلەرگە بىر قانچە ئائىلىدىن بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، يېزىچە ساغىدىغان سىيىن، كۆچكەندە مىنىدىغان ئات، ئارتىدىغان كۆلۈك بىلەن تەمىنلەشنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى نەتىجە بېرىدۇ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك (چەت - يىراق يەرلەردە ئولتۇرۇپ قېلىپ، مۇناسىۋەت قىلىشالمىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئايرىم بىر قىسىم ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق شەخسىي چارۋىلىرى ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگە قەدەر كۆتۈرۈلۈشلىرىگە ئامال بولماي، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۈن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىغان ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

(4) 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئونلىرىدا، دەلىلخان سۇگۇربايېف 700 دەك پارتىزانلار قوشۇنىنى ئۆزى بىۋاستە باشلاپ، يوقۇرقى ئالتايدىن سارسۇمبىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئالدىن يۈرەر تارمىقى، يەنى قابىي، بىتىمىشى بىلەن نابىي باشقۇرغان 200 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى



شۇپىتى دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «نەسىھەت قىلىش ئۆمىكى» ئەزالىرىدىن ماناتنىڭ 200 كىشىلىك باۋئەن دۈيىنىڭ مۇھاپىزىتىدە كۆكتوقاي خەلقى ئىچىگە بېرىپ بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن شامسىي، ھەجنابىي باشلىق «تەشۋىقاتچىلار» بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارنى خەلق ئىچىگە يەتكۈزمەيلا ئەدىپىنى بېرىپ قوغلىۋېتىدۇ. خاكىم ئۇمربايېف مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارتىزانلار تەرەپكە قېچىپ كېلىدۇ، لېكىن مانات باۋئەن دۈيىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن قوشۇلغان بۇربىجاب باۋئەن دۈيىنىڭ ئادەملىرى چېكىنىپ قېچىپ كېتىۋېتىپ، موڭغۇلىيىنىڭ قېشىدا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان باتەي مىقىي ئوغلى باشلىق ئىككى ئائىلىنىڭ ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ (ئۆلتۈرۈپ) تاشلايدۇ.

دەلىلخان سۇگۇربايېفلار بەش كۈن يول يۈرۈپ، 15 - چېسلا ئەتراپىدا سارسۇمبىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلىق 300 ئائىلە پۇقرالىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گومىنداڭنىڭ خىللانغان 2400 كىشىلىك ئارمىيىسى بىلەن 600 كىشىلىك ئۈچ باۋئەن دۈيى بولۇپ، جەمئىي 3000 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچى بارئىدى. بۇ شەھەر جايلاشقان ئورۇننىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى خۇددى قازانغا ئوخشاش بولۇپ، قاق ئوتتۇرىسىدىن قىران دەرياسى يېرىپ ئۆتىدىغان تاغ چوققىلىرى ئوراپ تۇرغان ئويمانلىق ئىدى. تاغ چوققىلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە گومىنداڭ ئارمىيىسى ئاللىقاچان قاتار كەتكەن ئېگىز - پەس تاش پوتەيلىرىنى ياساپ ئالغانىدى. قىران دەريا بويى ئەسلىدە قويۇق تال - تېرەك، ئاق قېيىنغا ئوخشاش تەبىئىي

ئورمانلىقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. لېكىن پارتىزانلارنىڭ مۇشۇ ئورمانلىقلاردىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇنۇپ كېلىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشىدىن، بولۇپمۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورققان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەريانىڭ يۇقىرىسى بىلەن تۆۋەنكى تەرىپىدىن شەھەرگە بەش - ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىن تارتىپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورماننىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز قىلىپ كېسىپ تاشلىغان ئىدى.

پارتىزانلار دەسلەپكى ئىككى كۈنلۈك ھۇجۇم جەريانىدا ئۆزلىرى ئېلىپ يۈرگەن 10 دانە ئوتتۇرا تىپتىكى مىناميوتلىرى بىلەن 60 قا يېقىن ئېغىر - يېنىك پىلىموتلىرىنى ئۇنۇملۈك ھالدا ئوبدان ئىشقا سېلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تاغ چوققىلىرىدىكى بىر نەچچە پوتەيلەرنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇشۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ھېسابلىنىدىغان «جوڭجۇڭ قىزىل» دىكى مەركىزىي پونكىتقا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭىمۇ قاتتىق تەھدىت سالدى. مىناميوتلاردىن ئېتىلغان ئوقلار شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە، ئالتۇن كان ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ تۈرمە قوروسى قاتارلىق ئورۇنلارغا چۈشۈپ، بىر مۇنچە قۇرۇلۇشلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ ھەم دۈشمەننىڭ 20 نەچچە ئادىمى ئۆلىدۇ ياكى يارىلىنىدۇ.

لېكىن، 3 - كۈنىدىكى جەڭدىن باشلاپ بىر مۇنچە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، ئالدىنقى سەپتە بەزىبىر ئەترەتلەر ئۆزلىرى بېسىپ ئالغان دۈشمەن پوتەيلىرىنى قايتىدىن تارتتۇرۇپ قويىدۇ، بولۇپمۇ كىشىنى



ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پارتىزانلار قايسى ۋاقىتتا، قايسى پوتەيلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، دۈشمەن تەرەپ دەرھال ئاشۇ ۋاقىتتا، ئاشۇ پوتەيلىرىگە ئادەم يۆتكەپ كۈچ توپلايدۇ. پارتىزانلار قانداق ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن ھەرىكەت قىلماقچى بولسا، دۈشمەن تەرەپ بۇنىڭغا تېخىمۇ تىغ تاقابىل تۇرىدىغان تاكتىكىلىق ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىش يەنە يەتتە، سەككىز كۈنگە داۋاملىشىدۇ، 10 - كۈنىگە كەلگەندە، دەلىلخان سۇگۇرباييف بىردىن مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ، دەرھال بورچىن بىلەن قابا ئارىلىقىدىكى «ئەلا مانبولات» قا (يەر ئىسمى) قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، دەلىلخان سۇگۇرباييفنىڭ پەرەز قىلىشىچە، يۇقىرىقىدەك پايدىسىز ئامىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا چوقۇم ئىچىمىزدىكىلەر بىلەن تاشقىرىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا تىل بىرىكتۈرۈش مەۋجۇت؛ ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا پارتىزانلارنى زادى ئەينىگە كەلتۈرۈپ بولمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەتكە ئېلىپ بېرىشتا گەپ يوق. ئەمما پارتىزانلار ئىچىدە زادى كىمنىڭ دۈشمەن بىلەن ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ تېخى بىر سىر؛ ئۇنى دەرھال سېزىۋېلىش ئاسان ئىش ئەمەس، شۇڭا ئەلامانبولات تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق قالغۇتان ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان بورچىن ناھىيىسىنىڭ قالغان يېرىم خەلقى ئىچىگە بېرىش ۋە تۆريايلاققا بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇلتۇر يازدا قوزغىلاڭ قىلىپ يوقۇرقى ئالتايغا كۆچۈپ بارغان خەلقلەرنىڭ ئىزى بىلەن

(يولى بىلەن) موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بويلاپ كۆكتوقايغا
كۆچۈرۈپ بېرىش؛ ھېچ بولمىغاندا تۆر يايلاقتىن بۇ تە-
رەپكە ئىمكانقەدەر بۇرۇنقى يىللارغا ئوخشاش ئۆز ۋاقتىدا
كۆچۈپ كەلمەي ئۇزۇنراق ئولتۇرۇپ تۇرۇش ۋە مۇشۇ
ئارىلىقتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھېچقانداق ئىقتىسادىي
ياردەم قىلماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىش توغرىسىدا خىزمەت
ئىشلەپ، ئۇلارنى ماقۇللۇققا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن، مۇشۇ جەرياندا گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈش مۇمكىنلىكى بار بىر قانچە ئادەملەر ئۈستىدىن
زۆرۈر بولغان كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش؛ ئەگەر ئۇنىڭ كىم
ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئالدى بىلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلى-
ۋېتىپ ئاندىن قايتىپ كېلىپ سارسۈمبىنى يېڭىباشتىن
مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىش - قىلماسلىقنى ئويلىشىپ
كۆرمەكچى بولىدۇ.
پارتىزانلار ئەلامانبۇلاتقا قاراپ ئەمدىلا سەپەر قىلىش-
قا باشلىغاندا، سايىر تاغنىڭ قارا تاش ئارىلىقىدىكى ئې-
دىردا گوزىياڭ باۋئەن دۈيىنىڭ ① 100 دىن كۆپرەك ئەس-
كەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن بۇرچىندىن سارسۈمبىدىكى
گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئاشلىق يۆتكەپ كېلىۋاتقان 80 بى-

① بۇ چاغلاردا ئالتايدا گومىنداڭنىڭ رەسمىي ئارمىيىسىدىن باشقا
ئالاھىدە تەشكىل قىلىنغان بەش باۋئەن دۈيى بار ئىدى، ئۇلار: 1) بۇربەجاپ
باشقۇرغان موڭغۇل باۋئەن دۈيى، 2) مانات باشقۇرغان قازاق باۋئەن دۈيى،
3) گوزىياڭ باشقۇرغان (ئالتايغا چەت يەرلەردىن ئالتۇن كولاش ئۈچۈن
كەلگەنلەردىن تەشكىل قىلىنغان) خەنزۇ باۋئەن دۈيى، 4) ۋارىس باشقۇرغان
رۇس باۋئەن دۈيى، 5) ئەز باشقۇرغان قازاق باۋئەن دۈيىدىن ئىبارەت.
بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئۈچىسى سارسۈمبە شەھىرىدە، كېيىنكى ئىككىسى بۇرچىن
ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇر، قالۇتان دېگەن يەرلىرىدە تۇراتتى.



رىشكا ① ھارۋىسىغا يۈلۈنۈپ قالىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ بىر سائەتلىك ئېلىشىش ئارقىلىق گوزىياڭ دۈيجاڭ
باشلىق 100 نەچچە ئەسكەرنى پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرۇپ تاش-
لاپ، ھەممە ھارۋىلىرىنى ئاشلىقى بىلەن غەنىمەت ئالىدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار ئىككى كۈن سەپەر قىلىپ،
چوڭقۇر (يەر ئىسمى) نىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئاق قۇمغا
يېتىپ بارغاندا، بارىس باشچىلىقىدىكى 300 كىشىلىك رۇس
باۋئەن دۈيى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، تۆت - بەش
سائەت كەسكىن جەڭ بولىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر قانچە
ئادەم چىقىم تارتىدۇ، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىزانلار بىر
چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسەيىنمۇ بار ئىدى،
ئاخىرى رۇس باۋئەن دۈيى بەرداشلىق بېرەلمەي چوڭقۇر-
غا قاراپ چېكىنىپ قاچىدۇ، ئۇلار چوڭقۇرغا بارغاندىن
كېيىن مۇشۇ قىشلاقتىكى قازاقلاردىن 20 نەچچە ئادەمنى
يىغىۋېلىپ، بىر ئۆيگە قاماپ قويىدۇ، ئاندىن بىرىنى
بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قېرى - ياش، خوتۇن - بالا
دېمەستىن بىر - بىرلەپ چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.
رۇس باۋئەن دۈيى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن،
پارتىزانلار ئۇلارنى قوغلاپ يۈرمەستىن ئاشۇ جايدىلا توختاپ
قالىدۇ ۋە قالغۇتان تەرەپكە رازۋېتكا ئەۋەتىدۇ، ئۇ يەر-
دىكى ئەل تامامەن كۆچۈپ، ئوتتۇرا يايلاققا ۋە ئۈچتاش-
قا كېتىپ قالىدۇ، پارتىزانلار ئامالسىز كەينى تەرەپلىرىگە
قايتىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلار سارسۈمبىگە يېقىن
يەردىكى ئابىيتەن ئەتراپىغا قايتىپ كېلىپ، بىر كۈن ھار-

① بىردىشكا - تۆت چاقلىق، بىر ئۇقلۇق، ئىككى ئات قوشىدىغان چوڭ
رۇس ھارۋىسى.

دۇق ئالغاندىن كېيىن، يەنىلا سارسۇمبە شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىمىزمۇ - يوق؟، دېگەن پىكىرنى مەسلىھەتلىشىۋالغان بىر پەيتتە، تۇرغۇجاينىڭ ئۆز ئەترىتىدىكى يېرىم ئادىمى بىلەن بىر ئاخشامدىلا يوق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ زادى قانداق بولغان ئىش؟.

ئەسلى پارتىزانلار 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا سارسۇمبىگە يۈرۈش قىلىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان دەسلەپكى كۈنلەردىن باشلاپ، جانىمقان (جانىمقان بۇ چاغدا ئالتايدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىدى) نۇرغوجاي بىلەن بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتىپ «خىزمەت» ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن نۇرغوجاي ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمرىيى سۈلەيمەن بېكتۇر (بومۇ چاقاباي قەبىلىسىدىن)، سارىباي (قىستاۋ قەبىلىسىدىن) لار بىللە گومىنداڭ ئۈچۈن مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە خىزمەت قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈپ ۋەدە بېرىشىدۇ ھەمدە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن پارتىزانلارنىڭ ھەممە ھەرىكەت پىلانىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا، مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن نۇرغوجايلار «بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ داۋاملىق خىزمەت كۆرسىتىش» دېگەن سۆزلىرىدە چىڭ تۇرالماي، يېرىم يولدا ئالدىراپ - تېنەپ، ئاشۇنچە تېزلىكتە ئۆزلىرىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئەلۋەتتە. چۈنكى نۇرغوجاي دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنى قالتىس ئەقىللىق، كارامەت چېۋەر



ئادەم چاغلاپ، «جانىمقانغا بەرگەن ۋەدەمنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئادەمگە ئەمەس، بەلكى شەيتانغىمۇ سەزدۈرمەي ئىشلەۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئاشۇنداق قىلالايمەن»، دېگەن ئويدا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن گۇمانلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىدا چوڭقۇر ئۇرۇشتا قاسەينى دېگەن بىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقىنىڭ ئوق تېگىپ قازا تاپقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مانا مۇشۇ ئادەمنىڭ قازاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قاسەينى بويىنىدىن ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلىنىپ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىن ئارقا سەپتىكى شتابقا قايتۇرۇپ كەلگەندە، ئاللىقاچان گەپ قىلالماس بولۇپ قالغان ئىدى، لېكىن ئۇ، ئۆزىنى يوقلاپ بارغان دەلىلخان سۇگۇرباييېفنى كۆرگەندە، دەسلەپتە ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن بېگىز بارمىقىنى تەڭ چىقىرىپ كۆرسىتىپ، ئاندىن بىرسىنى يىغىۋېلىپ بىرسىنى قالدۇرىدۇ، بۇ ئىشارىنى باشقىلار «ئالدى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ بارغان ئىككىمىز ئىدۇق، بىرىمىز ئۆلۈپ، بىرىمىز قالدۇق دېگەنغۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق چۈشەنچىدە بولۇشلىرىنىڭ سەۋەبى ئاشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر قېتىم بىر ئېگىزلىكنى قاتتىق تالىشىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا نۇرغوجاي بىلەن قاسەينى ھەممە ئادەملەردىن بۇرۇن بىرىنچى بولۇپ بېرىپ ھېلىقى ئېگىزلىكنى ئىگىلەيدۇ، باشقىلار كەينىدىن يېتىپ بارغىچە بولغان ئارىلىقتا قاسەينىگە ئوق تېگىپ ئۆلگۈرىدۇ، نۇرغوجاي ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ

ئۆلتۈرگەن بولىدۇ.

دەللىخان سۇگۇربايېۋ بولسا قاسەيىنىڭ ھېلىقى ئىشارىسىگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىن باشقىچە قاراشتا بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى سەۋەپ، دەللىخان سۇگۇربايېۋ قاسەيىنىڭ ئوق تەگكەن يېرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرگىنىدە ئوق ئۇنىڭ بويىنىنىڭ قىيپاش سول تەرەپ كەينىدىن تەگكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، دېمەك تەگكەن ئوق ئالدى تەرەپتىن ئېتىلغان ئەمەس، كەينى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنداق قىلىپ قاسەيىنىڭ دەسلەپتە ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ، كېيىن بىرىنى يېيىپ، بىرسىنى قالدۇرۇشى — «ئالدى بىلەن يېتىپ بارغان ئىككى ئادەم ئىدۇق، ئەمەلىيەتتە بىرىمىز - بىرىمىزنى جايلىدۇق» دېگەن بولۇپ ئېنىقلىنىدۇ. دېمەك، قاسەيىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلمۇ، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەۋەر ئېلىپ — خەۋەر بېرىپ تۇرغانمۇ مۇشۇ نۇرغوجاي ئىكەن، ئۇنى قەبىلىچىلىك نۇقتىئىنەزەردىن پايدىلىنىپ جانىمقان ئۆزىگە تارتقان، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. ئەمما ئۇ، يەنە بۇ ئەھۋالنى ھازىرچە ھېچكىمگە دەپ يۈرمەسلىك لازىم، دەپ ئۇقتۇرىدۇ، چۈنكى نۇرغوجاي 40 - يىلدىن بۇيان قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپىدىن تارتىپ قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرسى، شۇنىڭدەك ئۆتكەن يىل باتۇرلۇق نام بېرىلگەن 10 ئادەمنىڭمۇ بىرسى، شۇڭا ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق قەبىھ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم بولۇپ قالغانلىقىغا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ



ھازىرمۇ پۈتۈن پارتىزانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئەترەتنىڭ باشلىقى، شۇنىڭدەك ۋىلايەت بويىچە ئەڭ كۆپ، ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىگە مەنسۇپ ئادەم ئىدى، شۇنداق ئىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پاكىت يېتەرلىك، داۋلى كۈچلۈك، ئۇسۇل توغرا بولمىسا پارتىزانلار ئوتتۇرىسىدا بەلكىم ئېغىر بۆلۈنۈش، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ توقۇنۇش كېلىپ چىقىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇڭا ھازىرچە ئاغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوبدانراق مەسلىھەت قىلىشىپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلغان تۈزۈك» دېگەن قارارغا كېلىدۇ. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، ئاخىرى ئۆز - ئۆزىدىن غەم - ئەندىشىگە قېلىپ، 200 گە يېقىن ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر كېچىدىلا تىكىۋېتىدۇ.

مۇنداق ئەھۋالدا، پارتىزانلار ئۈچۈن ئەمدىكى مەسىلە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى دۈشمەن قولىدىن تارتىپ ئېلىش مەسىلىسى ئەمەس، ئەكسىنچە قانداق قىلىپ تېزلىكتە ساق - سالامەت چېكىنىپ كېتىۋېلىش مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئالدىنئالا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئۇنداقتا دۈشمەن ئارمىيىسى نۇرغوجاي، سۇلەيمەنگە ئوخشاش يەرنىڭ سىرىنى ۋە پارتىزانلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىرەر پولك ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ، پارتىزانلار بىلەن توقۇنۇش قىلىدىغان ياكى كەينىلىرىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پارتىزانلارنى زور چىقىمغا ئۇچرىتىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى.

دەللىخان سۇگۇربايېۋلار دەرھال چېكىنىپ كېتىش

قارارىغا كېلىپ يولغا چىقىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ كېيىن (ئالتاي ئازاد بولغاندىن كېيىن) ئاشۇ ۋاقىتتا شەھەردە بولغان مۇقاش جاكەنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرغۇجايلار سارسۇمبىگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا گومىنداڭ خوجايىنلىرىغا پارتىزانلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي دوكلات قىلىش بىلەن دەرھال ئۆزلىرىگە بىر پولك ئەسكەر قوشۇپ بېرىپ، پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىشنى كەسكىن تەلەپ قىلىپ تەكلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئەگەر مۇشۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، چوقۇم چوڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. جانىمقان ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوللاپ، ۋەدىلىرىگە ئىشەنچ بىلدۈرگەن بولسىمۇ لېكىن قۇۋلۇق - شۇملۇقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى «سىرىنى بىلمىگەن ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمە» دېگەن يەرگە كېلىپ، نۇرغۇجايلارنىڭ ئۆزلىرى زادى قانداق ئادەم، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم كېلىپ تەسلىم بولۇشىدا ۋە بىزگە بېرىۋاتقان بۇ تەكلىپلىرى كەينىدە بىرەر قۇۋلۇق - شۇملۇق يوقمىدۇ»، دەپ ئۇلارغا بىردىنلا ئىشىنىپ كەتمەي قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇجايلارنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارتىزانلارنى ۋەيران قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، گومىنداڭ خوجايىنلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ياخشىراق نامايەندە قىلماقچى بولغان خىياللىرى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ.

شۇندىقتىمۇ بۇ بىر ئىش ئېنىقكى، مەيلى كېيىنكى ئەھۋال قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇجايلارنىڭ بۇ نۆۋەت ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ يۈزلەنگەن ئادەم بىلەن



ئەڭ مۇھىم بىر پەيتتە گومىنداڭغا يېقىنىپ كېتىشى، پەقەت سارسۇمبە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن پارتىزانلارنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي قايتىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان چوڭ ئىش بولۇپ قالماستىن، ئىنقىلابنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ھەقىقەتەن بىر چوڭ ئۆكۈنۈشسىزلىق بولدى، دېيىشكە بولىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇرباييېفلار چېكىنىپ ئېرتىش دەرياسى بويىغا بارغاندىن كېيىن، مۇقاي ئاقشال بىلەن زاكى (لەقىمى گاس زاكى) لار باشلىق 50 ئادەمنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا زۆرۈر يوليورۇقلارنى بېرىپ، جىمىنەي پارتىزانلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىپ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، ئۆزلىرى بولسا توپ - توغرا يۇقۇرقى ئالتايغا قايتىدۇ.

## IV. باسقۇچ — ئاخىرقى غەلىبە يولىدا

1945 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئالتايدىكى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچى بولىدۇ.

بىرىنچى: جىمىنەي پارتىزانلىرى 29 - فېۋرال پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە، سان تەرەپتىن بارغانسېرى كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئومۇمىي تەرەپتىنمۇ خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا:

(1) 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ،

ئۆتكەن يىلى سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەن خەلق ئاممىسى
كەينى - كەينىدىن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆز ماكانلىرىغا
قايتىپ كېلىپ، نورمالنى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ،
تۈل ئېلىش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى ئوبدان ئېلىپ
بېرىلىدۇ. يەنە بىرى، پارتىزانلار قوشۇنى بۇرۇنقى بەش ئەت-
رەت ئاساسىدا يەنە بىر نۆۋەت تەرتىپكە سېلىنىپ خىللى-
نىدۇ، ھەر تەرەپلىمىلىك مەشىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ،
ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى قورال - ياراقلارنىڭ ئىشلى-
تىلىش قائىدىلىلىرى ئۆگىتىلىنىپ، ئۇرۇش قىلىش ماھارىتى
يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. جۈملىدىن سان جەھەتتىنمۇ زورىيىدۇ.
(2) 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دۆربىلجىن
ناھىيىسىنىڭ قىرىق ئوچاق رايونى قىزىل بەيت دېگەن
يېرىدە ئولتۇرىدىغان رۇسلاردىن كارتوشۇپ، پېيىپ باشلىق
100 نەچچە ئادەم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈندىن -
كۈنگە غالجىرلىشىۋاتقان زۇلمى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە
قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جېمىنەي پارتىزانلىرىغا بېرىپ
قوشۇلىدۇ (بۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيە تېخى تار-
باغاتاي دائىرىسىگە كىرمىگەن ئىدى). ئۇلار پارتىزانلار
تەرەپتىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، ئۇلارغا قورال - ياراق
تارقىتىلىپ بېرىلىپ، ئايرىم بىر ئەترەت قىلىپ تەشكىللەي-
دۇ. (3) 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى-
سىغا قەدەر گومىنداڭنىڭ بۇرۇلتوقاي، قوبۇق، دۆربىلجىن
قاتارلىق يەرلەردە تۇرىدىغان ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئۇي-
غۇر ئەسكەرلىرىدىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 4 - 5
قېتىمدا 100 دىن كۆپرەك ئادەم ھەر خىل پۇرسەتلەردىن
ئەپلىك پايدىلىنىپ ھەممە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ



دۈشمەننىڭ بىر مۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچە يان
قورال، يۈزدىن ئارتۇق مىلتىق، ئىككى پىلىموت، 1000 دانىدەك
ئوق، 100 نەچچە ئاتنى ئېلىپ كېلىپ پارتىزانلارغا قوشۇ-
لىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ناھىيىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئومۇ-
مىي سانى ئىككى ئېقىمدىن كېلىپ قوشۇلغان يېڭى كۈچ-
لىرىنىڭ قولايلىق شەرت - شارائىت يارىتىشى بىلەن
بۇرۇنقى 400 ئادەمدىن بىراقلا كۆپىيىپ 600 دىن ئارتۇق
ئادەمگە، تۆت ئەترەتتىن بەش ئەترەتكە كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە ئەسلى يۈزگىمۇ يەتمەيدىغان ئادىمى بار خوجاقمەت
ئەترىتى 200 كىشىلىك بىر چوڭ ئەترەت بولۇپ شەكىل-
لىنىدۇ. ئۈرۈمچى - ئالتاي ماشىنا يولى بويىدىكى قوراي-
تى، مۇقىرتاي قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارغا كۆزىتىش
پونكىتلىرى قۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى
گومىنداڭنىڭ ئالتاي تەرەپتىن قوبۇققا، قوبۇق
تەرەپتىن ئالتايغا كەلدى - كەتتى قاتناش ئىشلىرىنىڭ
ئەھۋالىنى ئىگىلەش؛ ئېپى كېلىپ، كۈچى يار بەرگەن
ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈش-
مەننىڭ قاتناش — ترانسپورت ئىشلىرىغا زەربە بېرىش
ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر، ئەمدى بۇ ناھىيىدىكى پارتىزانلار يولۇققان
ئوڭۇشسىزلىق ئەھۋال نېمىلەر بولدى، دېيىلىدىغان بولسا،
ئاساسلىقراقى پەقەت بىرلا ئىش ئۆتتۈلگەن بولدى، ئۇ بول-
سىمۇ، 1938 - يىللىرى موسكۋاغا ئوقۇشقا بارغان دەلىل-
قان ئالەن ئوغلى 1944 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، سو-
ۋېت چېگرىسى ئىچىگە ۋاقىتلىق ئۆتۈپ بارغان ئامما بىلەن
بىللە بارغان ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن باش مەسلىھەتچى ھارىباي ۋە رامازان قاتارلىق پارتىزان باشلىقلىرى ئۇنىڭ ھەرتەرەپلىمە ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولار، دېگەن مەقسەت بىلەن ئۇنى رامازانلارغا «ياردەمچى» قىلىپ بەلگىلەپ قويىدۇ. لېكىن، 1944 - يىلى 12 - ئايدا، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەشكىللەپ ئالتايغا ئەۋەتكەن ھېلىقى «نەسىھەت قىلىش ئۆمىكى»نىڭ باشلىقى ئالەن ۋاڭ، 1946 - يىلى يانۋاردىن تارتىپ ئالتايغا يېتىپ كەلگەندىن باشلاپ، دادا - بالا ئىككىسى ئۆزئارا مەخپىي مۇناسىۋەت قىلىشىپ، ئاخىر دەلىلقان ئالەن 1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىككى چاپارمەننى ئەگەشتۈرۈپ ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىپ، قېچىپ چىقىپ سارسۈمبىگە بېرىۋالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىل رەزىل ھەرىكىتى ئويغانغان، قوزغالغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا، ئىتتىپاقلىقىغا قىلچىمۇ ئەكس تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئىنقىلاب دولقۇنى ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ئۆركەشلەپ يۇقىرى ئۆرلەۋېرىدۇ.

ئومۇمەن مانا مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە (دەلىلقان ئالەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئېرتىش دەرياسى بويىدا دەلىلقان سوگۇربايېفتىن مەخسۇس تاپشۇرۇق ئېلىپ يولغا چىققان مۇقاي ئاقشال، زاكىي قاتارلىقلار جىددىي يۈرۈش قىلىپ جىمىنەيگە يېتىپ كېلىدۇ، يولبۇرۇق مۇنداق ئىككى مەزمۇندا ئىدى:

1) ئۈرۈمچىدىن قوبۇق ئارقىلىق بورچىن، بۇرۇلتوقايغا قاتنايدىغان يولنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ تاشلاش؛



2) 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېلىپ بېرىلىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان سارسۈمبە شەھىرىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، بورچىن، قابا ناھىيىلىرىگە بىرلا ۋاقىتتا، تەڭ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش.

مۇقايلار جىمىنەيگە يېتىپ كەلگەن ھامان، رامازان، موللا ئىسلام، ھارىباي قاتارلىق كىشىلەرگە دەلىلقان سوگۇربايېفنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى مەزمۇندىكى يولبۇرۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن جىمىنەي پارتىزانلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال، تالقى بىلەن ئابەن باشقۇرغان تولۇق بىر ئەترەتنى قورايتى، موقۇرتايلارغا ئەۋەتىپ، قوبۇق، بورچىن تاشيولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاشقا، مەيلى ھەرقانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، گومىنداڭ تەرەپنى بۇ يول ئارقىلىق بارىدى - كەلدى قىلالمايدىغان پالەچ ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ. ئاندىن ماۋلىقان، مۇقاماش باشقۇرغان بىر ئەترەت، ① قاباغا، قالغان ئەترەتلەر بورچىنغا يۈرۈش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشىدىغان بولىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا ھەش - پەش دېگۈچە 7 - ئاينىڭ 10 نەچچىسى بولۇپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ ۋا-

① ماۋلىقان، مۇقاماش ھەر ئىككىسى ئەسلى قابالىق، قابا خەلقى بىلەن سوۋېتكە بارغاندىن كېيىن، سوۋېت يېرىگە بارغان جىمىنەي خەلقى ئىچىگە كېلىپ قوشۇلۇپ، جىمىنەي پارتىزانلىرى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەترىتىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك قابالىقلار ئىدى.

قىتتا غۇلجىدىن چىققان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تاربا-
غاتايغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر
يېتىپ كېلىپ، قىرىق ئۇچاقتىن كەلگەن كارتوشوپ، پېيسپ
باشچىلىقىدىكى رۇس پارتىزانلىرى ئۆز يەرلىرىگە قايتىپ
بېرىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش تەلىپىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ تەلىپىنى توغرا
دەپ قاراپ، ماقۇل بولىدۇ ھەمدە سولتان ئەسبولىسىن
بىلەن قابىيدەن باشقۇرغان بىر ئەترەتنىمۇ بۇلار بىلەن
بىللە ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىككى ئەترەت بىر
نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، 7 - ئاينىڭ 15 - 16 - كۈنلىرى
دۆربىلجىندىكى گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىنىڭ
بىرى بولغان «روس پاسولكىسى» قىرىق ئۇچاقنى ئۆزلۈك-
سىز بەش سوتكا مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يىگىرمىلىرىگە كەلگەندە،
غۇلجىدىن چىققان مىللىي ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ بىر
لىيەن ئەسكىرى ياردەمگە كېلىپ، ئېغىر - يېنىك مىناميوت-
تىن شىددەتلىك ئوت ئېچىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بىت-
چىت قىلىپ، ئىستىھكامنى تارتىۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن سول-
تان، قابىيدەن ئەترىتى دۆربىلجىننى ئازاد قىلىش ئۇرۇ-
شىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جىمىنەيگە قايتىپ
كېلىدۇ.

تالقى بىلەن ئابەن باشقۇرغان ئەترەت 7 - ئاينىڭ
10 لىرىدا قۇرايتى قاتارلىق يەرلەرگە يېتىپ كېلىپ، قو-
بۇق، بۇرچىن ئوتتۇرىسىدىكى ماشىنا يولىنى بىراقلا ئۈزۈپ
تاشلايدۇ. قوبۇق تەرەپتىن بۇرچىنغا ئۆتمەكچى بولۇپ كەل-
گەن دۈشمەن تەرەپنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ترانسپورتى-
نى توسۇپ ئۆتكۈزمەي قويىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئەك ئا-



خىرقى باسقۇچنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلگەنگە قەدەر تولۇق
ئىككى ئاي ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماۋلىقان، مۇقاماش ئەترى-
تى قاباغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ، قالغان ئەترەتلەر
ھەممە تەييارلىقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، بۇرچىنغا قاراپ يۈ-
رۈش قىلىش ئۈچۈن يوقۇرقى ئالتايدىكى باش شتابنىڭ بۇي-
رۇقىنى كۈتۈپ، سەپ تارتىپ تەييار تۇرىدۇ.

ئىككىنچى: 6 - ئايدا سارسۇمبە شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلىپ كېلىپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مەقسەتلىرى-
گە تولۇق يېتەلمەي قايتىپ بارغان يوقۇرقى ئالتاي پارتىزانلى-
رى بىر مەزگىل ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر
2 - قېتىم يۈرۈش قىلىپ، سارسۇمبە شەھىرىنى ئازاد قى-
لىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن يۈرۈشكە
قاتنىشىدىغان ئەترەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئادەملىرىنى
خىللاپ، سانىنى بېكىتىش؛ بەزەن ئەترەتلىرىنىڭ رەھبەر-
لىكىنى رەتلەپ، كەملىرىنى تولۇقلاش، قورال - ياراقلىرى-
نى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش؛ ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق -
دورىلارنىڭ زاپىسىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەش-
تىن ئىبارەت بولىدۇ. پارتىزانلار كەلگۈسىدىكى يۈرۈشكە
تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، سارسۇمبىدىكى گومىنداڭ
تەرەپ 6 - ئايدا نۇرغۇجاي بىلەك ئەگىشىپ بېرىپ
تەسلىم بولغان كەنەن، رايىمجان، شۇلتەك قاتارلىق ئا-
دەملەرنى پارتىزانلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى رازۋېتكا
قىلىپ قايتىشقا ئەۋەتىدۇ، ئۇلار، خەلق ئاممىسى «ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ»، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ قاي-

تىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالتاي قولدىن كېتىپ قالغىدەك بولسا (ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق بولۇشغا كۆزى يېتىپ قالغانىدى)، «كېيىنچە زامان ئۆزگىرىشى قىلىشقا پايدىلىنىش ئۈچۈن» دەپ ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان، نۇرغوجاي، سۇلەيمەن، سارىباي قاتارلىقلارنى ئايروپىلان بىلەن؛ شامشى، دەلىلقان ئالەن قاتارلىقلارنى ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ.

8 - ئاينىڭ 20 سى 1500 ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغان ئالتاي پارتىزانلىرى ھەممە تەييارلىقلارنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا دەلىلقان سۇگۇرباييېف ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، سارسۇمبە شەھىرىگە 2 - قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا يۈرۈش قىلىدۇ، ئۇلار 25 - كۈنى شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ دەرھال كونكرېت پىلان تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دەلىلقان سۇگۇرباييېف يوقۇرقى ئالتايدىن يولغا چىقىش ئالدىدىلا جىمىنەيدىكى پارتىزانلارنىڭ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، مۇناسىۋەت باغلاشقا ئەۋەتكەن توقتار قاتارلىق ئۈچ ئادىمى جىمىنەي پارتىزانلىرىدىن: ئىلىدىن چىققان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوبۇقنى ئازاد قىلغان بىر پولكى ئەمدى ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى؛ ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، شەھەرگە بىر قەدەر يېقىن كوكسىن تېغىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەلىلقان سۇگۇرباييېفلار ئۆز-



لىرىنىڭ ئۇرۇش پىلانلىرىنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

1) جىمىنەي پارتىزانلىرى دەرھال مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت قىلىش؛ ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھاجەتلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش؛ ئاندىن ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ ھەم ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بۇرچىنغا بىللە ھۇجۇم قىلىش؛ لېكىن قابا پارتىزانلىرى بۇرچىنغا قىلىدىغان ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇرماستىن قاباغا ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال باشلىۋېتىش؛ شۇنداق قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ توپلىشىپ ئېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي، يەككە-يەككە تارمار قىلىشقا قولايلىق ۋەزىيەت يارىتىش.

2) يوقۇرقى ئالتايدىن سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىشقا كەلگەن پارتىزانلار يەككە - يېگانە كۈچەپ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ تۇرۇپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش؛ لېكىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سارتوقاي ياكى قوبى قۇمى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنى 10 ۋە 15 كىلومېتىر ئارىلىقتا شەرقىي شىمال ۋە جەنۇبىي تەرەپتىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىش، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ھەممە بۇ قارارلارنى جىمىنەي پارتىزانلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال ئادەم ئەۋەتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىلىدىن چىققان بىر پولك (كەڭساي 3 - ئاتلىق پولك) مىللىي ئارمىيە قىسمى، جىمىنەيدىن يۈرۈش قىلغان 400 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 9 - ئاينىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى بۇرچىنغا ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن جىمىنەي پار-

تىزانلىرى شەھەرنىڭ باش تەرىپى ۋە تۆۋەنكى تەرىپىدىن ئېرتىش دەرياسىغا ئات سېلىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن شەگەتەي قوۋۇقىدىن ئوت ئېچىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ھەمدە يەر ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىدىغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنى ئورمانلىقنىڭ ئارىسى بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئېرتىش دەرياسىدىكى بارومنى (تۆمۈر ئاغامچا ئارقىلىق ماڭىدىغان قېيىقنى) تارتىۋالدۇ، دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى كوكسىن تېغىنىڭ شەرق ئېتىكىدىكى جىلغىلار بىلەن يوشۇرۇنۇپ كېلىپ، ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرغان كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكى بىلەن جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا بەلگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەرب ۋە شەرق ئىككى تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن شەھەرنى بېسىۋالدۇ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىرمۇ ئەسكىرى قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بورچىن ناھىيىسى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىدۇ.

قابا شەھىرىنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلغان ماۋلىقان، مۇقاماش پارتىزانلىرى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى قارا ئۆي قاتارلىق يەرلەرگە يېتىپ بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ، نەتىجىدە ئۇ يەردىكى گومىنداڭنىڭ ئىككى لىيەن ئەسكىرى بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن چېكىنىپ كەتكەن بولۇپ چىقىدۇ. شەھەر ئىچىدە پەقەت بىر قانچە ئائىلىلىك پۇقرالاردىن باشقا ئادەتتىكى بىر قانچە كادىرلار بىلەن يەرلىك خەلقتىن ئېلىنغان ئاز ساندىكى ساقچى ئەسكەرلەرلا بار بولۇپ، ئۇلار ھېچبىر قار-



شىلىق كۆرسەتمەستىن تەسلىم بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ قابا شەھىرى، بورچىن شەھىرى ئازاد قىلىنىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئازاد قىلىنىدۇ. قابادىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆتۈلمىگەن يەردىن مۇنداق ئۇشتۇمتۇت چېكىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، ئالتايدىكى گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى سارسۈمبە شەھىرى 8 - ئاينىڭ 25 لىرىدىن باشلاپ ئالتاي پارتىزانلىرى تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرىدۇ ھەمدە قوبۇقنى ئازاد قىلغان مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر پولك ئەسكەرلىرىنىڭ بورچىنغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى بىلىپ، بورچىن، قابا ئىككى ناھىيە بازىرىنىڭ ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۇچرىشىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئالدىن مۆلچەر قىلغان بولىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەزگىلدىكى گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ۋەن سىلىڭنىڭ قايغۇسى (ئۆز ۋاقتىدا ئىچكى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە بولغان مۇقاش جاكە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە) تىنچ ئامان قابادىكى غالچىلىرىنى بورچىنغا چېكىندۈرۈپ كېتىش ھەم ئۇنىڭغا بورچىندىكى قوشۇنلىرىنى قوشۇپ بىللە سارسۈمبىگە قايتۇرۇپ كېلىش؛ كۈچىنى بىر ئورۇنغا توپلاپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغىچە ئۇرۇش قىلىپ، بىراقلا يوق بولۇش؛ شۇ ئارقىلىق «دۆلەت ئاتىسى» (جياڭ جېيشى) غا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سەمىمىي سادىق بولۇشتىن ئىبارەت قەسەمنى ئادا قىلماقچى بولغانمىش، ئەمما ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك قابا بىلەن بورچىندىكى غالچىلىرى سارسۈمبىگە كېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە كەڭساي پولكىنىڭ بىر لىيەن «ئالدىن يۈرەر» قىسمى ئابىيتەندىكى

دەلىلقان سوۋگوربايېفنىڭ شتابى تۇرغان جايغا كېلىدۇ، ئۇلار شامسىي مامىيېپنەمۇ ① بىللە ئالغاچ كېلىدۇ. دەلىلقان سوۋگوربايېف شۇ كۈنلا سارسۇمبە شەھىرىدىكى گومىنداڭنىڭ گاۋ جۇەنيۇەنى بىلەن ۋەن سىلىڭغا خەت يېزىپ، «قارامىلىق قىلماي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، يوۋاشلىق بىلەن قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇش»قا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئامسىنى ئەۋەتىدۇ. ئەمما شامسىي كېتىپ ئىككى كۈنگە قەدەر ئۇنىڭدىن ھېچبىر خەۋەر بولمايدۇ، بۇ ئارىلىقتا كەڭساي پولكىنىڭ قالغان قىسىملىرىمۇ ئەبىتانغا يېتىپ كېلىپ، دەلىلقان سوۋگوربايېفنىڭ پارتىزانلىرى بىلەن بىللە سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، نەتىجىدە سارسۇمبە شەھىرى ئازاد بولىدۇ.

دېمەك، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە، سارسۇمبە شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان 2000 دىن كۆپرەك گومىنداڭ ئارمىيىسى، مانات، بورىجاپ ئىككى باۋئەن دۈيىنىڭ 500 ئادىمى ۋە 400 دەك ئادەتتىكى خەنزۇ پۇقرالار (②) بولۇپ جەمئىي 3000 دەك ئادەم بىرلىكتە، شە-

① شامسىي — يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئالتايدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا سېلىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ، دۆربىلجىنگە كەلگەندە، دۆربىلجىننىڭ ئازاد بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، دەلىلقان ئالەن ئوغلىمۇ شۇ يەردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قولغا چۈشىدۇ.

① 1943 - يىلقى ستاتىستىكا بويىچە، ئەسلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 471 ئائىلە 2331 جان خەنزۇ بار ئىدى. بۇلاردىن ئىلگىرى ئاخىرى بىر نەچچە يىل داۋاملاشقان، بولۇپمۇ 44 - يىلى يازدىن باشلاپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ داۋالغۇش پەيدا بولغانلىقتىن 90% ئائىلىلىك بىخەتەر يەرگە يۆتكىلىپ ئىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قاتارلىق يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەنىدى.



ھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئالتاي تېغىغا قاراپ ئۆرمەگەي ئېغىزى ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ قېچىپ چىقىدۇ.

كېيىن مۇقاش جاكە، ئايتكەن، ئامانجول قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇلار (گومىنداڭ قىسىملىرى) شەھەردىن قېچىپ چىقىپ نەچچە سائەتكىچە ئۆز-ئارا قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ، دەي تۇەنجاڭ بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ لى جۈيجاڭى قاتارلىقلار ئۆلسەكمۇ تىرىك قالساقمۇ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، قوبى قۇمى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشىمىز لازىم دېگەن پىكىرنى تەكىتلىگەن؛ ۋەن سىلىڭ بولسا «بىزمۇ ئەسكەر قالمىغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئېتىپ تاشلايلى»، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرغان؛ گاۋجۇەنيۇەن قاتارلىق باشلىقلار بۇ ئىككى خىل پىكىرگە قەتئىي قارشى چىقىپ، موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ سىياسىي باشپانا تىلەشنى تەرغىپ قىلغان. ئاخىرى ئالدىنقى ئىككى خىل پىكىردىكىلەر شەھەرنى تاشلاپ بېرىپ، موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كېتىش دېگەن پىكىرگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان.

6 - سېنتەبىر چۈشتىن ئىلگىرى ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن كەڭساي پولكى ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن قىلچە توسالغۇسىز شەھەرگە كىرىدۇ، شەھەر ئىچىدە ئىنتايىن تېزلىكتە تىنچ - بىخەتەر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ، دەسلەپتە قورقۇنچلۇقتا دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاغ تەرەپكە قېچىپ چىققان بىر قىسىم پۇقرالار ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىشىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئابدۇرۇسۇل ئەترىتىدىكى 200 پارتىزان بىلەن پاد - پولكوۋنىك بېكىشېيېپ باشچىلىق قىلغان 100 نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇن دەللىقان سۇگۇربايېفنىڭ قوماندانلىقىدا، موڭغۇلىيە تەرەپكە قاراپ قاچقان گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بويسۇندۇرۇپ، قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇپ ئاتلىنىدۇ. بۇلار قاچقان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىدۇ ۋە تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ قاراۋۇللىرىغا تۇيدۇرماستىن دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى ئۇخلاۋاتقان (قونۇۋاتقان) سايىنىڭ چېگرا تەرەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالىدۇ، ئاندىن 100 دەك ئادەمنى سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوققىلارنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىگە 10 دىن، 15 تىن (ئۆزلىرىنى جىق قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتى بىلەن) ئايرىپ تۇتقۇزۇپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان قىلىپ مۆكۈندۈرۈپ قويىدۇ.

ئەتىسى دۈشمەن ئارمىيىسى داۋاملىق يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن قوزغالغاندا، ئاۋۋال ئالدى تەرەپتىن ئوق چىقىدۇ، ئاندىن ئىككى قانىتىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن يەردىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ ئوقنىڭ تېگىدە قالغان دۈشمەن ئارمىيىسى نېمە قىلىشىنى ئۇقالماي تۇپلىشىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. مۇشۇ پەيتتە دەللىقان سۇگۇربايېفلار ئوق چىقىرىشنى دەرھال توختىتىپ، بايراق چىقىرىپ ئۇلارنى ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشكە بەلگە بېرىدۇ، كۆپ ئۆتمەي ئۇلارمۇ بايراق چىقىرىپ شامىسى (شا-



مىسى ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرماي تۇتۇپ قالغانىدى)، يەن جىيۇەن پولكىنىڭ يە فامىلىلىك بىر لىيەنجاڭى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇتىڭ يۈەن دېگەن كېچاڭى قاتارلىق تۆت ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ، دەللىقان سۇگۇربايېف ئۇلارغا، قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ تەسلىم بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولىدىغان بولسا ھاياتلىرىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى؛ ھەممە تەرەپتىن ئومۇم ئېتىراپ قىلغان قانۇن - پرىنسىپلار بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر بۇ شەرتكە بويسۇنمىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق بولغاندا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ كۆرۈشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنى تولىمۇ جىق ئادەم قىلىپ كۆرسىتىپ، دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئۈچۈن بىردەم بۇ تەرەپتىكى تاغ كەينىدىن بىر قانچە ئادەم كېلىپ «پالانى پولك، پالانى يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى»؛ بىردەم ئۇ تەرەپتىكى تاغ ئارقىسىدىن بىر مۇنچە ئادەم كېلىپ، «پالانى پولكنىڭ پالانى يەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى» دوكلات قىلىپ تەھدىت سالىدۇ.

كەلگەن ۋەكىللەر: «بىز قايتىپ بېرىپ سىزلەرنىڭ پىكرىڭىزلەرنى گاۋ، ۋەنلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلەيلى»، دەپ قايتىپ كېتىدۇ، شامىسى شۇ پېتىچە دەللىقان سۇگۇربايېفنىڭ قېشىدا قالىدۇ. چۈشتىن كېيىن 2 - قېتىم ۋاڭ سەنمۇجاڭ باشچىلىقىدا ئۈچ ئادەم ۋەكىل بولۇپ كېلىدۇ، ئۇلار دەسلەپتە «بىز قوراللىرىمىزنى تاپشۇرايلى، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كېتى-

شىمىزغا يول بېرىڭلار»، دېگەن تەلەپنى قويۇپ، بىر پەس تالاش-تارتىش قىلىدۇ، ئاخىر ئۇلار چارىسىزلىقتىن شەرتسىز تەسلىم بولىدۇ ۋە قورال تاپشۇرىدىغان كونكرېت ۋاقىت، كونكرېت ئورۇن ھەمدە قورال تاپشۇرۇشنىڭ باشقا رەسمىيەتلىرى بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ سەنمۇلار قايتىپ كېتىدۇ. كېيىن قورچاق ۋالىي گاۋبويۇ بىلەن گېنېرال ۋاڭ لىنيۈن تەسلىم بولۇش قەغىزىگە قول قويىدۇ.

شۇنداق قىلىپ دەلىلقان سوگورباييفلار ئىنتايىن چىۋەرلىك بىلەن كۈچلۈك ستراتېگىيە، جانلىق تاكتىكا قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىدىن 6-7 ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلىدۇ. 9-ئاينىڭ 10-كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەخمىنەن 1500 مىلتىقى، 150 دانە ماۋزۇر، ناگان، 50 نەچچە پىلىموت، 8 دانە مىناميوت يەنە كۆپلىگەن گرانات قاتارلىق قورال-ياراقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى قورچاق ۋالىيسى گاۋپىيۇ، ئالتاي قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ۋاڭ لىنيۈن ھەمدە 8-پولكنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك پان جىيۋەن قاتارلىق 150 نەچچە ئوفىتسېرلىرى، 1700 ئەسكەرلىرى ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە قورچاق مۇئاۋىن ۋالىي تەبىن ① (موڭغۇل) ۋە بۇرىنجاپ باشچىلىقىدىكى 300 كىشىلىك موڭغۇل باۋئەن دۈيىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تەسلىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى،

① تەبىننىڭ پۇتىغا 9-ئاينىڭ؟ كۈنى ئورمەگىتتىكى دەسلەپكى ئوق چىقىرىشتا ئوق تېگىپ يارىلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالىيالمىغانلىقتىن يارىسى يىرىڭلاپ كېتىپ، شەھەرگە قايتىپ كېلىش بىلەنلا ئۆلۈپ كەتتى.



يەنى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى مانات ئۆزىنىڭ 200 كىشىلىك باۋئەن دۈيىنى باشلاپ كېلىپ، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغانىدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان:

دەلىلقان سوگورباييف 9-ئاينىڭ 3-كۈنى شامسىنى شەھەردىكى گومىنداڭ باشلىقلىرىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەندە، شۇ ئادەم ئارقىلىق بېرىلگەن تاپشۇرۇق بويىچە مۇقاش جاكە ئۆزىنىڭ نەۋرە ئۇكىسى ئايتكەن ئامانجولنىڭ مانات باۋئەن دۈيىدىكى شتاب باشلىقلىقىدىن پايدىلىنىپ، «چېگراغا قاراپ قاچقان بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىش ناتايىن، مۇبادا چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىگەن تەقدىردىمۇ نەگە بارساڭ يەنە شۇ سەرگەردانلىق؛ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز ئالدىمىزغا ھەرىكەت قىلىپ، ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇب شىمالىي تەرىپىدىكى قوڭىرقاي ئېگىزلىكىگە چېكىنىپ چىقىپ، ئەتە پارتىزانلار بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، ئەبىيتەن، چىممىرشەك تەرەپلەردىكى تۈزلەڭ بوش قالغاندا، ئوغرىلىقچە ئۈچبۇلاق يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېتەيلى»، دېگەن سۆز بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ ھەم ماناتنى ئەسكەرلىرى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن يوشۇرۇنچە بۆلۈپ ئېلىپ قېلىپ، بوپە دېگەن ئادەمنى ئەھۋالدىن دەلىلقان سوگورباييفقا دوكلات قىلىش ئۈچۈن مەخپىي قالدۇرۇپ كېتىدۇ. دەلىلقان سوگورباييف ئۇنىڭدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئالتەيباق دېگەننى ئەۋەتىپ، «سەنلەرنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى، مەقسىتىڭلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىز بىلىپ بولدۇق، خام خىيالغا بېرىلىپ ئاۋارە بولماي تەسلىم بولۇڭلار» دەپ خەت يازىدۇ. مانات بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن بىر تۇرۇپ

يەنىلا تەۋەككۇل قىلىپ قاچماقچى بولىدۇ، بىر تۇرۇپ ئۆزىنى - ئۆزى ئېتىۋالماقچى بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاخىرى مۇقاش جاكە بىلەن ئەيتىكەنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. قالقوتاندىكى ۋارىس باشقۇرغان ئورۇس باۋئەن دۈيى بىلەن ئەززالىك باشقۇرغان قازاق باۋئەن دۈينى، بۇرچىن ئازاد بولۇش بىلەن پولكوۋنىك دۈسكەنىپ بىر قىسىم قابا پارتىزانلىرى بىلەن كەڭساي پولكىنىڭ بىر ئىزۋوت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ تەسلىم قىلىپ قايتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم تەسلىم بولغان (بورچىندا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قوشقاندا) دۈشمەن ئەسكەرلىرى 3000 ئادەمدىن كۆپرەك، غەنىمەت ئېلىنغان قورال 100 دىن كۆپرەك بولىدۇ. پەقەت دەي تۈەنجاڭ بىلەن لى خۇيىيۇن جۈيجاڭلار باشلىغان بىر ئەترەت ئەسكەرلىرى، ئۈسگەن دېگەن يەرگە بارغاندا، ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇلىيە تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقان چوڭ قىسمىدىن ئوغرىلىقچە بۆلۈنۈپ چىقىپ، بىز تەرەپنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، 300 دەك ئادەم بىلەن ئۈچبۇلاق يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىدۇ.

تەسلىم بولغان ئومۇمىي ئەسىرلەر ئىچىدىن يەرلىك خەلقتىن تەشكىل قىلىنغان باۋئەن دۈيلىرىنىڭ مانادە، بۇرىجاپ، ۋارىس قاتارلىق دۈيجاڭلىرى قاماپ قويۇلغاندىن باشقا قالغان ئادەملىرى ئۆز ئائىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، گومىنداڭنىڭ رەسمىي ئارمىيىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن 1700 ئادەم سارسۇمبىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 200 قانچە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مىللىي ئارمىيە قا-



تارىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. گاۋ، ۋەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلاردىن باشقىلىرى تۆت - بەش كۈن ھاردۇق ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن، كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىككى ئىزۋوت جەڭچىلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى ئاستىدا تولى - بۆرتالا ئوتتۇرىسىدىكى «قىزىلتۇز» ماشىنا يولىنى ياساش ئۈچۈن غۇلجا قارىمىقىغا ئەۋەتىلىپ بېرىلىدۇ. گاۋ، ۋەن، خان قاتارلىق ئوفىتسېرلەر بېرىم ئايدىن كېيىن ماشىنا بىلە غۇلجىغا يولغا سېلىنىدۇ. ئۇلار «11 ماددىلىق بىتىم» دىن كېيىن پۈتۈنلەي گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى سارسۇمبە شەھىرىنى ئازاد قىلىشتەك پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەممە جەريانى ھېچقانداق قان تۆكۈلمەي ئاخىرلىشىدۇ، ئەگەر ھەقىقەتەن بىر ئاز قان ئاققان ئەھۋال بولدى، دېيىلىدىغان بولسا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شەھەردىن قېچىپ چىقىشتا بۇيرۇق بويىچە باشقىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ يولغا سېلىۋېتىپ، ھەممىنىڭ كەينىدىن چېكىنگەن دەي پولكىنىڭ بىر لىيەن ئەسكەرلىرى تولتىنىڭ (خۇڭدۇڭ) باش تەرىپىدە ئولتۇرغان دۆتباي باشلىق توققۇز ئائىلە بىلەن نوغايتىدا ئولتۇرغان ئاۋباكىر (قارا قاس) باشلىق 12 ئائىلىنىڭ ئادەملىرىنى تۈگەل قىرىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك، چېكىنىپ قاچىدىغان كۈنى كېچىدە شەھەردىكى قاسىم بەختىيار (ئۇيغۇر) نىڭ ئائىلىسىگە بېسىپ كىرىپ خوتۇن - بالا يەتتە جاننى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. قاسىم بەختىيار بىر بالىسى بىلەن ئېھتىيات ئۈچۈن تاققا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ساق قالىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاخىرقى غەلىبە قان تۆكۈلمىگەن ئەھۋالدا قولغا كەلتۈرۈلدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر:

1) 1944 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندىلا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ 90% خەلقى؛ 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 نەچچىلىرىگە قەدەر پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيىنىڭ پەقەت بورچىن بىلەن سارسۈمبىدىن باشقا، قالغان بەش ناھىيىنىڭ شەھىرى ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئىككى يىلغا يېقىن ئېلىپ بارغان مۇشەققەتلىك كۈرىشى ۋە تىرىشچانلىقى، جۈملىدىن ئاققۇزغان قېنى ئارقىلىق ئازادلىققا ئىگە بولغان بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئارمىيىسىنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، ھەقىقىي ھالدا «سۇدىن ئايرىلغان بېلىق» نىڭ ئۆزى بولۇپ جان ئۈزۈشكە ئازلا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئادەم سانى 4000 دىن كۆپرەككە، قورال - ياراقلىرى، خەلق قولىدىكىسىنى قوشقاندا 5000 غا يېتىپ، ئىنتايىن چوڭ قۇدرەت تاپقانىدى.

2) ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن يۇقىرىقىدەك جەڭ غەلىبىلىرى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ ۋە تارباغاتاي تەرەپلىرىدىن كېلىدىغان قاتناش يولىنىڭ شەرقىي يولى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا بەش ئايدىن جىقراق؛ غەربىي يولىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان بولۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسى يېمەك - ئىچمەك، ئوق - دورىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي ئەشيا تەرەپتىن ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا، روھىي تەرەپتىنمۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قېلىپ. بۈگۈن - ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيدىغان قى-



يىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

3) ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ 1500 كىشىلىك (كەڭسىي پولكىغا ماسلىشىپ بورچىنغا بىللە ھۇجۇم قىلغان 400 كىشىلىك جىمىنەي پارتىزانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) قوشۇنىنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان شەھەرنى بەك يېقىن يەردىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھۇجۇم قىلىشقا ھەدەپ تەييار تۇرغانلىقى قاتتىق بېسىم بولىدۇ.

4) ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن چوڭ غەلىبىسى ھەمدە چاقماق تېزلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تارباغاتاينى ئازاد قىلىپ، ئاندىن ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك بىر پولكىنىڭ ھەيۋىسى دۈشمەننى تېخىمۇ قاتتىق چۆچۈتۈپ ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكىدەك بىر مۇنچە ئامىللار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ، جان بېقىشتىن باشقا چىقىدىغان يولنىڭ يوقلۇقىنى تونۇتىدۇ، شۇڭا ئۇلار دەسلەپتە قارشىلىق كۆرسەتمەي قاچىدۇ، كېيىن ئوق چىقارماي تەسلىم بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىپ قېلىنىدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 لىرىگە كەلگەندە، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە ھەممە يەردە تىنچ ۋەزىيەت بەرپا قىلىنىپ، ئادەتتىكى خاتىرجەم ھايات باشلىنىدۇ.

10 - ئاينىڭ بېشىدا غۇلجىدىن ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەر ئالتايغا كېلىپ، ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىدۇ، ئۇلار مۇشۇ جەرياندا ئالتايدىكى دەسلەپكى سۇگۇرباينى باشلىق

ھەر مىللەت، ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم مەسلىھەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، كەڭ دائىرىدە تەپسىلىي پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان كۆكتوقايدىكى ئاۋۇلدا ئىدى، ئۇنى چاقىرتقان بولسىمۇ كەلمەيدۇ، كېيىن ئاممىۋى خاراكتېرلىك بىر چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ، يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ، ئوسمانغا 2 - قېتىم ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئوسمان بۇ قېتىممۇ نەدىكى بىر يوقىلاڭ باھانىلارنى كۆرسىتىپ كەلمەي قويىدۇ. بۇ قېتىمقى زور يىغىندا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىشلار بەلگىلىنىدۇ،

1) ئالتاي ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولىدىغانلىقى؛

2) ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدىغانلىقى، مەزكۇر مەھكىمە غۇلجىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقىنى؛ ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا ئوسمان، مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا دەلىلقان سۇگۇربايېف، شەمسىي مامىيېف، ھارىبايلار بولىدىغانلىقى؛

3) 1945 - يىلى 6 - سېنتەبىردىن بۇرۇن بولۇپ ئۆتۈلگەن ھەرقانداق ئىشلارنىڭ (سىياسىي خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ) سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ ①.

بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە كەڭسايى پولكى غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك باشقا خىزمەت ئورگانلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆتكەندىكى بىر نەچچە يىل

① مۇشۇ قارار بويىچە، بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى قاماپ قويۇلغان بۇربىجاپ، مانات، ۋارىس قاتارلىقلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.



داۋاملاشقان قوراللىق كۆرەش قىلىش ئەھۋالى ئەمدى تىنچ ۋەزىيەت، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش يارىتىش بىلەن ئالمىشىدۇ.

## ئالاھىدە ئىككى ئىزاھات

1) ئوسمان نېمە سەۋەبلىك ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار بىر ئەمەس ئىككى قېتىم چاقىرتقاندا سارسۇمبىگە كەلمەي، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئاندىن كېلىدۇ؟. ئۇنى بۇ يەردە قىسقا بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس، بەلكىم ئوسماننىڭ كېيىندىكى تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىنىڭ دەسلەپكى بىر ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن ئوسماننىڭ 46 - يىلدىن كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا مەخسۇس بىر ماتېرىيال يازماقچى ئىكەنلىكىمنى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم. شۇڭا كىشىلەردە بەزىبىر يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ جاۋابىنىمۇ شۇ ۋاقىتتا بىراقلا كەڭرەك توختىلىپ، تولۇقراق بايان قىلىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.

2) دەلىلقان سۇگۇربايېف توغرىسىدا: بۇ ئادەم 1948 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (گېنېرال - مايور)، شەرقىي شىمال فرونت باش شتابىنىڭ قوماندانى بولۇپ، 1947 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ئالتاينىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپ كېلىدۇ، 1949 - يىلى 8 - ئايدا ماۋجۇشىنىڭ تەلىپى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىغا

قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايقال كۆلى ئەتراپىدا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە قۇربان بولدۇ.

دەۋلەت سائدۇللا تەرجىمىسى



# تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىغا دائىر ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيوپ

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى مالىيە، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1939 - يىلى 3 - ئايدا، سەيپۇللايېۋ بىلەن ئىككىمىز ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدىن مالىيە نازارىتىگە يۆتكىلىپ خىزمەتكە تەيىنلەندۇق. مالىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىرمانوپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مالىيە كىرىم مەنبەلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر نەچچە كۈن بىزگە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سەيپۇللايېۋنى ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىگە، مېنى (ھاجىيوپنى) چۆچەك ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتكەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1938 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمى 13.5 مىليون ئۆلكە پۇلى، يىللىق مالىيە چىقىمى 19.5 مىليون ئۆلكە پۇلى بولغان ئىكەن (1939 -

يىلى كىرىم 17.6 مىليون، چىقىم 28.5 مىليون ئۆلكە پۇلى بولغان). شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ پۈتۈن كىرىمى شىنجاڭ خەزىنىسىگە كىرىم قىلىناتتى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك كىرىمىنىڭ 90% ى تۈرلۈك باج كىرىملىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغدىكى باجلار، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قوشۇشىدىن بولىدىغان كىرىملەر؛ (1) تۈرلۈك كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېجىدىن (تۈز بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرىدىغان كىرىملار؛ (2) سودا تىجارەت (چاي، شېكەر، كىرىسىن، سەرەڭگە، ئاپتوموبىل بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملار) بېجى كىرىملىرى؛ (3) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىدىن كىرىدىغان كىرىملەر؛ (4) تۇياق بېجى، يەر زېمىن بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملار، دېھقانچىلىق بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملار ئىدى. تاموژنا بېجى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان باھا بويىچە ئېلىناتتى. ئېكسپورت ماللارنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، باج ئىدارىسى، مال بۇيرۇتقان تىجارەتچىلەر، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بېكىتكەن سانىغا ئاساسلىنىپ تاموژنا بېجى ئېلىناتتى، 1938 - يىلىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن 7.5%، ئېكسپورت قىلىنغان ماللاردىن 5% باج ئېلىنىدىغان بولغانىدى.

بىلىشىمچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1938 - يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 19.8 مىليون مو بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە يەر مەيدانىنىڭ مىڭدە 8% نى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 12 مىليون 900 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 65% نى، ئىلى رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى ئۈچ مىليون مو بولۇپ،



ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 15.1% نى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 2 مىليون 550 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 12.8% نى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر مەيدانى 900 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 4.6% نى، ئالتاي رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 450 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىگەن، ئۆلكە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر مىليارت جىڭدىن ئارتۇقراق ئىدى. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى ئىچىدە كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 625.000 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 19 مىليون 300 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلات 31 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 جىڭ كېمىيىپ كەتكەن. 1944 - يىلغا كەلگەندە، ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 19 مىليون 520 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 900 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان.

شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى چارۋىچىلىق ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. 1944 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى 15 مىليون 660 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ چاغدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي چارۋا - مال سانى بىر مىليون 838 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8 دىن توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئات 117770 تۇياق بولۇپ 6.4% نى، كالا 139.330 تۇياق بولۇپ 7.5% نى، قوي 1.449.990 تۇياق بولۇپ 78.8% نى، ئۆچكە 144.990 تۇياق بولۇپ 7.9% نى، تۆگە 26.618 بولۇپ، 1.4% نى ئىگىلەيتتى.

※ ※ ※

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەمۇرى رايونلارغا ئايرىش بويىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەلۇم ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولماستىن، مەركەزگە بىۋاستە قارايتتى. 1919 - يىلى 2 - ئايدا ئىلى چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسىگە، 1916 - يىلى چۆچەك ياردەمچى ۋەزىرلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە، 1918 - يىلى ئالتاي ئىش بېجىرىش بەگلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بىر ۋىلايەت سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارايدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مەمۇرى رايون ئايرىلىشى ۋە مەلۇم باشقۇرۇش ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارىمايدىغان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ رايون بىر تۇتاش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1

تارباغاتاي ۋىلايىتى - گۈزەل مەنزىرىلىك، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، دېھقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ باب كېلىدىغان جاي. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 470 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئارىلىقى 490 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 230 مىڭ كۋاد-



رات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە بولۇپ، چۆچەك (ھازىر چۆچەك شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى)، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەن، قوبۇقسار، چاغانتوقاي، تولى ناھىيىسىدىن ئىبارەت، ۋىلايەتنىڭ ھازىر ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 634.000 نوپۇسى بار (بىڭتۈەن، تۈەن مەيدانلاردىكى كىشىلەرنىڭ نوپۇسى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ). 1985 - يىلى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 630 مىليون جىڭغا، ئومۇمىي چارۋىسى 2 مىليون 660 مىڭ تۇياققا يەتكەن. ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەندىن ئىبارەت تۆت ناھىيە، قوشتولغاي، چاغانتوقايدىن ئىبارەت ئىككى شېجىجۈي (يېرىم ناھىيە) بار ئىدى. 1941 - يىلى قوشتولغاي شېجىجۈيى قوبۇق ناھىيىسىگە (1954 - يىلى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلدى) ئۆزگەرتىلدى. 1943 - يىلى چاغانتوقاي شېجىجۈي چاغانتوقاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

تولى ناھىيىسى 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىشىغا ئاساسەن دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ تولى ناھىيىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى، شۇ ۋاقىتتا تولى ناھىيىسىنىڭ چارۋىسى 700 مىڭ تۇياق ئىدى.

ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، قىرغىز، داغۇر، شىۋە، مانجۇ قاتارلىق 12 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 172 مىڭ ئەتراپىدا خەلق ياشايتتى. شۇ ۋاقىتتا چۆچەك ناھىيە شەھىرىدە 35 مىڭ نوپۇس بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن، چەت دۆلەت ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ رېسپوب-

لىكلىرىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەلق ئىدى.
بۇلار گەرچە ھەرمىللەت، ھەريەر - ھەر يەردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئىنتايىن ئىتتىپاق ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زىيالىيلار بولۇپ ئۆزيەرلىرىنىڭ بەزى ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سودا - تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مەدەنىي مائارىپ ۋە تۈرلۈك كەسىپى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چۆچەكنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسىمۇ ئەمما تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يەنىلا قالاق ھالەتتە ئىدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولى ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بولمىغانلىقتىن باھاسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سانائەت بۇيۇملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەنلىكتىن باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىر قويغا بىرتاش چاي، بىر كالاتېرىسىگە بىر كىشىلىك چىت تېگىشىلەتتى.

شۇ چاغلاردا تارباغاتايدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغانلىقتىن بىر قىسىم ئۇششاق كارخانا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا بىرەر زاۋۇت ياكى كارخانا يوق ئىدى. لېكىن چۆچەككە ھەرتەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەلقلەر ئىچىدە سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا دۆلەت روسىيە بىلەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنى سوۋېت سودا شىركىتى (سوۋىنتورىگ) بىلەن (1935 - يىلى مايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۆبىسى چۆچەك شەھىرىدە ئىش بېجىرەتتى، ئۇ، «سوۋىنتورىگ» دەپ ئاتىلاتتى) سودا قىلاتتى. بۇنداق سودا قىلىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى روسىيىلىك سودىگەرلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە شىركەتلەر (كامپانىيىلەر) مۇ بارئىدى. بۇلار 1920 - 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇرۇلغان چۆچەكتىكى ئاكا - ئۇكا ئىساقباي ئابدۇجاپپارلارنىڭ، ئاكا - ئۇكا ھەسەن - ھۈسەنبايلارنىڭ يەنى رامىزان چانىشفلارنىڭ سودا شىركىتى ئىدى. بۇلارنىڭ باش شىركەتلىرى شەمەيدە (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ سىمپالاتىنسكى شەھىرى) بولۇپ، شۆبە شىركەتلىرى چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىركەت باشلىقى ئىساق باي ئابدۇجاپپار شەمەيدىكى باش دۇكىنىنى باشقۇراتتى. چۆچەكتىكى شۆبە دۇكىنىنى ئارىپ ھاجى بىلەن ئىبراھىم ئابدۇجاپپاروۋلار باشقۇراتتى. يەنە ئىمىرھەسەنباي پالتا بايوپنىڭ «بىرادىران پالتابايوپلار كامپانىيىسى» بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال روسىيە بىلەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋىنتورىگ»ۋە سودا ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچى بىلەن سودا قىلاتتى، شۇنىڭدەك يەنە مەخسۇت ھاجى سەيىت قارىيوپلار نىڭ «بىرادىران سەيىت قارىيوپلار شىركىتى» بار بولۇپ، بۇلار قۇبدۇدا (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدە) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋىنتورىگ» بىلەن سودا قىلاتتى. ھاشىماخۇن، ئىسمايىل بايوپ باشچىلىقىدىكى «بىرادىران ئىسمايىل بايوپلار شىركىتى» بولسا ئاساسەن سوۋېت روسىيىسى، كېيىن سوۋىنورىگ بىلەن ھەم موللائىسلام ئارقىلىق ئالتاي بىلەن سودا قىلاتتى. مەخسۇت باي مۇھەتۇپلارنىڭ «ئۇيغۇرىستان شىركىتى» بارئىدى، ئۇلار سوۋېت

ئىتتىپاقى «سوۋېنتورگ» بىلەن ھەمدە ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سودا قىلاتتى.

بۇلاردىن باشقا يەرلىك خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ شىركەتلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: «خۇافىنتەي» بۇلار ئاساسەن تيەنجىن بىلەن سودا قىلاتتى. «جىيدىن خاۋ» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋېنتورگ» ۋە ئۈرۈمچى بىلەن سودا قىلاتتى. «مېيندىيخۇا» ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا قىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە شويېگچىڭ، لى شاۋچى، سۇڭ گەنچىڭ، سۇڭ فاۋىن، سۇڭ جۈجاڭ، ليۇخاتىڭ، ليوفۇيجاڭ قاتارلىقلارنىڭ سودىسى چوڭ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۈرۈمچى ھەم سوۋېتنىڭ «سوۋېنتورگ» بىلەن سودا قىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە چوڭ سودىگەرلەردىن مىرىبۇسۇپ مىرزاھىت بايۇپ، مىرئابىت باي مىرزاھىتبايۇپلارنىڭ سودىسى، مەمەتنىياز قارى، ئەيسابايۇپلارنىڭ سودىسى، ئالىمجان ھاكىمبايۇپ، ۋاقىقاس راپىيكوۋ، ئابابەكرى بابالىكوۋ ۋە كونىستانتىن بوتۇۋىن ھەم ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلىق سودىگەرلەرنىڭ سودىسىمۇ بار ئىدى. مۇشۇ سودىگەرلەردىن 70 كە يېقىن كىشى پاي قوشۇپ چۆچەكتە ئېلېكتىر ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەمدە چۆچەك ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ پۈتۈن چۆچەك شەھەر خەلقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى، كۇلۇب، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭغا كونىستانتىن پوتۇۋىن دېگەن ئادەم باشچىلىق قىلاتتى. بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا چۆچەك ئەتراپىدا يېقىلغۇ مەنبەيى بولمىغانلىقتىن كۆمۈرنى كالا ھارۋىسى بىلەن 100 كىلومېتىردىن يىراق بولغان تۆمۈرتام كۆمۈر كانىدىن ئېلىپ كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن توك باھاسى



قىممەت توختايتتى. بۇ سودىگەرلەر يەنىلا داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقى «سوۋېنتورگ» بىلەن سودا قىلاتتى، پالتا بايۇپ ئىمىرھەسەنبايىنىڭ ئاپتوموبىل قاتناش دۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ستانوك زاۋۇتى، كۆن، خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلىرى، ھەسەنباي چانىشىپلارنىڭ بولسا ماي چىقىرىش زاۋۇتى بار ئىدى. بۇ شىركەتلەر ۋە شەخسىيلەردىن باشقا يەنە ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ چۆچەكتە تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەردىن ئابدۇقادىر ھاجى ئەخمەت بايۇپ قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ چۆچەكتە دائىملىق تۇرۇپ سودىسىنى قىلىدىغان ۋەكىللىرى ئىدى.

بۇ سودا شىركەتلىرى ۋە شەخسىي سودىگەرلەر چۆچەك چېگرا ئارقىلىق ئاۋۋال روسىيىگە، كېيىنكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوي، كالا ۋە قوي يۇڭى، قوي كالا تېرىسى، ئۆچەي، ھەر تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئەلتىرە، پاختا، خام يىپەك، قۇرۇق مېۋە، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېكسپورت قىلىپ تۈرلۈك گەزلىمە، تۆمۈر، تاختا چاي، پەمىل چاي، شېكەر، كەمپۈت، كىرسىن، تاماكا، سەرەڭگە قاتارلىق سانائەت ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىپ قىممەت باھادا ئىچكى بازارلاردا ساتاتتى. بۇ شىركەتلەر ياكى شەخسىي سودىگەرلەر بەزى ئايرىم شەھەر ۋە رايونلارنىڭ خام ئەشيا مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ چارۋا - مال، قوي، كالا تېرىسى، ئەلتىرە ۋە ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى، پاختا، خام يىپەك ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئېكسپورت قىلىپ ۋە ئىچكى

جايلارغا ئەۋەتىپ سېتىپ، ئۇ يەرلەردىن ھەرتۈرلۈك سانائەت
مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى بىرنەچچە ھەسسە قىممەت
باھادا سېتىپ، خەلقنىڭ قان تەرىنى شوراپ ئۆز بايلىقىنى
ئاشۇراتتى، بۇ سودىگەرلەرنىڭ سودىسى خېلى چوڭ بولۇپ،
بەزى جاي ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋال-
غان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بەزى نەرسىلەر بازاردا
ئازلاپ قالغاندا، بېسىپ قويغان ماللىرىنى بازارغا ئېلىپ
چىقىپ يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بەزىدە بازاردا مەلۇم
تاۋارلار كاسات بولۇپ قالسا ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ،
بېسىپ قويۇپ، كېيىن بازاردا بۇ ماللار ئۆكسۈپ قالغاندا
يۇقىرى باھادا ساتىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى.
شۇڭلاشقا ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدىنمۇ باشقا جايلار-
دىمۇ ئوخشاشلا چارۋىچىلار، دېھقانلار يەنىلا كەمبەغەل،
بايلار بولسا تېخىمۇ باي ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ،
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى
زاماندا چۆچەكتە سودا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان سودا
كاپىتالى مۇزىيى بىر قەدەر راۋاجلانغان دەپ ئېيتىشقا بولاتتى.
1931 - يىللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ شەرق شىمالىدىكى ئۈچ
ئۆلكىنى ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالدى، شۇ سەۋەبتىن
1933 - ، 1934 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان -
سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ
كەتكەن بىر قىسىم خەنزۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى
چېگرىسى ئارقىلىق چۆچەككە كەلگەن، بۇلارنى يەرلىك
خەلقلەر «خوڭخوزىلار» دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ كۆپچى-
لىكىنىڭ ئايالى رۇس ئىدى. بۇلار بەك تىرىشچان ھەم
ئەمگەكچان خەلق بولغانلىقتىن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچى-



دىلا سەيپۇڭچىلىق، ئاياق كىيىم تىكىش، ماشىنا رېمونتچىلىق،
قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش
دۈيىلىرىنى قۇرۇپ، چۆچەكنىڭ قىياپىتى ۋە ئۆي - ئىمارەت
قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى قىلدى.

2

1938 — 1942 - يىللىرىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋىنت-
تورگ» سودا شىركىتى دىڭۋار سودىسىنى يولغا قويغانلىقتىن،
تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جۈملىدىن چۆچەك ناھىيىسىنىڭ سودا
تىجارىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن سودا قىلىدىغان ھۆكۈمەت ۋەبەزى سودا تەشكىلاتلىرىدىن
باشقا ھەرمىللەتتىن بولغان شەخسىي سودىگەرلەر تەخمىنەن
80 ئائىلىدىن 100 ئائىلىگە قەدەر بولۇپ، بۇلار ئاساسەن
چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەن ۋە بۆرتالا قاتارلىق
جايلاردىن قوي - كالا، ھەر تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى،
تۈرپاندىن پاختا، خام يىپەك، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يەر-
لىك مەھسۇلاتلارنى چۆچەككە ئەكېلىپ «سوۋىنتورگ» گە
ئۆتكۈزەتتى. ھەر يىلى يۇقىرىدىكى سودا تەشكىلاتلار ۋە شەخ-
سىيلەر «سوۋىنتورگ» بىلەن دىڭۋار تۈزگەندە «سوۋىنتورگ»
سودىگەرلەرنى ئۆزلىرىگە كۆپرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن،
ئالدى بىلەن تۈزگەن دىڭۋاردىكى سوممىسىنىڭ 30% تىنگە
قەرزھېسابىدا تاۋار، مال بېرەتتى. بۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن
پايدىلىق بولۇپ، ئەگەردە بازىرى ئىتتىك تاۋار بېرىلىدى-
غان بولسا سودىگەرلەر ناھايىتى تېزلا بېيىپ كېتەتتى.
1938 - يىلى چۆچەكتە ئاتاقلىق بىر سودىگەرنىڭ «سوۋىن-

تورىنگ» بىلەن قىلىنغان بىرىيىللىق سودىسىدا 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي پايدا ئالغانلىقى مەلۇم. دىگۋار تۈزگەن سودىگەرلەرنىڭ ئالدى ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭغىچە قويغا، يۈزتۇياقتىن 200 تۇياققىچە كالىغا توختام تۈزەتتى. ئازراق دىگۋار تۈزگەنلىرىمۇ مىڭ تۇياق قويدىن بىر مىڭ بەش يۈز قويغا، ئەللىك تۇياقتىن يۈزتۇياققىچە ئۆكۈزگە ۋە يۇڭ، تېرە قاتارلىقلارغا توختام تۈزۈپ، ئۇنى شۇ يىلى بىرنەچچەقېتىمغا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن ئاز-ۋولاكېمىسىپ قالغىدەك بولسا كېلەر يىلقى سودىغا قوشۇپ بېرىپ تۈگىتەتتى. دىگۋار تۈزگەن يىللار ئىچىدە هەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بەختى، چاغانوبا، ئىمىل قاتارلىق چېگرا پونكىتلار ئارقىلىق هۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مەهسۇلاتلىرى شىركىتى ۋە هەر قايسى شىركەت ۋە شەخسىي سودىگەرلەردىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋىنتورىگ» غا يۈزمىڭغا يېقىن قوي، مىڭ تۇياقتىن ئۈچ مىڭ تۇياققا قەدەر كالا ۋە بىرنەچچە يۈزلىگەن ئات، ئۈچ يۈزمىڭ دانە ئەتراپىدا قوي ئۈچەي، ئۈچ يۈز مىڭ ئەتراپىدا قوي، كالا تېرىسى، ئون مىڭ تونىنا قوي يۇڭى، 50 مىڭ دانىغايېقىن ئەلتىرە، 30 مىڭدىن 50 مىڭ دانىغا قەدەر سوغۇر تېرىسى، 15 مىڭدىن 20 مىڭغا قەدەر هەر خىل ياۋايى هايۋاناتلارتېرىسىنى يەنى تۈلكە، تىيىن، سىيىسىق كۈزەن قاتارلىق هەر تۈرلۈك ياۋايى هايۋاناتلارنىڭ تېرىسىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇلارنىڭ سوممىسى هەر يىلى ئاز بولغاندا 7 - 8 مىليون تاۋارنى روبلىدىن ئاشاتتى. تاۋارنى روبلى شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودىسىدا قوللىنىلىدىغان، كاپالەتكە ئىگە قاتتىق پۇل، يەنى ئالتۇن



هىسابىدىكى پۇل ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا هەر يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى «سوۋىنتورىگ» قا تۇياق بېجىدىن ئالغان قويدىن 90 مىڭدىن يۈزمىڭغا قەدەر، كالىدىن 300 تۇياقتىن 500 تۇياققا قەدەر ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭ سوممىسى تەخمىنەن بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭدىن بىرمىليون بەش يۈزمىڭ تاۋارنى روبلىغىچە بولاتتى. 1942 - يىلى تارىختا ئەڭ كۆپ مال ئۆتكۈزگەن يىللارنىڭ بىرى بولغان ئىدى، چۈنكى بۇ يىلى چوچەك ئىمىل چېگرىسىدىن يۇقىرىقىدەك تىرىك چارۋا ۋە خام ماللارنى ئۆتكۈزگەننىڭ سىرتىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت مالىيە نازارىتى چۆچەك يەرلىك مەهسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق «سوۋىنتورىگ» گە يەنە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئات (ئۇ ئاتلارنى مەن مالىيە نازارىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئىمىل چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدىم)، شۇ يىلى شەخسىيلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن چارۋا مىلى كۆپ ئىدى. ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ 20 مىڭ تۇياق ئات ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مال ھوختۇرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر كېلىپ تەكشۈرۈپ، ساق چىققانلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلاتتى، «سوۋىنتورىگ» هەر يىلى بەشىنچى ئايدىن باشلاپ 10 - ئايغىچە ئۆتكەن تىرىك مالنىڭ باهاسىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. چۈنكى سودىگەرلەر 5 - ئايدا مال ئورۇق بولغانلىقتىن «تىرىك قويىنىڭ ئېغىرلىقى تۆۋەن بولىدۇ»، دەپ چارۋا - ماللارنى ئۆتكۈزۈشنى ئارقىغا سۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك قويىنىڭ كىلوسىنى يۇقىرى باهادا 10% دىن ئاشۇرۇپ ئالاتتى. 6 - ئايلاردىن باشلاپ هەر ئايدا مەلۇم % تۆۋەنلىتىپ بېرىپ، 10 -

ئايدا باھاسىنى 10% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىپ ئالاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا مالنىڭ سەمرىگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئاشاتتى. شۇڭلاشقا تېرىلىك مالنىڭ باھاسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇراتتى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، يەنى 1943 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودا پۈتۈنلەي توختاپ كەتتى. «سوۋسىنتورگ» مۇ چۆچەكتىن بەختى چىگرا پونكىتىغا كۆچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شەخسىيلەرنىڭ ئالىدىغان تاۋارلىرىنىڭ بىر قىسمى «سوۋسىنتورگ» نىڭ قولىدا قېلىپ، كېيىن بازىرى ئىتتىك ماللار بېرىلمىگەنلىكتىن سودىگەرلەر كۆپ زىيان تارتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى «باھا تەڭشەش كومىتېتى» دېگەن بىر نېمىنى قۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھەر تۈرلۈك تاۋارلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئەرزان باھادا ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ، سودىگەرلەرگە ئېغىر زىيان سالغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى، 1942 - يىلى مال ئۆتكۈزگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنىڭ قالغان قىسمىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىگەمبەردى خەلپەت نەزەربايۇپقا كىرا پۇلى ھېسابىغا 12 دانە چوڭ يۈك ماشىنىسىنى بېرىپ، سودىگەرلەرنىڭ قېپ-قالغان تاۋارلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن بۇ بەرگەن تاۋارلارنىڭ بازىرى ئىتتىك تاۋارلار بولماستىن تاماكا، ھاراق، شېكەر، سەرەڭگە، غالتەك يىپى، رەڭسىز گەزلىمە، ئاياق كىيىم، يىپ، تېرىكە قاتارلىق ماللار بولغانلىقتىن بەزى سودىگەرلەر زىيان تارتقان ئىدى. «سوۋسىنتورگ» 1943 - يىلى سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بېرىپ تۈگەتكەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ بەزى كىشىلىرى بىلەن ئايرىم دىگۋار



تۈزۈپ مال بەردى. مەسىلەن: ئالىمجان ھاكىمبايۇپقا 1943 - يىلى تۈزگەن 500 مىڭ تاۋارنى روبلىلىق دىگۋار بويىچە 30% ئالدىن قەرز ھېسابىدا ياخشى ھەم بازىرى ئىتتىك ماللارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى تېزلا بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، 1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە 12.000 تۇياق قوينى سېتىپ كەتكەن. ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا **نورمال** داۋاملىشىۋاتقاندا «سوۋسىنتورگ» چۆچەكتىكى سودا تەشكىلاتلىرى ۋە شەخس سودىگەرلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خام ماللىرىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن تۈرلۈك سانائەت ماللىرى: ئاپتوموبىل، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تىراكتور، كومبايىن ھەم ئۇلارنىڭ زاپچاسلىرى، ھەر خىل ئەسۋاپ ئۈسكۈنىلەر، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى، ۋېلسىپىت، تۆمۈر، پولات - ماتېرىياللىرى، يىپەك رەختلەر (تاۋار - دۇردۇن)، پاختا رەختلەر ۋە ھەر خىل توقۇلما، چىت، يىپ، تېرىكە، شېكەر، تۈرلۈك كەمپىت، سەرەڭگە، چاي، تاماكا قاتارلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ھەمدە بېنزىن، كىرسىن، سالىياركا قاتارلىق مايلارنى سېتىپ بېرەتتى. ئەينى زاماندىكى ئېكسپورت ۋە ئىمپورتنىڭ يىللىق سودا ئوبوروتى تەخمىنەن 12 - 10 مىليون تاۋارنى روبلى ئەتراپىدا بولۇپ تۇراتتى، مەسىلەن: 1948 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ پۇلى ئۈچ ۋىلايەت چەك پۇل ھېسابىغا 74.5 مىليارت دوللار، شۇ يىلى ئىمپورت قىلىنغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇلى 17.6 مىليارت دوللار بولغان ئىدى.

3

چۆچەكنىڭ ئەينى زاماندىكى سودا ۋە ئىقتىسادي

ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىمۇ خېلى ياخشى يولغا قويۇلغان ئىدى. چۆچەك بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 637 كىلومېتىر بولۇپ، ئەينى زاماندا تاشيول بولمىغانلىقتىن قاتناش ئىشلىرى ناچار ئىدى، قاتناش قوراللىرى ئۇلاق ترانسپورتتىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ چۆچەكتە ماشىنا قاتناش، ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرىنى بىرىنچى قېتىم يولغا قويغان كىشى پالتابايوپ ئىمىر ھەسەنباي بولۇپ، كېيىن ئىگەمبەردى خەلپەت نەزەر بايوپ، داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭ دەسلەپتە 8 - 10 ماشىنىسى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قاتنىغاندىن باشقا «سوۋسىنتورگ» قا چۆچەكتىن ئۆتكۈزىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلارنى ۋە باشقا خام ماللارنى بەختىگە (چۆچەك بىلەن بەختى ئارىلىقى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ) ئېلىپ بېرىپ «سوۋسىنتورگ» نىڭ چۆچەككە ئېلىپ كېلىدىغان تاۋارلىرىنى توشۇيتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك 19[illegible]3 - يىلى سوۋېت ئىستىپاقى «سوۋسىنتورگ» دا قالغان تارباغاتاي سودىگەرلىرىنىڭ تاۋار ماللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىگەمبەردى خەلپەتكە يەنە 12 دانە يۈك ماشىنىسى بېرىپ، ئۇنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى خېلى راۋاجلاندۇردى. ھەمدە بىر نەچچە قېتىم شوپۇرلۇق كۇرسلىرىنى ئېچىپ 100 دىن ئارتۇق شوپۇر تەييارلىدى. ئوسمان ئاخۇن، ئۆمەربايوپمۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ئۈچ چوڭ ماشىنىسى بىلەن چۆچەك — ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا يۈك توشۇپ كىراكەشلىك قىلدى.

شىيىن پىلىپ باشلىق بىر قانچە رۇس ياشلىرى ئاپتوموبىل قاتناش تىجارىتىنى يولغا قويۇپ، ئۈرۈمچىگە ھەر خىل يۈك ۋە تاۋارلارنى توشۇپ ھەم يولۇچىلارنى كىرا قىلىپ ئاپىرىپ،



ئۇ يەرلەردىن سودىگەرلەرنىڭ ھەر خىل خام مال ۋە تاۋار ماللىرىنى چۆچەككە كىرا قىلىپ ئەكېلىپ خېلى ئوبدان رول ئوينىغان ئىدى، ئىسلام شەيئوپ ئۇلاق ھارۋا ترانسپورت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، كېيىن 1937 - 1940 يىللىرىغىچە ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى يولغا قويدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ - تۆت ئاپتوموبىلى بار ئىدى، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شەخسىيلەرنىڭ يۈزدىن ئارتۇق پىرىچكا ھارۋىسىنى، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئېتىنى بىرلەشتۇرۇپ ئۇلاق ھارۋا ترانسپورتىنى يولغا قويۇپ ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا سودىگەرلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل يۈكلىرىنى توشۇپ خېلى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا رۇس دېھقانلىرىنىڭ شەخسىي پىرىچكا ھارۋىلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىلىقىدا كىراكەشلىك قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا خېلى ياخشى رول ئوينىغانىدى.

## 4

تارباغاتاي ۋىلايىتى يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، دېھقانچىلىقىمۇ ھەم چارۋىچىلىقىمۇ ئىنتايىن باب كېلىدىغان جاي بولغانلىقتىن، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا پەرۋىش قىلىش ياخشى يولغا قويۇلسىلا مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە مەلۇم ساندىكى رۇسلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ مەلۇم ساندىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، شىۋە،

سولۇن، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر دېھقانچىلىق، ھەر خىل كەسىپ ۋە قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ كۆپرەك بىر قىسىم خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلار سودا - سېتىق ۋە باشقا قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 40% نى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 35% نى تەشكىل قىلاتتى، سودا - سېتىق ۋە ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 25% ئەتراپىدا ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي تېرىلىغۇ يەر مەيدانى يۈزمىڭ گېكتار (1.500.000 مو) غا يېقىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر تەخمىنەن 59 - 60 مىڭ گېكتار (900 مىڭ 885 مىڭ مو) ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا تارباغاتايدا دېھقانلار يەرنى دەم ئالدۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، بۇ يىل تېرىغان يەرنى كېلەر يىلى تېرىماستىن ئاق تاشلاپ قويۇپ باشقا يەرگە تېرىقچىلىق قىلاتتى، يەر كۆپ، ئوغۇت يوق ئىدى. مال قىغىنى كېسەك شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئوتۇن ئورنىدا قالايتتى، ھەر بىر كىشىگە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر 8.6 مودىن، ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر 5.2 مودىن توغرا كېلەتتى. ھەر يىلقى ئاشلىقىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 130 مىليون جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 جىڭدىن توغرا كېلەتتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 150 - 180 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاشمايتتى. سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئالغاندا ۋىلايەت بويىچە 3673 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 140 دىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلغان ئىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى



ئىشلىتىش خېلى بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان بولۇپ، 1937 - يىللىرى چۆچەكتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بار ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق بىر قانچە مەيدانلارمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىگىلىكىدە يەنە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن 822 دانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىراكتور، كومبايىن، بۇغداي ئورۇش ۋە چۆپ ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاردىن 690 دانە ئەتراپىدا بار ئىدى، بۇ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ تەلىپى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ئۇلارغا ۋەكالىتەن «سوۋسىنتورگ» دىن ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ بېرەتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يول بىلەن ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلارنىڭ سانى 3000 دانىدىن ئاشاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانلارغا لازىملىق بولغان پىرىچكا ھارۋىدىن 700 دىن ئارتۇقنى ۋەكالىتەن سېتىۋېلىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ قولىدا 6840 دىن ئارتۇق ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى بار ئىدى. بۇنداق ماشىنا سايمانلىرىدىن چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرى 80% ئەتراپىدا پايدىلىناتتى، شىخودا 20% ئەتراپىدا پايدىلىناتتى. چۆچەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى يەنە ھەر تەرەپتىن دېھقان چارۋىچىلارغا ياردەم بېرەتتى. ئۇلار دېھقانلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، رەسمىي ئاگرو تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاگرونوملاردىن بىر نەچچە

يۈزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. دېھقانچىلىق تېخنىكا كەسپىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن مىخائىل لاتىپ، ئىبراھىم ھاجى، مامۇتخان ۋە نۇرغوجا قاتارلىق يولداشلار ئۆز ۋاقتىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشىلاشتا خېلى چوڭ تۆھپە قوشقان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىغا قاراشلىق مال چارۋىچىلىق بۆلۈمى، ۋە چارۋىچىلىق دوختۇرخانىسى چارۋا ماللارنى داۋالاش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى خېلى ياخشى ئىشلەپ، چارۋىچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانىدى. ئاتاقلىق مال دوختۇرلىرىدىن ئابلىمىت چوڭ ھاجىيوپ، سىراجىدىن، سارقىتباي تۆيكىيىن قاتارلىقلارنىڭمۇ بۇ ساھەدە قوشقان تۆھپىسى خېلى زور. شۇنداق بولغاچقا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى خېلى ئىلغار ئاگرو - تېخنىكا ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چارۋا نەسلىنى ياخشىلىشىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ۋە يۇقىرىقى مال دوختۇرلىرىنىڭ تۆھپىسىدىن باشقا يەنە ئايرىم شەخسلەرنىڭمۇ تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، مەسىلەن: دىياكوۋ، يىلقا نەسلىنى ياخشىلاشتا نەسىللىك ئايغىر، ئارغىماق ۋە بايتال قاتارلىقلارنى كۆپەيتكەن ۋە بۇ ساھەدە خېلى زور نەتىجىلەرنى ياراتقان، ئۇنىڭدىن باشقا كالا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ خېلى كۈچ چىقارغان. بولۇپمۇ دىياكوۋ، ۋارناكوۋ، كونستانتىن بوتۇۋىن ۋە پاۋېل كالىنكىن (بۇ كىشى بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىپ خەلقنىڭ كېسىلىنى



داۋالىسا يەنە بىر تەرەپتىن نەسىللىك سىيىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن) قاتارلىقلارنىڭ يېتىشتۈرگەن نەسىللىك يىلقىسى ۋە كالىسى ھازىرقى شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى دەپ ئاتالغان نەسىللىك سىيىرلار ئەينى زامانلاردىلا ۋىلايەتنىڭ سىرتىدا خېلى نۇرغۇن جايلارغا تارقالغانىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ چارۋا - ماللىرىنى نەسىللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، نەسىللىك ماللارنى ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرىنى ياخشىلاش ۋە كۆپەيتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكەنىدى، مەسىلەن: چاغانتوقاي ناھىيىسىدە يەرلىك قوي ئاساسىدا باشپاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، شۇ چاغلاردا يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك قوي نەسلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە يەر شارائىتىغا ماسلىشىشچانلىقى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ تارباغاتايدا ياخشى قوي نەسلىنىڭ بىرسى بولۇپ باھالىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېڭىباشتىن ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

1940 - 1941 - يىلىغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە چارۋىچى ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ قولىدا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى گېنېراتسىيىلىك يىلقىدىن تەخمىنەن 20 باش (6 - گېنېراتسىيىلىك بولغاندا ساپ قانلىق بولىدۇ)، بىرىنچى گېنېراتسىيىلىك يىلقىدىن 234 باش بار ئىدى. ئىككىنچى گېنېراتسىيىلىك كالمۇگورسىيكى نەسىللىك كالىدىن 152 تۇياق، 1 - گېنېراتسىيىلىك كالا 272 تۇياق ئەتراپىدا بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ساپ نەسىللىك يىلقا، كالىلار بولۇپ ھەممىسى 672 باش ئەتراپىدا ئىدى. 2 - گېنېراتسىيىلىك نەسىللىك قوي 4300 تۇياق ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلاردىن باش-

قا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساپ قانلىق ئايغىردىن ئۈچ باش، كالموگورسكى بوقىسىدىن 20 تۇياق، نەسىللىك قوشقاردىن 50 تۇياق بار ئىدى. شۇ چاغدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى چارىچىلىق بۆلۈمىنىڭ ئىگىلىكىدە ئارلوۋىيسكى نەسىللىك ئايغىردىن ئالتە باش ئەنگىلىسكى نەسىللىك ئايغىردىن تۆت باش، كالموگورسكى نەسىللىك بوقىسىدىن يەتتە تۇياق، شۋىتسكى نەسىللىك بوقىسىدىن ئىككى تۇياق، نەسىللىك قوشقاردىن 36 تۇياق بار ئىدى. بۇ نەسىللىك ئايغىر، بۇقا، قوشقارلاردىن يەرلىك خەلق چارۋا - ماللىرىنى نەسىللەندۈرەتتى. 1945 - يىلى 31 - ئىيول چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىش هارپىسىدا، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، بۇ نەسىللىك يىلقا ۋە بۇقىلارنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ تەرەپتە بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەن، قالغان قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ تۈگەتكەن.

5

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە غەلىبە قىلىپ ئىنقىلابىي هاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلەر گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەش، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چۆچەكتىن چېكىنىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتكەن چاغدا، چۆچەكتىكى ئات، ئۇلاق، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ هەممىسىنى بىللە ئېلىپ كى-



تىش بىلەن بانكىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىمۇ ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىگە پەقەت قۇرۇق هېساباتلا قالغان بولۇپ، هەتتا كادىرلارغا ئىش هەققى بېرىشكىمۇ مۇمكىنچىلىك بولماي قالغان. مۇشۇنداق ئېغىر شارائىت ئاستىدا كادىرلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۈچ، تۆت ئايغا قەدەر مائاش ئالماي خىزمەت قىلغانىدى. شۇ چاغدا چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئۇرۇش ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى، ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ خەلققە، ئىنقىلابقا قارشى هەرىكەت قىلغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ دۆلەت مالىيىسىگە كىرىم قىلىندى، ئۇنىڭدىن باشقا، 1942- يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئېمىل چېگرىسىدىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 10.000 باش ئات، هەر بىر ئات ئۈچۈن بىردىن قېيىش نۇقتا قوشۇپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. شىڭ شىسەي هۆكۈمىتى بۇ ئاتلارنى چارۋىچىلاردىن ناهايىتى ئەرزان باهادا سېتىۋېلىپ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋىنتورگ» گە بىر باش ئاتنى 128 تاۋارنى روبلى هېسابىدا ئۆتكۈزگەن، بۇ باها خېلى يۇقىرى هېسابلىناتتى. ئۆتكۈزۈلگەن ئاتلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تەخمىنەن 800 مىڭدىن ئىككى مىليونغىچە تاۋارنى روبلى بولۇپ، بۇلارنىڭ هەممىسىگە تۈرلۈك تاۋار، ئاساسەن گەزمال بەرگەن. خۇددى

شۇ مەزگىلدە، يەنى 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ناھايىتى جىددىي كېتىۋاتقان پەيتتە، شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىسى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەنبەيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەنلەپ كەتكەندى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قولىدا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدىغان نەق پۇلى بولمىغانلىقتىن، چۆچەك يەرلىك ماللار شىركىتى تېگىشىش سودىسى قىلىپ قولىدىكى گەزمال ۋە باشقا تاۋارلارنى قوي يۇڭى، ھەر خىل تېرە ۋە باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا تېگىشىپ بۇ خام ئەشيالارنى ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن بولمىغانلىقتىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىسكىلاتتا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. نەتىجىدە، 1943 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن 15 مىڭ توننا قوي يۇڭى ۋە بىر نەچچە يۈزمىڭ قوي، كالا تېرىسى ھەم يۈزمىڭلاپ ئەلتېرە ۋە باشقا نۇرغۇن ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى يىغىلىپ قالغان. بۇ خام ئەشيالار 1945 - يىل 31 - ئىيولدا چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ۋە سودا ئىدارىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ خام ئەشيا ۋە مەھسۇلاتلار ئۆز نۆۋىتىدە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىر قەدەر ئوڭشىۋېلىشقا ياردەم بولدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى



دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قورچاق يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن قالغان ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكەن ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى چېگرىسىدىكى سودا پونكىتىغا ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ سوممىسى تەخمىنەن ئۈچ مىليون تاۋارنى روبلى بولغان ئىدى. كېيىن مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بەختى چېگرىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا پونكىتىغا بېرىپ، ئۇنىڭ باشلىقى بىلەن ھېسابلاشقاندا، ئەينى زاماندىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانىنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن چۆچەك پارتىزانلىرىغا بېرىلگەن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورا قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ پۇلى ئۈچۈن تەخمىنەن 600 مىڭ تاۋارنى روبلىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان ئىككى مىليون 400 مىڭ تاۋارنى روبلىغا ھەر خىل تاۋار ۋە باشقا نەرسىلەرنى بەرگەن؛ بۇ چاغدا بولۇپمۇ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى ئۈچۈن كۆپرەك رەخت، يىپ، تېرىكە، ھەرخىل چىت ۋە باشقا خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك تاۋارلارنى ئېلىپ، بىر تەرەپتىن ھەربىي قىسىملارنىڭ كىيىم ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىغا ئىشلەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بازارنى تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىسى ناھايىتى ياخشى يولغا قويۇلۇپ ھۆكۈمەت سودىسى بولسۇن، ياكى شەخسىيلەرنىڭ سودىسى بولسۇن تېز راۋاجلىنىپ، بازارلار ئاۋات بولۇپ خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى، شۇڭلاشقا ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىمۇ خېلى دەرىجىدە كۆپەيگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاقىتلىق چەك پۇل ھېسابىغا

150 مىليون دوللارلىق قۇرۇلۇش زايومى تارقاتقان بولۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 70 مىليون دوللار تەقسىم قىلىنغان ئىدى، بۇ ۋەزىپىنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى، يۇقىرىقىلار تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىشكىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1946 - يىلى ئەتىيازدا دېھقانلارنى يۆلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش چاقىرىقى ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 230 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشىلاش، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 70 مىليون دوللار (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلى) قەرز ھەم ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 1000 گېكتار تېرىلغۇ يەر ھەمدە چوڭ باغدىن 15 مېۋىلىك باغ پايدىلىنىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، يۇقىرىقى قارارنىڭ روھىغا ئاساسەن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى دېھقان قېرىنداشلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارغا 1464 توننا ھەر تۈرلۈك ئاشلىق، 30 مىليون دوللار قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولغان دېھقانلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 1946 -



يىلى ۋىلايەت بويىچە 42،575 گېكتار (700 مىڭ مو ئەتراپىدا) يەرگە 178،732 پۇت (بىر پۇت 8 كىلوگىرام) ھەرخىل ئۇرۇق سالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 100 مىڭ پۇتتىن ئارتۇق بولۇپ قالغانلىرى ئارپا، كۆممىقوناق، سۇلۇ، ئاق قوناق شال، كېۋەز، زىغىر، پۇرچاقلاردىن ئىبارەت ئىدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە شۇ چاغلاردا تېرىلغان زىرائەتلەرنى يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلىغاندا، شۇ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات تەخمىنەن 160 مىليون جىڭغا يېتىپ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 930 جىڭ ئەتراپىدا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، 1946 - يىلى 30 - ماي كۈنى قوبۇل قىلىنغان 291 - سانلىق قارارنىڭ 1 - ۋە 4 - تارماقلىرىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: 1944 - يىلى گومىنداڭ قورچاق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن باج نىسبىتىنىڭ 50% كېمەيتىلىپ ئېلىنىشىنى، باج تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان دېھقان، چارۋىچىلاردىن دېھقانچىلىق باج سېلىقىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلىمىسى بويىچە دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن: 1947 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي چارۋا - مال سانى تەخمىنەن 2،747،000 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىلقا 114،466 - باش بولۇپ 5.23% نى تەشكىل قىلاتتى؛ كالا 231،400 تۇياق بولۇپ 8.4% نى، قوي 1،978،200 تۇياق بولۇپ 72% نى، ئۆچكە 368،238 تۇياق بولۇپ 13.3% نى، تۆگە 23.114

بولۇپ 0.82% نى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ سان ۋىلايەت
بويىچە 172 مىڭ نوپۇسنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 15.9 دىن توغرا كەلگەن بولۇپ، 1944 - يىلىدىكى
مال سانىغا سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن 33% ئەترا پىدا ئاشقان
ئىدى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ
ئۆسۈشى سودا تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس
يارىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ھۆ-
كۈمەت سودىسى بولسۇن ياكى شەخسىيلەرنىڭ سودىسى بول-
سۇن خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بى-
لەن بولغان تاشقى سودىنى ئاساس قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئىم-
پورت - ئېكسپورت بېجىدىن، سودا - سانائەت بېجىدىن،
دېھقان، چارۋىچىلىق بېجىدىن ۋە زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ
بېجىدىن كىرگەن كىرىم قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلىغا 10 نەچچە مىليارت دوللار
بولاتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزا-
لانغاندىن كېيىن، بىرمەزگىل ئۇرۇمچىگە تۇرلۇك سانائەت
ماللىرى ۋە تۇرمۇش مۇلازىمەت تاۋارلىرىنى ئېلىپ بېرىپ
سېتىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك خام ماللارنى ئېلىپ
كېلىپ ئېكسپورت قىلىش بىلەن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ
پايدىسى كۆپ بولۇپ، باج كىرىمىمۇ خېلى كۆپەيگەن ئىدى.
مانا مۇشۇلار تارباغاتاي ۋىلايىتى، ھەربىي، مەمۇرى، مەدەنىيەت -
مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا كەسپىي خىراجەتلەر بىر نەچچە
مىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇ-
ئاشىنى بىمالال ھەل قىلغانلىقى سىرتىدا، مەلۇم مالىيە زا-
پىسىغا ۋە زاپاس تاۋار ئىسكىلاتىغا ئىگە بولغان ئىدى.
1947 - يىلى 10 - ئايلاردا، ئوسمان باندىت گومىنداڭ



بىلەن بىرلىشىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ سارسۇمبىنى بې-
سىۋالغاندىن كېيىن، گېنېرال دەلىلقان ئالتاينىڭ مەمۇرىي
ھەم ھەربىي خادىملىرىنى باشلاپ چۆچەككە كەلدى، چۆچەكتە
ئوسمان باندىتلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىق
كۆردى، چۆچەكتىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر پولكى ئىلىدىن
ئىسكىن باشچىلىقىدىكى بىر بىرىگادا، غوجەخمەت باشچى-
لىقىدىكى جېمىنەي ۋە چۆچەك پارتىزانلىرىنىڭ ئالتايغا
قاراپ يۈرۈش قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، چۆچەكنىڭ
ئېمىل چېگرىسىدىن قىرىق دانە ئورال رىس ماشىنا بىلەن
ئۆتۈپ كەلگەن بىر نەچچە يۈز كىشىلىك ھەربىي قىسىملار
ئالتايغا يۈرۈپ كەتتى، مۇشۇ ھەربىي تەييارلىقلارنىڭ بارلىق
خىراجىتى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيىسىدىن بېرىلگەن.
شۇ چاغلاردا، يەنى 1948 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايى-
تىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىم چىقىمى تەخمىنەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆ-
كۈمىتىنىڭ چەك پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا 16 - 17 مىليارت دول-
لار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق مالى-
يە ۋە ھەر خىل كىرىم - چىقىملىرى چەك پۇل بويىچە 48 دىن 50
مىليارت دوللارغىچە ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى
1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا ئۈچ
يۈز مىليون دوللارلىق غالىبىيەت زايومى تارقاتقان ئىدى.
بۇنىڭدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يۈز مىليون دوللارلىق تەق-
سىم قىلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەزىپە ۋاقتىدا ئاشۇرۇپ ئورۇن-
لانغان، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن،
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى 26،500 كىشىلىك قىلىپ باش-

قىدىن تەشكىللەپ، پۈتۈن خىراجەتنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللىي ئارمىيىگە بېرىدىغان خىراجەتنى بەرمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىقتىسادىي ھەيئىتى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر يىلى تۇياق بېجىغا ئالىدىغان پۈتۈن كىرىمىنى مىللىي ئارمىيىنى تەمىنلەش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە باش تەمىنات بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىگەندىن باشقا، ھەربىيلەرنى تەمىنلەشكە ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيات شىركەتلىرىنى مەسئۇل قىلغانىدى. ھەر يىلى ئىلىدىن چۆچەككە باش ھەربىي تەمىناتنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى تۇياق بېجى يىغىشقا كېلىپ، يالغۇز تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن تۇياق بېجى ئېلىنغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوي، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كالا ۋە باشقا چارۋا - ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا ھەربىي تەميناتقا لازىملىق بولغان تۈرلۈك تاۋارلارنى ئالاتتى، دېمەك، 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن 26،500 كىشىلىك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بىر تىيىن ئالماي ئازادلىققا قەدەر بىمالال تەمىنلەپ كەلگەنلىكى سىرتىدا، ئىقتىسادنى بار كۈچى بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، تاشقى سودىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. مەسىلەن: 1947 ۋە 1948 - يىللىرى پەقەت تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات شىركىتى (بۇ شىركەت ئىلگىرى ھەربىي مەتبۇئات شىركىتى بولۇپ، كېيىن تەرەققىيات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ئۆزىلا سوۋېت



ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزگەن چارۋا - مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن 45 - 50 مىڭ تۇياق قوي، 1000 تۇياقتىن 1500 تۇياققا قەدەر كالا، بىر نەچچە يۈز تۆگە ئۆتكۈزگەن ئىدى. قوي يۇڭىدىن 1000 توننىدىن 1500 توننىغا قەدەر، قوي - كالا - تېرىسىدىن 100 مىڭدىن 150 مىڭغا قەدەر، ئەلتىرىدىن 40 - 50 مىڭ دانىغىچە قەدەر ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغدا تەرەققىيات شىركىتى ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئارقىلىق ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، قۇمۇللارغا چاي ۋە تۈرلۈك ماللارنى ئەۋەتىپ بېرىپ، 100 توننىدىن 150 توننىغا قەدەر قوي يۇڭى ۋە ئۇن نەچچە توننا مەشۇت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، چۆچەككە ئېلىپ كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزگەن ئىدى (شەخسىي سودىگەرلەر، باشقا شىركەتلەرنىڭ ئۆتكۈزىدىغان ئېكسپورت ماللىرى تەرەققىيات شىركىتى ئۆتكۈزگەن چارۋا - مال مەھسۇلاتلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى).

1949 - يىلى چۆچەكتە بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان بولۇپ، 156،5 مىليون جىڭ مەھسۇلات ئېلىپ ساتىدىغان بازار يوق ئىدى، شۇ ۋاقىتتا دېھقانلار بازارغا بۇغداي ئېلىپ كەلسە، شەھەردىكى بەزى كىشىلەر: «بۇغداي ئېلىپ كەلگىچە تېزەك ئېلىپ كەلسەڭ بولمامدۇ»، دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالغان ئىدى. (ئەينى زاماندا چۆچەكتە تېزەكنى ئوتۇن ئورنىدا قالايتتى). مانا شۇ چاغلاردا تەرەققىيات شىركىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزگەن، شۇ يىلى تەرەققىيات شىركىتى ۋە قىشلاق خوجىلىق بانكىسى بىرلىشىپ 12،000 توننىدىن ئارتۇق بۇغداي ئېكسپورت قىلغانلىقى سىرتىدا، شەخسىي سودى-

گەرلەرمۇ تەخمىنەن 1500 توننىدىن 2000 تونىنىغا قەدەر بۇغداي ئۆتكۆزگەن.

1949 - يىلى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تەرەققىيات شىركىتى قىشلاق خوجۇلۇق بانكىسى، گراجدانلار جەمئىيىتى، موگۇل سودا جەمئىيىتى، خوسۇسلارنىڭ سودا شىركەتلىرى ھەمدە 1000 نەپەرشەخسىي سودىگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 102 مىليارت 424 مىليون دوللارلىق ئوبوروت قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار 77 مىليارت 940 مىليون دوللارلىق؛ چەتكە چىقىرىلغان ماللار 24،5 مىليارت دوللار بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى بەش يىل جەريانىدا ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زوركۈچ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، ھەربىي، مەمۇرى، كەسپىي خىراجەتلەرنى؛ مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ۋە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇپ بىرنەچچە مىڭ كىشىنىڭ ئىش ھەققى ۋە باشقا تەمىناتلىرىنى ئوبدان ھەل قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆلكە ئازاد بولغاندا مالىيە نازارىتىگە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يالغۇز ئۆزىلا تەخمىنەن بىرمىليون تاۋارنى روبلىلىق سانائەت ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇندىن باشقا تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۆلكە ئازاد بولۇپ خەلق ئازادلىق ئارمىيە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە چەك پۇل ھېسابىغا 2.5 مىليارت دوللارلىق تۈرلۈك سانائەت ماللىرى، ھەر خىل تاۋارلارنى



ئەۋەتىۋېتىپ ھال سورىدى؛ يەنە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سودا شىركىتىنىڭ ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تارباتاي ۋىلايىتى ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن سودا شىركىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتتىكىدىن قالغان سودا تاۋارماللىرى، شۇ ۋاقىتتىكى پۇل ھېسابىغا ئۈچ مىليارت فابىلىق (قانۇنلۇق پۇل) تاۋارنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەر بىر ۋىلايەتكە ئايرىم - ئايرىم فوندى قالدۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىدىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەر خىل تاۋار ھەم سانائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ چەك پۇل ھېسابىغا 25 مىليارت دوللارلىق تاۋار ياكى ئىككى مىليوندىن 2،5 مىلليون تاۋارنى روبىلچە مال ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆلكە مالىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن خېلى چوڭ تۆھپە قوشقانىدى.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتى قوشۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن قورغاس ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 25 مىليون تاۋارنى روبلى بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت ماللىرىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلغان ئىدى.

6

بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە مالىيە تۈزۈمى ھەققىدە ئاز - تولا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى پارتىزان قىسىملىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 1945 - يىلى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئارقا - ئارقىسىدىن ئازاد قىلىندى، شۇ يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىدا يىغىن ئېچىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مالىيە كۈچىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چەك پۇلىنى تارقىتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن غەنىمەت ئالغان تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىپ، يۈز مىليون دوللار قىممىتىدىكى سانائەت بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇپ، بۇنى ۋاقىتلىق چەك پۇل تارقىتىشنىڭ زاپاس فوندى قىلىپ، 1945 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ 100 دوللار، 300 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللارلىقتىن ئىبارەت تۆت خىلدىكى 100 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك قەغەز پۇل تارقاتتى. بۇ خىل ۋاقىتلىق چەك يېتەرلىك ماددىي ماتېرىياللار زاپىسىغا ئىگە ئىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق چەكنى تارقىتىش جەھەتتە ئوبيېكتىپ ھالدا تارقىتىشنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينىغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن پۇلنىڭ قىممىتىنى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق چەكنى تارقاتقاندىن كېيىنمۇ گومىنداڭنىڭ ئۆلكە پۇلى ۋە گۈەنجىڭ پۇلى قاتارلىق پۇللار ئۈچ ۋىلا-



يەت چېگرىسى ئىچىدە بىر ۋاقىتتا خەجلەنگەن ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئۆز پۇلىنىڭ قىممىتى بەك تۆۋەنلەپ، مال باھاسى بەك يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باھا پەرقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ قورچاق پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلىسىنى ۋە بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەقىل ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولغان پۇل سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 97 - قېتىملىق يىغىنىدا: «گومىنداڭنىڭ قورچاق پۇلى ئۈستىگە بەلگە تامغىسى بېسىش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، «بەلگە تامغىسى بېسىلمىغان پۇللارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە خەجلىنىشىنى مەنئىي قىلىش» تەلەپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قورچاق پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلقنىڭ قولىدىكى چەكلەر ناھايىتى تېزلا ئۈچ ۋىلايەت بازارلىرىدا كەڭ كۆلەمدە خەجلىنىشكە باشلىدى، بۇ، ۋاقىتلىق چەكنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ھالدا سىياسىي جەھەتتىن ئىناۋەت تىكلەپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن تامغا بېسىلمىغان گومىنداڭ قورچاق پۇللىرىنى خەجلەش مەنئىي قىلىنغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى پەقەت ۋاقىتلىق چەكتىن پايدىلىنىپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپتە تارقىتىلغان چەك پۇل يۈزدە-

يۈز ماددىي زاپاسقا ھەم خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، چەكنىڭ قىممىتىمۇ بىر قەدەر مۇقىم بولغان ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى يەنە دۈشمەنگە زەربە بېرىش، ھاكىمىيەتنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1945 - يىلى ۋە 1946 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 150 مىليون دوللارلىق ۋە 300 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا «قۇرۇلۇش» ھەم «غالىبىيەت» زايومىلىرىنى تارقاتتى، بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە 600 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا «بەخت سىناش بېلىتى» تارقاتتى. بۇ، ئۇرۇش بولۇۋاتقان شارائىتتا مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەربىي ئىشلارغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇل يىغىۋېلىشنى ئاكتىپ تەشكىللەپ بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى ئازايتىش، پۇل قىممىتى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىپ بېرىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنى يىغىۋېلىش چارىسىنى بەلگىلىدى؛ 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1946 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تارقىتىلغان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئومۇمىي سانى 444 مىليون دوللار بولۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم» دىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تېگىشىپ بېرىش ئۈچۈن 350 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى بۇيرۇپ



بەردى، شۇنداقلا 1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئىككى ئاي ئىچىدە تېگىشىپ بولۇشنى ھەمدە تېگىشىش نىسبىتىنى بىرگە بىر، يەنى بىر دوللارغا بىر يۈەن قىلىشنى بەلگىلىدى. لېكىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «تارباغاتاي، ئالتايلاردا تارقىتىلغان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئومۇمىي سانى ئەسلىدە مەلۇم قىلغان ساندىن كۆپ ئىكەن»، دەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تېگىشىش فوندىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، تەستىقلاپ بەرمىگەنلىكتىن تېگىشىش خىزمىتى توختاپ قېلىپ ۋاقىتلىق چەك ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدە داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىۋەردى.

1947 - يىلى كۈزدە، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن تىنچ ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى؛ ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش ئۈزۈلگەنلىكتىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق چەكنى داۋاملىق تارقىتىۋەردى. 1947 - يىلى ۋاقىتلىق چەكتىن 2000، 2500، 3000 دوللار بىر قانچە خىل قىلىپ بېسىلىپ، تەخمىنەن 15 مىليارت دوللار ئەتراپىدا تارقىتىلغان ئىدى، 1948 - يىلى 100 دوللارلىق، 200 دوللارلىق، 300 دوللارلىق، 500 دوللارلىق ۋە 1000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چەكلەر داۋاملىق تارقىتىلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تارقاتقان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئوبوروت مىقدارى 31 مىليارت دوللارغا يەتتى. «تامغابېسىلغان ئۆلكە پۇلى» نىڭ قىممىتى 300 مىليون يۈەنگە يەتكەن (بۇ پۇللار 75% ماددىي ماتېرىيال

ژاپىسغا ئىگە ئىدى).

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل تۈزۈمى، مالىيەكىرىمى بىلەن تاشقى سودا ئاساسىغا تايانغان ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارغا قارىغاندا، پۇلنىڭ قىممىتى يەنىلا مۇقىم بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى سودىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشىلاش ۋە ھەر خىل باج كىرىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش، سېلىقنى كۆپەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدىكى زور خىراجەت ۋە چىقىملارنى ياخشى ھەل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرگە تايانغانلىقىدىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، 1950 - يىلى 2 - ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆلكىلىك مالىيەئىقتىسادىي ھەيئىتىنىڭ، ئۆلكىنىڭ مالىيە ئىقتىسادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە پىكىرلىرى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىنىڭ پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. مۇشۇ قارارغا ئاساسەن ئۈرۈمچى ھەم ئىلىدا 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 16 خىل مالنى باھاسى بويىچە پۇلغا سوندۇرۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق ئىككى خىل پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى باھالىدى. نەتىجىدە ئۆلكە كۈمۈش پۇلنىڭ بىر يۈەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ 1.250 دوللارغا تەڭ قىلىپ بېكىتىلدى، مۇشۇ ئاساستا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارارنى، 1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ



25 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 86 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنى 1950 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىشنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكى 36 مىليارت 800 مىليون دوللاردىن كۆپرەك يىغىۋېلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە ئىچىدە پۇل تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن يەنە ئۆلكە كۈمۈش پۇلىنى يىغىۋېلىش زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈمۈش پۇلنىڭ بىر يۈەنىنى، خەلق پۇلىنىڭ 0.35 يۈەنگە ئايرىۋاشلاپ 1952 - يىلغا قەدەر تاماملاپ، ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدىكى بىر نەچچە خىل پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئەسكەرتىش: مەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆتكەن يىللى چۆچەككە بېرىپ ئەينى يىللاردا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان پېشقەدەم يولداشلار بىلەن يەنە «سوۋىنتورگ» بىلەن تىجارەت قىلغان پېشقەدەم سودىگەرلەر بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، پاكىتنىڭ ئەينەن بولۇشىغا ھۆرمەت قىلدىم، ئۇنىڭدىن باشقا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئارخىپلىرىدىن پايدىلاندىم. شۇنداقتىمۇ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى ئۇزىراپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا بار بولغان بەزى ماتېرىياللارنىڭ ئاپەتلىك يىللاردا يوقىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك بەزىبىر سان - سىفىرلاردا قىسمەن پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

# توخسۇن ناھىيىسى مەدەنىي - مائارىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا

سەدۇللا تاھىر

توخسۇن ناھىيىسى شىمالىي، شەرقى ۋە غەربى جەنۇبى، شىنجاڭلارنى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم قاتناش لىنىيىسى ئۈستىدىكى بىر ناھىيە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 17342 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، مەدەن بايلىقلىرى، تاغلىرى ۋە تەبىئىي يايلاقلىرى بار.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كان ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆپ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىز خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆزباشلىرىدىن كەچۈرگەن.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بۇ يەردە ياشىغان خەلق «ئويۇن تاماشىغا ئامراق، سىرتقا چىققاندا دائىم چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان، باھارپەسىللىرىدە خەلقلەر تۈرلۈك زىيارەت ئورۇنلىرىغا تاماشىغا بېرىپ، توپ - توپ بولۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ھەمدە ئاتلارغا مىنىپ ئوقيا بىلەن تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئاتىدىغان» تىنچ ھايات بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودىگەرلىرى،



چەت ئەل سودىگەرلىرى، تەرەپ - تەرەپتىن بۇيەرگە كەلگەچكە، بازارلىرى ناھايىتى ئاۋات ئىدى. ................

بازار كۈنلىرى ئەرگە چۈمگەن كىشىلەر قىستا - قىستاڭ بولۇپ كېتىشەتتى، تۈرلۈك ماللار تولۇپ كېتەتتى، دېمەك بۇيەرگە كېلىپ سودا قىلىدىغانلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەسىلەن؛ ئەنجان، تىبەت (ھازىرقى لاداق)، قوقان ۋە كەشمىرلەردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە سودا قىلىشاتتى.

چارۋا سودا بازىرى ئىلانلىقنىڭ شەرقى قىسمىدىكى «قۇرول» دېگەن جايدا بولاتتى، دېمەك تىنچ ھاياتنىڭ بۇنداق ئىپادىسى، كېيىنچە جۇڭغارلارنىڭ باسقۇنچىلىق قىلىشى بىلەن ۋەيران بولۇشقا باشلىدى، تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلق ئىككى نۆۋەت زوركۆلەمدە يۇرتىنى تاشلاپ چەت جايلارغا پانالىق ئىزدەپ قېچىپ كەتتى. 1725 - يىلى (يۇڭجىڭ 3 - يىلى) تۇرپان ۋە پىچانلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن 650 ئۆيلۈك ئادەم گەنسۇنىڭ سۇجۇ ۋىلايىتىگە قېچىپ كەتتى، ئۇلارنى چىڭ سۇلالىسى، سۇجۇ ۋىلايىتىنىڭ جىنتاشى ۋە گەنجوغا تەۋە ۋېيلوبار دېگەن جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، 1734 - يىلى ئىمىن غوجا، لۈكچۈندىكى 8103 ئادەمنى باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتكەن ئىدى.

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە جۇڭغارلارنىڭ ھەيۋىسى ئۆسۈپ، توخسۇن خەلقى ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى، خەلق ئۇلارغا باش ئەگمەي قاتتىق ئېلىشىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق قىلغاچقا، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن جۇڭغارلار ئۆستەڭ سۈيىنى شەھەرگە باشلاپ، خەلقنى

سۇغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا يامان ئاقىۋەتكە قالغان خەلق بىر تەرەپتىن ئېلىشىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، ساق قالغان بىر بۆلۈك ئادەملەر بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرگە لوپ، قۇمۇل تەرەپلەرگە قاراپ كۆچۈپ كەتتى، يەنە بىر بۆلۈك خەلق جوڭغارلارنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدا ئۆلدى، زېمىن دات - پەريات ئىچىدە خانۇ - ۋەيران بولۇپ كەتتى.

لوپقا كۆچۈپ كەتكەن خەلق، خېلى يىللارغىچە ئۆز يۇرتىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار قايتىپ كېلىشمىدى، ئۇلار ھازىر لوپنىڭ «دورال» (تورالغو) دېگەن جايىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ قېلىۋەردى.........

«ئاڭلىمايدۇ سۆزۈمنى،
ياخشىلارنىڭ قۇلاقى.
چىدىغىلى بولمايدۇ،
چاچاڭ بەگنىڭ سوراقى.
كۆچكەندە يېتىشەلمەي،
ئاجىز كېلىپ ئۇلاغىم ......»

«......قاراپ ماڭدۇق تاغ سايان.
پاتقۇزمايدۇ ئارىدا دۈشمەن يامان.
ئىككى يانغا قارىسام يۇلغۇن، قومۇچ،
قارا كۆزۈم تەلمۈردۇ دەريا - سايان. ...»

«كېچىكىمدىن ئېتىم چىققان يارىسەن،
سەھەردە چىققان ئۈنۈمنى تونارسەن.
باشقا يۇرتقا بىز ئەمدى بارار بولدۇق،
بىز پاتمىغان ئۆز شەھىرىڭدە قالارسەن!».



«كەچ بولسا تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
يۇرتۇمدىن ئايرىۋەتتى.
لاچىن سوقان توشقاندەك.

لاچىن سوقان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەن غېرىپ مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى يان ئېتىپ»

دېمەك، لوپ، تىكەنلىكتە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ قالغان ئەجدادلىرىمىز ئەينى زاماندىكى رىيالىلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەنە شۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ، ئۇنى ناخشا بىلەن ئېيتىپ ئۆز ھەسرەتلىرىنى، نادامەتلىك كۈنلىرىنى نامايەن قىلغان. ئۇلاردىكى «ئايلا» (ئاچا)، «ئېجىدلىم» (قوشىقىم)، بولەك (باشقا)، «تاغ سايان» (تاغ تەرەپكە)، «ئىلەنمەك» (ئىلەشمەك)، «ئېسەركەپ» (سېغىنىپ)، «چىنەپ» (چەنلەپ، ئۇدۇللاپ) ... دېگەن دىئالېكتىكلار ھازىرمۇ بىزنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە.

1754 - يىلى ئامۇرسانا چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، خەلقىنىڭ بىرقانچە يىللىق سەرسان - سەرگەردانلىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىلدى.

ھەر تەرەپكە چېقىلىپ كەتكەنلەر، كۆچۈپ كەتكەنلەر بىر - بىرلەپ ئۆز يۇرت، ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى، بۇ چاغدا، تاشلىنىپ كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلىقلار، تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە ئادەم ئاياق باسقىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى جاڭگاللىق، سازلىقلارغا ئۆزگىرىپ بۇ يەردە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، توپ - توپ يۈرۈيدىغان بىر خىلۋەت ماكانغا ئايلانغان ئىدى (بۇ يەردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يېقىنقى زامانلارغىچە نەسلىنى قۇرۇتمىغان ئىدى). جاڭگال ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان خەلق، توخسۇننىڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە غەربىي شىمالى تەرەپلىرىگە كېلىپ ماكانلاشتى.

ئۇلار شۇ ئەتراپلاردىكى تەبىئىي بۇلاق سۇلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، يەرئېچىپ تېرىپ، باشقىدىن ئېگىلىك تىكلەش ئىشىغا كىرىشتى، بۇيەر قارسۇ دەپ ئاتالدى.

1757 - يىلغا كەلگەندە (چەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ مۇداپىئەدە تۇرىدىغان قوشۇنلىرىدىن بىر بۆلۈكىنى توخسۇندا تۇرغۇزدى، ئۇلار توخسۇننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىككە چېدىر تىكىپ، ئورۇنلاشتى. 6550 مو ئەتراپىدا يەر ئېچىپ، «توخسۇن ئېقىنى» سۈيىنى، شۇ تېرىلغۇلارغا باشلاپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا كىرىشتى، بۇ يەرنى چىڭ ھۆكۈمىتى «گۇڭشاڭ» (ھۆكۈمەت يېزىسى) دەپ ئاتىدى. بۇ يەر بىر تەرەپ



تىن مۇداپىئە لىنىيىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوزۇق - تۈلۈك زاپاسلىقىنى تەييارلاش بازىسى بولغانىدى. چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە بۇرھانىدىن، خوجاجاھان خوجىلار باش كۆتۈرگەن چاغلار بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، ھەرتەرەپتىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈشنى پىلانلىغان چىڭ ھۆكۈمىتى، بۇ «گوڭشاڭ» دا 40 چوڭ ئىسكىلات سالدى، بۇنى «40 ساڭ» دەپ ئاتىدى. ئەسكەرلەر ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئاشلىق ۋە ئوت - سامانىنى بۇ يەرگە توپلاپ، كېيىنكى ئۇرۇشلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

بۇچاغدا يۇرت ئىچى (تۇرپان ۋادىسى) ئەمىن تاپقانلىقتىن، ھەريەر - ھەريەردىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئاھالىمۇ كۆپەيدى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئۆستەڭ سۈيىدىن بىرئېرىق سۇنى ئاجرىتىپ، بۇ ئولتۇراق دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئاجرىتىپ بەردى. دېھقانلارغا ئاجرىتىپ بەرگەن ئېرىق، ھازىرقى توخسۇن بازىرىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇئېرىقنى بويلاپ ئېتىزلىقلار، يېڭى - يېڭى مەھەللىلەر، باغلار، بوستانلىقلار ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئاچقان يەرلەر 11150 مودىن ئېشىپ كەتتى. ھۆكۈمەت بۇ رايوننىڭ ئومۇم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرخىل بەگلەرنى بەلگىلىدى، بۇرۇنقى بەگلىك، نەسەپلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

بارلىق بەگلەر بۇ يەردە تۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدارلارغا بويسۇنۇشى شەرت دەپ بەلگىلىدى، لېكىن، بۇمان

جۇ ئەسكەرلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى خالىمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي كۈندىن - كۈنگە چىرىكلىشىپ، بىكار تەلەپلىككە ئۆگىنىپ قالدى.

### مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىنچلىق - ئەمىنلىك ئەسلىگە كېلىپ، قويۇق مەھەللىلەردە ھايات كەچۈرۈۋاتقان خەلقنى ئاستا - ئاستا ئۆز تۇرمۇش يولىغا سالدى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرى، باغ باراۋەتلىرى، مەشرەپلەر، چېلىشىش ۋە ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بۇرۇنقىدەكلا ئەكسىگە كېلىشكە باشلىدى.

ئىلگىرى توي قىلغاندا ناغرا - سۇناي چېلىپ، يۇرتقا ئۈچ كۈن داستىخان سالىدىغان، ئوغلاق تارتىدىغان، شاراپ ئىچىپ مەشرەپ ئوينايدىغان ئىشلار بولاتتى، مەشرەپ ئويۇنىغا تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولاتتى؛ ئېگىزلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا بىر خادا ياسىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇچىغا قىزىل رەخت چىگىلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايغا بېكىتىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشارەتنى كۆرگەن يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر ئەر - ئايال بولۇپ، ئاتلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە بۇيەرگە كېلىشكە باشلايتتى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئىشلىگەن شاراپلىرىنى قاپاقلارغا قاچىلاپ ئالغاچ كېلىپ، سورۇنغا تەقدىم قىلاتتى، مەشرەپ باشلىنىشتىن بۇرۇن «چۇنچۇن سالىۋات» ئېيتاتتى، قىزىقچىلىق قىلىشاتتى. بىرەر نەرسىنى دورايدىغانلار، ھەجۋى قىلىدىغانلار مەيدانغا چىقىپ، ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ساھىبخان يىغىلغان شاراپلارنى قاچىلارغا تەكشەپ، مەشرەپ ئەھلىگە تەقدىم قىلاتتى. ساھىبخان، «گۈل تەۋرىسۇن!»، دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈرۈش بىلەن داپەندە ھاپىزلار غىجەك، ساتا، تامبۇر چېلىپ، مۇقام توۋلاپ، نەغمە قىلىشقا باشلايتتى، كۆپچىلىك ئەر - ئايال بولۇپ مەشرەپ ئويۇنىغا چۈشۈپ كېتەتتى.

توخسۇن خەلقى ئىچىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «دەرد - داغ» مۇقامى ئەنە شۇنداق سورۇنلارنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«دەرد - داغ» مۇقامى ئۇزاق يىللار داۋامىدا مەشرەپ، توي - تۆكۈنلەردە ئېيتىلىپ، مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلاندى. توخسۇن خەلقى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن دەرد - ئەلەملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بۇ بىريۈرۈش ھەسرەتلىك - پىغانلىق ناخشىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن - ئازادلىققا، ھۆرلۈككە، چىن مۇھەببەتكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، جاھالەتلىك قارا كۈنلەرگە نەپرىتىنى ياغدۇردى.

خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ بىر قاتار ناخشىلار تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بىرگەۋدە «دەرد - داغ» مۇقامىغا ئايلاندى.

«دەرد - داغ» مۇقامى بىر مۇقەددىمە، 18 روشەن ئاھاڭ، 119 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بىر چوڭ نەغمە قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، 9 چېكىت، يالاڭ دۇم، جۇلا، چۈشۈرگە، قوش دۇم لەرگە بۆلىنىدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسىنى ساتا ياكى داپ بىلەن مۇقام ئۇستازى

ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، قالغان شېرىكلىرى قولنىڭ ئىكى داپلىرىنى رېتىم بىلەن ئۇرۇپ، مۇقام قائىدىسى بويىچە رېتىم بىلەن باشتىن ئاخىرىغىچە بىر - بىراقى ئاھاڭلارنى ئورۇنلاپ، ئىزچىل ھالدا مۇقامنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

مۇقام تولۇق ئۇستاز ئاخىرىدا مۇقامنىڭ ئاياق خاتىمىسىنى ئورۇنلاپ تاماملايدۇ، سورۇندىكىلەر بولسا، ئورۇنلىنىۋاتقان ناخشىلارنىڭ ئەۋجىگە قاراپ ئەر - ئايال ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، مەشرەپ قىزغىن كەيپىياتتا چۆمىدۇ...

1 - مۇقام مۇقەددىمىسى: (مۇقام ئۇستازى ئورۇنلايدۇ)
1 - ئاھاڭ.

2 - توققۇز چېكىتلىك ئاھاڭ، 6 ئاھاڭ
3 - جۇلا - 4 ئاھاڭ
4 - يالاڭ دوم - 1 ئاھاڭ
5 - چوشۇرگە - 3 ئاھاڭ
6 - قوش دوم - 4 ئاھاڭ

مۇقام مۇقەددىمىسى:

ئۆزۈمنىڭ شەھرىدىن كەتسەم، مىنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلسەم، ماڭا يىغلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتىدىن ئىچتىم، قازاندەك قاينىبان تاشتىم.
بۇپانى دۇنيادىن كەچتىم، مىنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
چۈشۈپتۇر باشىمە سەۋدا، رومۇزى ① ئىشقىدىن غەۋغا.
ئۆزىگە ئەيلىدى شەيدا، مىنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر، يۈرەرگە ھالىتىم يوقتۇر.
يۈرەكتە ئىشقى ئوتى كۆپتۇر، مىنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

① - رومۇزى - ئالامەت — بەلگە



بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ، كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ.
بۇ يەردىن باش ئېلىپ كەتسەم، مىنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

«شاھ مەشرەپ»

ھەرقانداق سورۇنغا كىلىشتە، ئەرلەر يەكتىلىرى ۋە ياقىلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەن ھەرخىل كىيىملەر بىلەن قونچىغا چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن پايپاق كىيىشەتتى، بۇ پايپاقلارنىڭ قونجى ئۆتۈكلەرنىڭ قونجىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بەللىرىگە چىرايلىق كەشتىلەنگەن چاسا ياغلىقلارنى چېگىشەتتى، ئاياللار بولسا ياقا - پەشلىرىگە، يەڭ ۋە كۆكرەكلىرىگە گۈل كەشتىلەنگەن ئۇزۇن پەشمەت، ئىچىگە سىپتا كەنجازا، پوشقاقلىرىغا ھەرخىل چىرايلىق گۈللەر كەشتىلەنگەن تامبال كىيەتتى. چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، كۈمۈشتىن ياسالغان قوڭغۇراقلىق چاتقۇشلار ئاساتتى. قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقا ئېسىپ، ھەرخىل گۈللەرنى قىسىپ، بېشىغا ئالتۇن قاداق قادالغان پۆپۈكلۈك زەر يىپ بىلەن تىكىلگەن ياكى ئالتۇن قاداق، ھەرخىل سەدەپ - مەرۋايىت زىننەتلىرى قادالغان دوپپىلارنى كىيىپ، بۇ سورۇنغا كىلىشەتتى. مەشرەپ داۋامىدا كىم - كىمنى خالىسا، قولىدىكى گۈلنى ياكى قىزىل شالپەردىن قىلىنغان پوتىلارنى (توم ئۆرۈلگەن) شۇ كىشىگە تەقدىم قىلاتتى، مەيدانغا تەكلىپ قىلىنغۇچى مەشرەپ قائىدىسى بويىچە پۇتىنى ئالالمىسا، قايتا ئايلىنىپ ئوينايتتى. تاماشىبىنلار بۇ تاماشىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى، قاچانكى قائىدە بويىچە پۇتىنى ئالالىسا ئاندىن ھېساب بولاتتى.

بۇنداق ئەنئەنىۋى ئويۇن شەكلى كىشىلەرنى ھەرخىل غەم

ئەندىشىلەردىن خالى قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرەتتى، ھوزۇر بېغىشلايتتى، شۇڭلاشقا بۇنداق سورۇن پات - پات بولۇپ تۇراتتى.

چېلىش: بۇ بىرخىل ئاممىۋى تەنتەربىيە شەكلىنى ئالغان كۈچ سىنىشىش بولۇپ، بۇنداق پائالىيەت تولاراق ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، باغ باراۋېتى، ياكى مول - ھوسۇل تويى بولغان چاغلاردا ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئالدى بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ چېلىشىدىغانلار كۆپچىلىك ئىچىدىن كۆرسىتىلىدۇ، مەيدانغا چۈشكەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بەل، پۇتلىرىغا (يوتىغا) پۇتا - ياغلىق چىگىلىدۇ، ھەرئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ، «ھەمۇ-ھە» دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن كۈچ سىنىشىدۇ. مەيداندا چېلىشقانلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم قارشى تەرەپنى يېڭەلىسە، بولار «بۆككە» ھېسابلىناتتى.

ئەڭ ئاخىرقى مەيدانغىچە بەرداشلىق بېرەلىگەن كىشى، شۇ مەيداننىڭ بۆككىسى ھېسابلىناتتى، شۇچاغدا ئالدىنئالا مۈڭگۈزىگە قىزىل شالپەر چىگىلگەن كالا بېشى شۇ كىشىگە تەقدىم قىلىناتتى.

خەلق ئىچىدىكى چېلىشچى بۆككىلەر ئەنە شۇنداق تاللىناتتى، 2 - قېتىملىق چېلىش بولغىچە ئۇ، خەلقنىڭ پەخىرلىك «بۆككىسى» بولۇپ قالاتتى. خەلق ئۆز بۆككىلىرىنى رەخت - پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلايتتى، بىرنەچچە ئادەم ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتاتتى، كۆتۈرگەن پېتى قىقاس چۇقان ئىچىدە ئۆز مەھەللىرىگە ئېلىپ كېتەتتى، بۇنداق ئەھۋال باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، ئۆز كۈشەندىسىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى تېخىمۇ



ئاشۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىككىنچى قېتىملىق «يېغىشتا» ئۇستۇنلۇكنى ئېلىشقا تىرىشاتتى، بۇنداق تىركىشىش ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋام ئېتەتتى....

چېلىشنى خەلق «يېغىش» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇنداق مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۇزاق يىللىق كۈرەشلەر داۋامىدا قولغا كەلگەن. ئىسلام دىنى تۇرپان رايونىغا كېچىكىپرەك كىرگەچكە، ھەرخىل ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا يات بولغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەر تېخىچە داۋام ئەتمەكتە؛ ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالمىنىڭ پۇرىقىنى سىڭدۈرگەن «لەمجىن» تاماكىسىنى غاڭزا بىلەن چېكىشەتتى، مېھمانغا ئاتاپ مال ئۆلتۈرگەندە، ئالدى بىلەن مېھمان ھۆرمىتى ئۈچۈن پىشۇرۇلغان قاننى، ئاندىن گۆشنى كەلتۈرەتتى، شۇنداقلا ئۆزلىرى ئارپا، قوناق ۋە ئۈزۈمدىن ئىچىتىپ ھاراق ياساپ ئىستېمال قىلاتتى، سورۇنلاردا - بەزمىلەردە ئىچىشەتتى. بۇنداق تۇرمۇش ئادەتلىرى تاكى توخسۇندا قازىلىق تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، موللا ۋە مەدرىسلەر ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋام ئەتتى.

ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە يات مەدەنىيەتنى يەكلەش كۈچى رەھىمسىز بولدى. ئاستا - ئاستا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىۋاتقان ئىسلام دىنى، خەلقىمىز ئۇزاق يىللار داۋامىدا ياراتقان مەدەنىي - مىراسلارنى، يادىكارلىقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى، ۋەيران قىلدى، يوقىتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئەقىدىلىرى ئەھكاملىرى، شەرىئەت، ئىسلام ئۆرپى - ئادىتى ۋە ئىسلام ئومۇم ئەخلاقى ئىگىلىدى. ئىسلامىيەت پاكلىقىنى قوغدايدىغان

قازىلار، مۇپتىلار ۋە رەئىسلەر تۇرغۇزۇپ، خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويمايتتى.

ئاشكارا - ئاممىۋى سورۇن تۈزەپ ئوينىلىدىغان مەشرەپلەر، يوشۇرۇن ھوجرا مەشرەپلىرىگە ئايلاندى، شاراپ ياساپ ئىچىش چەكلەندى، تاماكا چېكىشنىڭ ئورنىغا ناس چېكىش يولغا قويۇلدى.

قان يېيىش ئىسلام دىنىغا زىت ئىش بولغاچقا كەسكىن چەكلىنىپ، خەلق ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، رەئىسلەر ئىسلام دىنىنىڭ جازا قورالى بولغان (ئىچىگە قۇم قاچىلانغان چەمدىن راسلانغان تاسماسىمان پالاق) دەررىلەرنى قوللىرىدىن چۈشۈرمەي مەيلى كوندۇز، مەيلى كېچە بولسۇن خالىغان ۋاقىتتا ھەرقانداق ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، كىشىلەرنى نازارەت قىلاتتى، تەرتىپنى بۇزغانلارنى دەررىلەر بىلەن ئۇرۇپ جازالايتتى، قىلغان ئىشىغا تۆۋە قىلدۇراتتى.

ئەر - ئايال، قېرى - ياش ۋە بالىلارمۇ رەئىسنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە ئىش قىلاتتى، ۋاقتى - ۋاقتىدا بەش ۋاقلىق ناماز ئۆتەتتى. ئۆشرە - زاكات بېرىش، ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى مولىلاردا ئوقۇشقا ئەۋەتىشى، قىسقىسى پۈتۈن پائالىيىتىنى ئىسلام دىنى قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇشى كېرەك ئىدى.

دېمەك، بۇنداق دىنىي ئاسارەت ئىچىگە چۆكۈۋاتقان خەلق ئاستا - ئاستا ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ ئىسلامغا يۈزلىنىپ، ئىسلام دىنىنى ئۆز ھاياتلىرىنىڭ ھامىسىغا ئايلاندۇرۇشقا يۈزلەندى. خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن زىبۇ - زىننەت، ياسىنىش، مەشرەپ ئويناش، شاراپ ئىچىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، ھايۋان قېنى بىلەن مېھماننى ئەزىزلەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەر سىقىپ چىقىرىلدى. ئاياللار ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان «مەستۇرىلەر» گە ئايلاندى، قىزلار تېگىدىغان يىگىتلىرىنىڭ يۈزلىرىنى كۆرمەيدىغان، ئاتا - ئانىنىڭ رايى بويىچە تويى - بولىدىغان ئەھۋال جەمئىيەتتىن چوڭقۇر ئورۇن ئىگىلىدى.

## دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قېلىشى ۋە ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە سىڭىپ كېتىشى

خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ئۆز ھاياتىدا ئىسلام دىنىدىن باشقا شامان دىنى، مانى دىنى، زەردۇش دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق بىرقانچە دىنلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇ دىنلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئىشىنىپ، ئۇزاق تارىخى جەريانىنى ئۆز باشلىرىدىن كەچۈرگەن ئىدى.

ئاخىرقى ھېسابتا ئىسلام دىنى 1267 - يىلى شىنجاڭغا كىردى، تۇرپان ئويمانلىقىغا بولسا 1420 - يىللىرى ئەتراپىدا ئومۇملىشىقا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تەدرىجىي تىكلەپ، ئۆز ئەقىدىسىگە يات بولغان دىنلارنىڭ قالدۇق ئىللەتلىرىنى سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. لېكىن، كۆرۈلگەن تەدبىرلەر شۇنچە كەسكىن بولغىنىغا قارىماي، خەلق ئىچىدە ئۇزاق جەريانلاردىن بۇيان ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن بەزى يات دىنى ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىقلار يوشۇرۇن ھەم ئاشكارا ھالدا ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

خەلق ئارىسىدا بىرجايغا توپلىشىپ تىلەك تىلەش، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىنگە زىيان يەتكۈزگەنلەرنى قاغاش، كېسەللەرگە تۇغ تىكىپ ئايلاندۇرۇپ پىرە ئويناش، تۇمار ئېسىش، پۇرۇچ - قونچاقلارغا دەم سېلىش، ئەپسۇن ئوقۇش، قەۋرىگاھلىقلارغا چىراق يېقىش، ياغ پۇرىتىش، جىن ئالۋاستىلارغا كۆچۈرۈش، قاغاش، ئۆلۈك ئېشى تەييارلاپ ئاچا يولدىن قەۋرىگاھلىقلارغا قويۇپ قويۇش، ئەرۋاھ يوقلاش، قان قىلىش، كېسەللەرنى يەتتە ئۆيدىن يەتتە خىل پۇرۇچ يىغىپ ئۇچۇغداش، بالىلارنىڭ تىلىنى كېسىش (سۆزلىيەلمىگەنلەرنىڭ تىلىنى - چىقىرىش ئۈچۈن يەتتە خىل پۇرۇچنى ئاغزىغا ئۈدۈللاپ كېسىش)، بىمارلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، قىز كۆچۈرگەندە ئوت ئۈستىدىن ئاتلىتىش (قىز چۈشكەن هارۋا، مەپىلەرنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش)، قوغ چىشلەپ كېسەل ئادەملەرگە پۈركۈپ ھەيۋە قىلىش، ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ھەممىدىن خالاس بولۇش، پۈتۈنلەي يوقلۇقنى ئىزدەش، سۈكۈتكە چۆمگەن دائىرىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىش دېگەندەك ئوخشاش خىلمۇ - خىل دىنىي خۇراپاتلىقلار كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەچكە تاكى ھازىرغىچە داۋام ئېتىپ كەلمەكتە.

گەرچە ئىسلام ئەقىدىلىرى، شۇنچە ئۇزۇن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، بۇرۇن خەلق ئارىسىدىكى باشقا دىنلاردىن قالغان يۇقىرىقى ئادەتلەرنى تازىلاپ تۈگىتەلمىدى. بۇ ئادەتلەر بەلكى سىرىق يۈگە يىگە ئوخشاش ئىسلام ئەقىدىلىرىگە چىرمىشىپ، ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى ۋە بولۇپ كەلمەكتە.





1750 - يىللار ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان خەلقئارالىق ۋەقەلەر ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقلار تۈپەيلى، «كوۋەيگە تەۋە يۇرتلاردىكى مەنسەپدار چېرىكلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن كولىياڭ (يەنى تەمىنات) ئەۋەتەلمەيمەن، نەچچە يىللاردىن بېرى خەزىنىدىن تەمىنات ئەۋەتىپ بېرىپ، نۇرغۇن خەزىنىلەرنى سەرپ ئېتىپ كوۋەيدىكى مەنسەپدار چېرىكلەرنى باقتىم، ئەمما خەزىنىگە ھېچ قانداق مەنپەئەت پايدا يەتمىدى، كوۋەينى تاشلاپ قايتىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئەمما بۇ تەرەپتىكى مانجۇلارنىڭ چوڭ جاڭجۈنى، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭى بولغان قۇمۇل ۋاڭى ئەھمەت بىلەن باشقا ھەر دەرىجىلىك كاتتا مەنسەپدارلار مەسلىھەت قىلىشىپ، خانغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى: «بۇ تەرەپتىكى شەھەرلەرگە ئۇلۇق خانىنىڭ خەزىنىسىدىن تەمىنات كەلمىسىمۇ كان تېپىپ، ئۆزكۈچىمىز بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش، مىس كولاپ چېرىكلەرنى باقىمىز، بىز ئاتا - بوۋا ئەجداتلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇلۇغ خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۆلىتىنى كۆرگەن؛ يارلىققا ئەمەل قىلىپ، كوۋەينى تاشلاپ كەتسەك ئۇلۇغ خاقان چىنىنىڭ شەنىگە ئوبدان بولماسمىكى؟!»

خاقان بۇ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پىكىرىگە قوشۇلۇپ، كان ئېچىپ ئۆز - ئۆزىنى تەمىن ئېتىشكە تەستىق سالدى، لېكىن «ئۆزۈڭلەر كان تېپىپ چېرىكلەرنى بېقىڭلار» دېگەن يارلىقنىمۇ ئەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى مەنسەپدارلار تاغمۇ -

تاغ، دەشتمۇ - دەشت كان ئىزدەپ، پۇقرالارنى ھاشا
قىلىپ ئېلىپ بېرىپ تاغ باغرىلىرىنى چاشقان تەشكەندەك
ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتتى. ئەمما كان تاپالمىدى، تاپسىمۇ
پۇقرالارغا ناھايىتى جەبرى - جاپا بولۇپ كەتتى، ئىشلىگەن-
لەرگە ھەق بەرمىدى، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مۇشۇنداق
ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ، تىنچلىق ۋە ئاراملىق يوقالدى.
يولى بارلار مانجۇلارغا، بەگلەرگە پارە بېرىپ بۇ ھاشالاردىن
قۇتۇلسا، پۇلى يوقلار يەرلىرىنى سېتىپ، ئۆي - ۋاق، سەرەم-
جانلىرىنى گۆرۈكەشلەرگە گۆرۈگە قويۇپ پەرياد چېكىشكە
باشلىدى، شۇ قاتاردا ھەممە يەرنى خاراپلىق، بىچارىلىق،
مىسكىنلىك كۆرۈنۈشلىرى قاپلاپ كەتتى، تۇرمۇش يولىدىن
مەھرۇم بولغان ئادەملەر ھەر تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ
چىقىپ كېتىشتى.

1759 - يىلغا كەلگەندە، چىڭ خاندانلىقى سودا
تىجارەت باج بىلەن مائاش تارقىتىپ، مالىيە ئېھتىياجىنى
قامداش ئۈچۈن كوۋەيدە مىس پۇل چىقاردى بۇنىڭ ئۈچ-
ۈن ئازبولمىغان مىس لازىم بولغاچقا، مىس بار جايلا-
ردىن كان ئېچىپ، مىس ئېرىتىش ئىشىنى يولغا
قويدى.

1761 - يىلى ئەتراپىدا توخسۇنغىمۇ مىس ئالۋىنى چۈشتى،
بۇچاغدا توخسۇندىن بىرقانچە يۈز ئادەم ھەربىي ئەمەلدارلار-
نىڭ قول ئاستىدا توخسۇننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇر-
غولنىڭ بېشىغا ھايداپ بېرىلىپ، مىس كانىدىن رودا قېزىپ،
مىس ئېرىتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

ئاچ - يالىڭاچ، جاپالىق تۇرمۇش كىشىلەرنى خاراپ
قىلدى، توخسۇن خەلقى جۇڭغارلارنىڭ زوراۋانلىقى



ۋە دەپسەندە قىلىنىشىدىن قۇتۇلغاندەك قىلغان بىلەنمۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئورنىنى مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك ئالۋان -
ياساقلىرى ئىگىلىدى. خەلق بۇ ئالۋان ياساقتىن بىزار
بولغاچقا، ھۆكۈمدارلارغا بولغان نارازىلىقى كۈچىيىپ،
ئىش ئورۇنلىرىدىن دائىم قېچىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈ-
لۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق زامانلاردىن داۋاملى-
شىپ كەلگەن فېئودالىق تۈزۈم ۋە تەرتىپلەر ئۆز پېتىچە
ساقلىنىپ قالغاچقا، خەلققە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايى
ئاپەتلەرنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ ھەربىي مەمۇ-
رلار كۈندىن - كۈنگە چىرىكلىشىپ، خەلقنىڭ بويىنغا مىنىپ،
ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن - قىزلارنى بۇلاپ
كېتەتتى، يەرلىك غالچى كۈچلەر مانجۇلارغا خۇشامەتكوي-
لۇق بىلەن قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ، شۇلارنىڭ ھامىيلىقىدا
شەخسىيەتچىلىك، مۇتەئەسسىپلىكتە ئۇچىغا چىقتى. يۇقىرىدا
ئېيتقىنىمىزدەك، ھەرخىل باج سېلىقلار كۆپەيدى (بۇنىڭ
بىلەن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ۋە مائاش چىقىم-
لارنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقتا ئىدى). شۇ ۋاقىتتا ھەرخىل
دەرد زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ دەرد -
ئىنكاسلىرىنى ئېيتىدىغان ئادىل پارتىيە، ھۆكۈمەت بولمى-
غاچقا، ئۆز ئارزۇ ئۈمىدلىرىنىڭ - ئىنكاسىنى مۇنداق شېئىر -
قوشاقلار ئارقىلىق جاراڭلىق ناخشىلار بىلەن ئىزھار
قىلاتتى:

مىسكانغا ئادەم ھەيدەيدۇ،
يۇرتقا چۈشتى ئالۋان دەپ.
كەمبەغەلنى ھەيدەيدۇ،

ئۈزى بويتاق گالۋاڭ دەپ.

ئاتقا مىنىپ ھەيدەيدۇ،
بىز ماڭىمىز پىيادە.
قوساق ئېچىپ ھارغاندا،
بىر ئېغىز گەپ زىيادە.

تۇڭگان ئاخۇن قىچقىرىدۇ،
ئاخۇن ئېشىڭ پىشتى دەپ.
ئەيسا بوشقى ئۇنىمايدۇ،
① باياڭخودا ئىچتى دەپ.

تاڭ سەھەردە ماڭىمىز،
جىن قورغۇرمىسقا.
ئاخشىمى بولسا ياتالمايمىز،
ئۆيىدىكى ئىسسىقا.

ئاخشىمى قايتىمىز ئىشتىن،
قوتۇر ئىتتەك قاتىراپ.
كېچىسى ئۇخلىيالمايمىز،
قىرچىن ئوتى چاچراپ.

ئەيسا بوشقى جەز قىلىپ،
تاپقان پۇلنى ئۇتىدۇ.

---

① باياڭخو - توخسۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى



قېچىپ كەلسەك يۇرتلارغا،
قوغلاپ كېلىپ تۇتىدۇ.

يەرئىگىسى غوجام باي،
گۈرۈچ بىلەن مانتۇ يەر.
پېقىر، پۇقرا گادايىنى،
ھۆرگە بىلەن چۇسا يەر.

ئەتىيازدا يىۋىندۇق،
بىدە بىلەن سوزىنى.
يېگەن تاماق ئارتىلدى،
قەرزنى قانداق ئۈزىلى.

..........................

يۇقىرىقى قوشاق توخسۇن خەلقىنىڭ مىس كان ھاشىرى جەريانىدىكى تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز بۇ توغرىدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، بۇنداق ھاشانىڭ كىشىلەرنى قانداق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭ.

1765 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادىلىككە سالدى، شۇ سەۋەبلىك ھەرقايسى جايلاردا جۇملىدىن توخسۇن ۋادىسىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قوشۇننى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا يۆتكەپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشتۇردى.

قوزغىلاڭ پارتلاپ ئالتە ئايدىن كېيىن قانلىق باستۇرۇلدى، بۇ يەردىن 10.000 دىن ئوشۇق ئاھالىنى ئۆي

ۋاقىدىن ئايرىپ غۇلجىغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ يەردىن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ ئورنىنى قۇمۇل، پىچان، تۇرپان - توخسۇنلاردىكى ئاھالىنى مەجبۇرى كۆچۈرۈش يولى بىلەن تولدۇرۇپ، خەلقنى چوڭ پاراكەندىچىلىككە سالدى. ئەمدىلا تىنچ ھاياتقا ئېرىشكەن تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلقلەر دوغىلار، بوشقىلارنىڭ قامچىلىرى، مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدا يۇرت - ماكانلىرىدىن ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلدى. ھازىرقى ئۈچتۇرپان رايونىدىكى «توخسۇن»، «پىچان»، «لۈكچۈن»، «تۇرپان»، «ئاستانە» مەھەللىرىدىكى كىشىلەر ئەنە شۇ نۆۋەتتە كۆچۈرۈلگەنلەردۇر.

توخسۇنغا بولسا، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە دېگەن يېرىدىن 60، 70 ئۆيلۈك ئاھالىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىلانلىق يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچتۇرپاندىن سوپى دورغا دېگەن ئادەم سايىت دېھقان، شاۋدۇن دېھقان، ھاشىم دېھقان دېگەن ئۈچ ئوغۇللىرىنى بىرگە ئېلىپ توخسۇنغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. چىن تۆمۈر دېگەن كىشى ئۆي ۋاقى بىلەن 500 دانە قوي، 20 دانە تۆگىسىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ توخسۇننىڭ بوش قالغان يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشتى، بۇلار بىلەن بىرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ياقۇپ بابا دېگەن ئادەم 1774 - يىلى (ھىجرىيە 1196 - يىلى) چەنلۇڭنىڭ يەر زېمىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارىغا تەرجىمان بولۇپ ئەنشىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇ، توخسۇننىڭ سۈيى مول، يەرلىرى مۇنبەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشنى



ئىلتىماس قىلىدۇ. يەر، زېمىن باشقۇرغۇچى بەگ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن خالىغان يېرىدە ئولتۇرۇۋېلىشقا، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسە تېگىشلىك يەر - سۇ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بابا ئىچكىرىگە قايتىپ بېرىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ۋە بىر بۆلۈك تۇغقانلىرىنى باشلاپ توخسۇنغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار ھازىرقى توخسۇننىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى «ئەنشى» مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ھازىر ئۇلار يەتتىنچى ئەۋلادقا كەلگەن بولۇپ، توخسۇن تارىخىدا ئۆتكەن گوپو بوشقى، سوپى بوشقى، توختى بوشقى، سامساق جەڭگى، ھۇشۇر جەڭگى، قادىر جەڭگى، خوجا ئابدۇل دارىنلار ئەنە شۇنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

ئۇزاق يىللار داۋام قىلغان تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە كەسكىن تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى، خەلقىمىز ئۆز تەقدىرىنىڭ قايغۇسىدا قالدى، سەرسان - سەرگەردانلىق كۈنلەر باشلىنىپ، زوراۋانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، قايغۇلۇق، دەككە- دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانىدى.

## مەدرىسلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئوقۇتۇش ئەھۋالى

بۇ جەرياندا بىرەر بىلىم ئالغىدەك مەكتەپ

بولمىغاچقا، خەلق ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك «قارا - تۇرۇك» بولۇپ، مىڭ ئادەم ئىچىدىن بىرەر ساۋادلىق ئادەمنى تېپىش تەس بولۇشتەك ئاقىۋەت شەكىللەندى. ئىلىم بېرىم ھۆججەتلىرىنى شۇ ۋاقىتنىڭ خاتىپ رەئىسلىرىدىن باشقا بىركىم يازالمايتتى، ئۇلار يازغان بۇ ھۆججەتلەرنى ئىككىنچى نۆۋەتتە باشقىلار ئەمەس ئۆزلىرىمۇ ئاران ئاڭقىرالايتتى. كېيىنچە ھەر قايسى كەنت ۋە يېزىلاردىكى مەسچىتلەر قارمىقىدا مەكتەپلەر تەشكىل قىلىندى، مەسچىت ئىماملىرى خەلپەت بولدى. بۇ يەردە بالىلارغا ئۆگىتىلىدىغىنى ئىسلام ئەقىدىسى، ئىسلام ئەھكاملىرى، ئۇششاق ئايەت، سۈرىلەر ۋە قۇرئاننى سۆزمۇ - سۆز يادلاش بولۇپ، موللىلار ئوقۇتۇۋاتقانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيتتى.

ئەرەپ ئېلىپبەسى شەكىلدىكى ھەرپلەردىن پەقەت قۇرئان ئايەتلىرىنىلا تەلەپپۇز قىلالايتتى، قۇرئان خەتمىنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئوقىيالايدىغانلار بولسا مەدرىسىگە قوبۇل قىلىناتتى.

مەدرىستە ئوقۇيدىغان تالىپلار، «قارى»، «داموللا» بولۇپ يېتىلەتتى، «قارى» دېگىنىمىز قۇرئاننى پۈتۈن يادقا بىلىدىغانلار، «داموللا» دېگەنلەر بولسا باشقىچە ئىلىم ئالاتتى، مەدرىستە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابلار بولسا:

1 - سەرب - ئەرەپ گراماتىكىسىنى بىلىشنىڭ ئىپتىدائىي بىلىمى، يەنى، سۆزلەرنى تۈرگە ئايرىش، غايىپ، موخاتەپ، موتەكەللىم، ئەر - ئاياللارنىڭ



سۆزلۈشۈش پەرقىنى بىلىش، ھەربىر سۆزدىن 32 خىل مەنە چىقىرىشنى بىلىش.

2 - مۇئزە - ئەرەپ سىنتاكسىتى، يەنى تۈرگە ئايرىش، بۇنىڭ ھەممىسى 22 باب بولۇپ، 200 مىسال بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

3 - ئاۋامىل - ئەرەپ گراماتىكىسىنىڭ قائىدىسىنى ئۆگىنىش، 100 ئامىل، بۇ ئامىللارنى تەرتىپكە سېلىش.

4 - ئېراپ - ھەركەت، زىر - زەۋەر، پەشلەرنىڭ ئىشلىتىش قائىدىسىنى بىلىش.

5 - كافىيە - ئەرەپ سۆزىنىڭ كەلىمە كالامىنى بىلىش.

6 - شەرھى موللا - پۈتۈن ئەرەپ گراماتىكىسى، تەرجىمە قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈش.

7 - ئەلپىيە - ئەرەپ گراماتىكىسىنى قاپىيىلەش قائىدە تەرتىپى.

8. تەلخىس - مونەرمانى پەلسەپىسى.

شەرئى قائىدىسى:

1 - مۇقتىسەر ۋاقايە

2 - شەرھى ۋاقايە

3 - ھىدايى شىرىپ

4 - ئۇسول پىقىھى

ھەدىس

1 - مۇشكات

2 - سەھى بۇخارى

3 - تورمىزى

4 نەسەئى

5 ـ مۇۋەت تائى مالىك
6 ـ تەپسىر
1 ـ جالالىن
2 ـ تەفسىر قازى
3 ـ تەفسىر هۇسەيىن
ئەدەبىيات
1 ـ گۇلۇستان
2 ـ بوستان
3 ـ مەسنۋى
4 ـ خوجاهافىز
5 ـ بىدىل
6 ـ مەكتۇبات

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ بىلىملەرنى ئىگىلىگەن كىشى داموللا بولالايتتى، داموللىلار شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم ئىگىلىرى بولۇپ، يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ۋە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولاتتى. بۇ ئادەملەر جەمئىيەت ئىچىدە ئىلىم ـ بىرىم هۇججەتلىرى، توختامنامە قاتارلىق مەكتۇپلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى (بۇنىڭغا يازدۇرغۇچى تەرەپ ئەلۋەتتە هەق تۆلەيتتى) هۆسنىخەت، كۆچۈرمىچىلىك قىلاتتى.

بەزى چاغلاردا كىلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىيات ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، شېئىر ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

1864 ـ يىلى، شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك مانجو هاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى، بۇ، تەيپىڭ



تيەنگو ئىنقىلابى يولى ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇمچى، قەشقەردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ تەسىركۈچى گەۋدىلىك بولغاچقا، قەشقەرخەلق هاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرغان تۇڭگان جەن شاگىين بىلەن قىرغىز سىدىق بەگلەر مانجولارنىڭ ئۈۋسى بولغان قەشقەر يېڭى شەهەرگە بىرقانچە قېتىم هۇجۇم قىلىپ ئالالماي، قوقان خاندانلىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇزرۇك خوجا بىلەن ياقۇپ بەگنى شىنجاڭغا چىللاپ كەلدى. 1865 ـ يىلى، بۇزرۇك خوجا بىلەن ياقۇپ بەگ قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى شەهەر قەلئەسىنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزدى. 1867 ـ يىلغا كەلگەندە، ياقۇپ بەگ بۇزرۇك خوجىنى هەج قىلىشقا قىستاپ ئۆز يولىغا سېلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنى يەتتە شەهەرنىڭ ئەمرى، دەپ جاكالىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، تەڭرى تاغلىرى (تىيانشان) نىڭ جەنۇب شىمالىدىكى كۆپچىلىك جايلارنى ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا ئالدى، بۇ يەرلەردە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ فېئوداللىق قانۇن تۈزۈملىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆز قانۇن پەرمانلىرىنى ئېلان قىلدى، هاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى.

## ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ توخسۇندا تۇرۇشى

بۇ يەردە ياقۇپبەگ توغرىسىدىكى ئىشلارنى بايان قىلىشنىڭ ئاساسى سەۋەبى شۇكى، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى

ئىستېلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى تەرەپلەرنى بويسۇندۇرۇش ھازىرلىقىنى كۆرۈشكە باشلىدى، شۇڭلاشقا ئۇ، ئوغلى ھەق قولبەگ باشلىق 4000 ئاتلىق، 2000 پىيادە ئەسكىرىي كۈچنى توقسۇندا تۇرغۇزدى. بۇ قوشۇن توقسۇنغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۈچ ئورۇندا سېپىل - مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياساشقا كىرىشتى، 1 - قەدەمدە توقسۇننىڭ شىمالىدا، 2 - قەدەمدە غەربىي شىمالىدا (لوچېڭ)، 3 - قەدەمدە يېڭى شەھەر سېپىلىنى. سوقتۇردى. بۇسېپىللارنى سوقۇش جەريانىدا ھەر تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى بۇ يەرگە ئېپكېلىپ ئىشلەتتى. توقسۇن خەلقى ھارۋىسى بارلار 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە، ھارۋىسى يوقلار بىر ئايدىن، بىرېرىم ئايغىچە ھاشاغا تۇتۇلدى (ئورنىغا ئادەم سالالايدىغانلار تۇغقانلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىگەن بولسا، ئادىمى يوقلار ئۆزلىرى ئىش ئاخىرلاشقىچە ئىشلىدى، مۇشۇ مەزگىللەردە ئاغرىپ قېلىپ ۋەزىپە ئادا قىلالمىغانلار، ئىش ئورنىدىن قاچقانلارنى تۇتۇپ قېلىپ سېپىل تېمىغا قاتتۇرۇۋەتتى)، سېپىل ئىككى ئايدا پۈتتى. ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم، ئېگىزلىكى 15 مېتر، قېلىنلىقى سەككىز مېتر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ سېپىل بەدۆلەت سوققان سېپىللار ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ مۇستەھكەم سېپىللاردىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچ تەرەپتە قوۋۇقى بولۇپ، شەرق - غەرب ۋە جەنۇبى تەرەپلەرگە قاراقلىق ئىدى، بۇ سېپىلنى سوقۇشتا مولاقچى ھارۋىلارغا توپا قاچىلاپ، يانتو يول بويىچە سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تۆكلەتتى،



ھارۋىسى بولمىغان كۆپچىلىك خەلق، ئىتەكلىرى، تاغارلار ۋە تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن توپىنى ئۇسۇپ سېپىل ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تۆكەتتى. بۇنداق ئەمگەك ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن سىرتىدا ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ قامچىلىشى، كالتەكلىشى، خەلقنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويدى. شۇ قاتاردا يەنە يۇرتقا ئالۋاڭ سېلىپ، قارا تاغدىن نۇرغۇن ياغاچلارنى ئات - ئېشەكلەرگە سۆرۈتۈپ ئېپكېلىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلەتتى. يەنە نۇرغۇن قومۇچ ئورغۇزۇپ، سېپىل تېمىنىڭ قېتىغا ئالىدىغان چەكزىلىرىنى باغلاپ ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىلنىڭ شەرق قىسمىغا ئوتتۇرا شەرق شەكلىدە بىر بازار سالدۇردى، ئۇ بازار كىچىك دۇكانلار، شىپاڭلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بازارنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي ئايۋانچە شەكىلدە يېپىلدى.

ھەربىي مەقسەتلەر بىلەن ھەر 20 چاقىرىم ئارىلىققا بىردىن كىچىك قورغانچە تور سالدى، بۇ چاغدىكى خەلقلەر ئارىسىدا:

«سېپىلنى سوقۇپتۇ يارەنلەر،
ھەربۇرجىسىدا پوتەي.
ئىلگىرى ئاخىركېلىپ قالسا،
ھەيران قالسۇن تى - دوتەي»

دېگەن قوشاق تارالدى، شۇنداق قىلىپ توقسۇندا ھەيۋەتلىك بىرسېپىل، سېپىل ئىچىدە ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە بىر بازار بىنا قىلىندى.

1867 - يىلىدىن 1870 - يىلىغىچە، توقسۇندا

ھەق قولى بەگ قوماندانلىقىدا 4000 نەپەر ئاتلىق، 2000 نەپەر پىيادە ئەسكىرى كۆچى تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، نويابىردا تۇرپاندا يۈز بەرگەن قاتتىق ئاچارچىلىق دەستىدىن ھەق قولى بەگە بۇ يەردىكى قوشۇننىڭ بىر قىسمىنى توخسۇنغا يۆتكەپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيان - بۇياندىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئەسكىرى كۈچىنىڭ ھەممىسى مانا شۇ توخسۇن قورغىنىدا قونۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

يۇقىرىقىدەك ئالۋان - سەيسىلەر توخسۇن خەلقىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى، بىرقانچە يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغان توخسۇن خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى يەنە بىر چوڭ داۋالغۇش ئىچىدە قالغانىدى. 1871 - يىلغا كەلگەندە، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تۇرپاندىن مەخسۇت ئاخۇننى توخسۇنغا قازى قىلىپ يۆتكەپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن توخسۇن خەلقىنىڭ ئىلىم - ئىرپان ئىشلىرىغا يېڭى بىر ئىز سىلىندى. مەخسۇت ئاخۇن خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قاراسۇغا بىر مەدرىس سالدۇردى، مەدرىسىدە مەتگولى موللا، ئۇزۇن ئەغلەم (ئەسلى ئىسمى توختى)، يۇسۇپ ھاجى ئاخۇن، ئەنەس مۇپتى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇپ بىلىم ئالدى...

شۇنىڭدىن كېيىن بۇمەدرىس توخسۇن تارىخىدا بىرىنچى مەرىپەت ئۇچىقى بولۇپ قالغانىدى. 1875 - يىلى تۇتەي كونا بازاردا ئەنەس مۇپتى ئاخۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرمەدرىس قۇرۇلدى، ئەنەس ئاخۇن ئۆزى مۇدەررىس بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا قومۇر قازى، ئىبراھىم داموللا، مايىت مۇپتى، ھەمدۇل مۇپتى ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر ئوقىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن



تۆمۈرقازى ئاخۇنۇم مۇشۇ مەدرىستىن بۇخاراغا ئوقۇشقا بېرىپ ئوقۇپ كەلدى.

1877 - يىلىغا كەلگەندە، ئىلانلىق بوستان مەدرىسى ئاددىي بىر گۈمبەزنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلدى، بۇمەدرىسكە توختى قازى مۇدەررىسلىك قىلدى، بۇيەردە زايىت قازى، شايىتىپ موللا، پازىل ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر تەربىيە ئالدى. كېيىن مۇھەممەت ھاجى ئاخۇنۇم، خىۋىرھاجى داموللام (مەشھۇر دىنىي زات)، روزى نىياز خەلپەت، نىياز ھاجى، تۇردى ھاجى قاتارلىق كىشىلەر تەربىيە ئالدى.

1878 - يىلىغا كەلگەندە بازار مەدرىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئەئلەم، يۇسۇپ ھاجى ئاخۇن، مەسۇم ئەئلەم قاتارلىق كىشىلەر مۇدەررىس بولدى، بۇ مەدەرىستە گاجىت داموللا، مۇيدىن ھاجى داموللا، ھەزبوللا ھاجى، گايىت ھاجى، ھامۇت داموللا، ئابلىمىت قارھاجى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇپ يېتىشىپ چىقتى.

1880 - يىلغا كەلگەندە داتقان شەھرى مەدرىسى قۇرۇلدى، بۇ مەدرىسنى زىيىت ھاجى، مەزەيىت ھاجى دېگەن كىشىلەر تەشەببۇس قىلىپ قۇرغانىدى، بۇمەدرىسكە تۆمۈر قازى بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ مۇدەررىس بولدى.

يۇقىرىقى بەش ئورۇندا بەرپا قىلىنغان مەدرىسلەردىن باشقا، خۇدوگدىكى مەرۇپ ھاجى ئاخۇنۇم بىلەن قاراتىتىكى ھەمدۇل مۇپتى ئاخۇنۇملار ئۆز مەسچىتلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەتراپىدىكى تالىپلارنى

قوشۇپ ئوقۇتۇشنى ئېلىپ باردى.

شۇ چاغدا تەسىر دائىرىسى كەڭ، تەرەققىياتى ئۈستۈن بولغان ئاساسلىق ئۈچ مەدرىسلا ئىدى، تۇتەي كونا بازاردىكى «غوجام مەدرىسە» (بۇ يەردە سەئىد ۋاقىاس غوجامنىڭ شەرىپىگە بىنا قىلىنغان چوڭ گۈمبەزلىك بىنالار بولغاچقا، مەدرىسىنىڭ نامى «غوجام مەدرىسە» دەپ ئاتالغان) نىڭ ئۈچ چوڭ دەرسخانىسى، 35 ھوجرىسى بار ئىدى، 150 ئەتراپىدا تالىپ دەرس ئوقۇيتتى. بازار مەدرىسىنىڭ (ئاقتاش مەدرىسە) بەش دەرسخانا، 40 ھوجرىسى بار ئىدى، 170 ـ 115 گىچە تالىپ ئوقۇيتتى، بۇ مەدرىسىدە ئورغۇنلىغان مۇساپىرلار ئوقۇپ كېتىپ تۇراتتى.

غوجام مەدرىسە بىلەن ئاقتاش مەدرىسلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، خەلق ئىنئام قىلغان پارچە ـ پۇرات ۋەخپىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. كېيىنچە ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرى قولايسىز بولغانلىقتىن يىغىشتۇرۇپ سېتىۋەتتى، ھازىرقى «چوڭ»، «كىچىك» ۋەخپىلەرنى خۇدۇگلۇق مايىت ھاجىدىن سېتىپ ئالدى، ئومۇم ۋەخپە 1500 مو ئەتراپىدا بولۇپ، بۇيەرنى تۆت چوڭ ئوتاقچى دېھقان تېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ 50% نى مەرىسلەرگە تاپشۇراتتى، بۇ ئاشلىقلارنى ئىككى مەدرىس ئوخشاش تەقسىم قىلىشىپ، بۇنى يىغىلغان ئۆشرە ـ زاكات ۋە باشقا ئىئانە كىرىملىرى بىلەن قوشۇپ مۇدەرىسلەر، موتەۋەللىلەر ۋە تالىپلارنىڭ تەمىناتىنى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. مۇدەرىسلەرگە 2025 دادەن، داموللىلارغا 7 ـ 6 دادەن ئاق، قارا ئاشلىق بېرىلەتتى. قالغانلىرى



ياتاقلاشقان تالىپلارنىڭ ئوتۇن ـ كۆمۈر، چىراغ يېغى، ھوجرىلارنىڭ كىگىز ـ كېچەكلىرى قاتارلىق چەھەتلەرگە سەرىپ قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىپلارغا بەش كۈرىدىن بىر دادەنگىچە ئاق قارا ئاشلىق بېرىلەتتى، مۇساپىر تالىپلارغا كىيىم ـ كېچەك ۋە 2 ـ 3 كۈرىدىن ئاشلىق بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بىلىم ئېلىشىنى كېپىللەندۈرەتتى.

يۇقىرىقى ئىككى چوڭ مەدرىسنىڭ موتەۋەللىلىرى، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلاتتى، خوجام مەدرىسىنىڭ موتەۋەللىسى قۇتۇبىدىن ئىمام، ئاقتاش مەدرىسىنىڭ موتەۋەللىلىرى سېيىتىم شوۋا، سىمىر داموللا قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

يۇقىرىقى مەدرىسلەرنىڭ خىراجەتلىرى ۋەخپە يەرلەر، ئۆشرە ـ زاكاتلار، خەلقلەر ئىنئام قىلغان ئىمام ھەققى، «قۇربانلىق» نىڭ تېرە ـ ئۈچەيلىرى ۋە «كەپەن» قاتارلىق كىرىملەردىن يىغىلاتتى. يۇقىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان ئۆلىما ـ مۇدەررىسلەردىن قەشقەر، ھىندىستان، پاكىستان، بۇخارا قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

## شۆتاڭلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1911 ـ يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1 ـ يىلى) شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، فېئودالىق خانلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى

ئۆلكىلەردە يېڭىچە ئوقۇش - ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى. خەلقنى جاھالەتتە، نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان زامانغا خاتىمە بېرىلگەچكە، شىنجاڭ خەلقى يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەتنى، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقنى جاھالەتتىن - نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ۋەكىللىرى مەخسۇت مۇھىتى ۋە تاھىر بەگلەر باشچىلىقىدىكى بىر قانچە ۋەكىلنى، «شىنجاڭ ۋەكىلى» سۈپىتىدە نەنجىڭگە ئەۋەتتى، ئۇلار سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى بەرپا قىلىش تەلىپىنى قويدى.

سۇن جۇڭسەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپلەرنى تېزلىك بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، لېكىن يۇقىرىقى ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشقىچە سۇن جۇڭسەن ئەپەندى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا يۈەنشىكەي ھاكىمىيەتنى چىقىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ كەسكىن تەلىپى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغاچقا، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار كۆپ، مىللىيچە مەكتەپ ئاچقاندا كېلەچەكتە ئۇلارغا تايىنىپ ئىش بېجىرىشكە قولايسىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىشى شەرت»، دەپ ھەربىر ناھىيىلەردە خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىدىغان شۆتاڭلارنى تەسىس قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

بۇ خەۋەر توخسۇنغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خەلق ئىچىدە مۇنداق قوشاق تارالدى:



«ئامبال كەلگىدەك،
دوتەي كەلگىدەك.
شەرنىڭ تېشىغا،
شۆتاڭ سالغىدەك»

1916 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدىكى قارا پوزول ئالدىغا ئورۇن بەلگىلىنىپ، كېسەك قويۇلدى، بۇ مەكتەپنىڭ كېسەكنى موللىدا ئوقۇيدىغان باللار توشۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ تار كورىدورلۇق بىر «شۆتاڭ» سېلىندى. دەسلەپتە بۇ مەكتەپكە تۇرپانلىق روزىمەت لوسى دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

ناھىيىنىڭ ھەربىر يېزىلىرىدىن قۇرئان ساۋادى بار باللارنى قوبۇل قىلىپ، بۇ يەردە ئوقۇش باشلايدۇ. ① بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئىلانلىقتىن نۇردۇن مۇجاڭ، جىگدىدە ئولتۇرۇشلۇق تۆمۈر ھاجى ئوغلى ھەمدۇل، قادىر موسا (ئالىم شۇجىنىڭ ئاتىسى)، زونۇرسەپىرا، ھاپىز ئايلوچۇق، بىغەم ھاجى ھەمدۇل، قەسقىردىن ئەسمىتول، ھوشۇرمايىزىن، گايىت مۇجاڭ قاتارلىقلار ئىدى، ئومۇمەن 35 دەك ئوقۇغۇچى ئوقۇپ بىلىم ئالدى.

روزىمەت لوسى بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتىپ كەتتى، بۇنىڭ ئورنىغا گۇڭشاڭلىق ساۋۇت لوسى دېگەن ئادەم ئوقۇتقۇچى بولدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوققىسىغا مانجوچە بىر تال چاچ قويۇلاتتى، ئۇزۇن مانجوچە قارا كىيىم كىيەتتى. بۇنداق قىياپەتنى كىشىلەر «لەمپە باشلار» دەپ ئەيىپلەيتتى. مەزكۇر شۆتاڭ شىنجاڭ خەلقىگە «يېڭىلىق» ئېلىپ كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا توخسۇن

① بۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇچە «تۆت كىتاب» تىن دەرس ئۆتەتتى.

خەلقىگە مانجۇچە كىيىنىش، مانجۇچە چاچ قويۇپ، خەنزۇچە ئوقۇتۇش، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن باشقىچە بولغاچقا، خەلق ئىچىدە يەكلىنىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئامال بولسىلا، بالىلىرىنى بۇ مەكتەپكە ئەۋەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن لىيو شەنجۇڭ قوزغىلىڭى بىلەن 1912 - يىلى 1 - ئايدا ئىلىدە ياڭ زەنشىي باشچىلىقىدىكى تۇڭمېڭخۇي قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە جۇمھۇرىيەت جاكالىنىدۇ. 1912 - يىلى باھار ئايلىرىدا بولسا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. ئارقىدىن سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىگە بويسۇنغۇچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويسا قانداق ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىنى پەملىگەن ياڭ، بۇمەكتەپلەرنى تاقىۋېتىدۇ.

توخسۇندىكى شۆتاڭلار يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن 3 - يىلى تاقىلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تاراپ كېتىدۇ.

مەكتەپ ئورنىنى ناھىيىنىڭ ھاكىم بېگى سەيدۇل (زوڭ) سوراقخانا قىلىدۇ، بىرەر يىل ئۆتە - ئۆتمەي بۇ مەكتەپكە سۇ كىرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىزىمۇ يوقالدى.

## «جەدىت مەكتىپى» نىڭ قۇرۇلۇشى

1917 - يىلى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ



پرولېتارىياتنىڭ تۇنجى ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى ئېزىلگەن ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن يورۇتۇلغان بىر نۇرلۇق چىراق بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تەسىرى ھەرتەرەپكە كېڭەيدى، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىمۇ بۇ خەۋەردىن چەتتە قالمىدى، بۇ ھال نادانلىقتا ئازار يېگەن خەلقنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ ئېچىپ قويدى، خەلقنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىملىق ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق تەلەپلەر خەلقنىڭ شۇئارىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى ئەنە شۇ چاغدىكى ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرنىڭ بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۆز ئىقتىسادى بىلەن چەت ئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپ بىنالىرى سېلىپ تۇرپان رايونىدا يېڭىچە مىللىي مائارىپنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرپاندىكى ماسۇڭ ھاجىنىڭ مەسچىتى ئىچىدە بىرمەكتەپ ئېچىلدى، بۇ مەكتەپكە روسىيىدىن كەلگەن مۆمىن ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، بۇ مەكتەپكە توخسۇنلۇق ساتتارخان خوجەخمەت ھاجى ئوغلى بىر قانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە كېلىپ ئوقىدى. بۇنداق يېڭىچە مەكتەپلەر خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك تۇرپان رايونىنىڭ ياۋېيشى، دۇمۇڭ، يار قاتارلىق جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

توخسۇندىمۇ بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەسىس قىلىندى، بۇ، 1920 - يىللىرى ئېچىلغان بولۇپ، توخسۇن ئۆلىمالىرى-

دىن مەسۇم ئاخۇن، تۆمۈر قازى، ئەنىس موپتى، زايىت
قازى، ھەمدۇل ئاخۇنۇم قاتارلىقلار بىر يەرگە جەم بولۇپ،
بۇندىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆز-
ئارا پىكىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تۆۋەن قات-
لامدىكى يۇرت كاتتىلىرىغا بۇ ئىشنى تەشۋىق قىلدى.

يۇرت خەلقى بۇ يېڭى ئىشقا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم
بېرىپ، قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن
ھەمدۇل ھاجىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ ۋۇجۇتقا
كەلدى.

پارتا - ئورۇندۇق ئورنىغا تاختايلار قويۇلۇپ، 30
دەك بالا بۇ يەرگە يىغىلىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ 1 - دەرسنى
ئاڭلىدى.

بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ تولىسى يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى
بولغاچقا، كۈندۈزى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ،
كېچىسى چىراق يورۇقىدا دەرس ئوقۇشقا كېلەتتى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى ئېھتىمال موھىدىن × × × بولسا
كېرەك؟ ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ،
كۈندۈزى ئۆيدە يېزىش، ئوقۇش ئىشلىرى بىلەن بولسا،
ئاخشىمى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولاتتى، ئۇنىڭ مىللىتى
تۈرك ئىدى. ئۇ، ئۆز تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يەيتتى، مۇئاش-
نى تۇرپاندىن (ئېھتىمال مەخسۇت موھىتى ھېسابىدىن)
ئالسا كېرەك.

بۇ مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئۇيغۇر تىلى گرام-
ماتىكىسى بىلەن تۆت ئەمەل ئىدى، كېيىنچە 5 - ئايلارغا
كەلگەندە مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر بۇ مەكتەپلەرنى ئومۇم-
يۈزلۈك «جەدىد مەكتىپى»، دىنني يوقىتىدىغان مەكتەپ



ئىكەن، دەپ قارىلاپ يەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئۆلىما-
لارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. تۇرپاندىكى ئوقۇتقۇچىلارنى
قولغا ئېلىش باشلانغاندا، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى، بەزىلى-
رى تۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلدى. توخسۇندىكى مو-
ھىددىن ئەپەندىمۇ ياڭ زىڭشىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تەقىپ
ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، ھۆكۈمەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ
كەتكەنچە يوق قىلىۋەتتى. ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچ-
قان بوۋاققا ئوخشاش يېڭى ھاياتقا ئىنتىلگەن خەلق، يەنە
شۇ قاراڭغۇلۇق جاھالەت ئىچىدە قالدى.

## يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھاكىمىيەت
ئىش باشلاش بىلەن تەڭ، ئۈرۈمچىدە ھەرمىللەت مەدەنىي
ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەركىزىي ئۇيۇشمىسى
قۇرۇلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر قايسى ناھىيىلەردە
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا
باشلىدى.

جۇملىدىن توخسۇندىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇ-
يۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە خۇيزۇ
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم تەشكىل
قىلىنىشتىكى سەۋەبى شۇكى، بۇ ئۇيۇشمىلار ئارقىلىق ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش،
بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش، ئايرىملىقتىن بىرلىككە
كېلىش، بىرلىك ئۈچۈن ئايرىلىپ ئىشلەش دېگەن تەشەب-

بۇس ئاساس قىلىنغان ھەم بىر خىل خەلق تەشكىلاتى سۈپىتىدە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن.

توخسۇن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا سايلانغۇچىلار ئىچىدە ۋاجىت داموللا ئۇيۇشما رەئىسى، ئابلىمىت قاراجى كاتىپ بولدى، ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىرى مەھمۇت قازى، ھامىت داموللا، مۇھەممەت ھاجى داموللا، ئابلا داموللا، مويدىن داموللا، مەروپ ئاخۇن، مىرزام ھاجى، تۆمۈر ھاجى ۋە ھەمدۇل ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بولدى.

ئۇيۇشمىنىڭ ۋەزىپىسى، مەكتەپ ئېچىپ ياش ئۆسمۈرلەرنى ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش، خەلقنىڭ مەدەنىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خەلق ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش نىشانە قىلىنغان ئىدى.

ئۇيۇشمىنىڭ مالىيە - كىرىم مەنبەيى ئاساسەن ئىجتىمائىي مەنبە بولغاچقا، ئاۋۋال كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەدەنىي مائارىپنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەشۋىق - تەرغىب قىلىپ، خەلقنىڭ بۇ ئىشقا بولغان تونۇشىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇيۇشما ئۈچۈن ئىئانە قىلىدىغان، ئۇشۇر زاكاتلىرىنى، تېرە - ئۈچەيلىرىنى (قۇربان ھېيتتا ئۆلتۈرۈلگەن ماللارنىڭ) ئۇيۇشمىغا بېرىدىغان بولدى. بۇنداق ئىجتىمائىي ئاساستا توپلانغان ئىقتىساد خېلى سالماقنى ئىگىلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ راسخوتىنى ھەل قىلىۋالغىلى بولاتتى.

1935 - يىلى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان مارۇلۇڭ (قاسىم ھاجى ئۇيغۇر) نىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئاستىدا، كويۇنيۇ (كوشەنىسىڭ) نىڭ دېڭىدە بىر سىنىپلىق



مەكتەپ ئېچىلدى، شۇ چاغلاردا يەنە بىر سىنىپلىق خەنزۇ مەكتىپى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنى ئىرسا ئوينىڭ دېڭىدە بولدى. خەنزۇچە مەكتەپ «1 - مەكتەپ»، ئۇيغۇرچە مەكتەپ «2 - مەكتەپ» دەپ ئاتالدى. 2 - مەكتەپكە مەدرىستە ئوقۇپ، ئاساسەن خەت تونۇپ بولغان بالىلاردىن قوبۇل قىلىندى. توتەي رايونىدىن مۇھەممەت نەزەرى، ئىمىن خۇدابەردى، ئابلىتىپ روزى، ئىلانلىقتىن ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ئەزىز سايىم، خودۇڭدىن ئابدىۋېلى ئۇشۇر، روزى ئەپەندى قاتارلىق بالىلار قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتۇش باشلاندى. مەكتەپكە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن يۇسۇپجان قارى ئوقۇتقۇچى بولدى، ئابدۇرۇسۇل سەمەت ئۇنىڭغا ياردەمچى مۇئەللىم قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخسۇندا يېڭى مەكتەپنىڭ 2 - قېتىملىق ھاياتى باشلاندى، مەكتەپ ئىشلىرىنى سەمەت شاكيو باشقۇرغاچقا «سەمەرىيە مەكتىپى» دەپمۇ ئاتالدى، بارا - بارا مەكتەپكە كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، ياڭ نىيازنىڭ قورۇسىدا يەنە بىر سىنىپ ئېچىلدى، بۇنىڭغا ئابدۇرۇسۇل سەمەت مەسئۇل بولدى. بۇ سىنىپتا ئابلەق ھوشۇر، خېۋىر تۆمۈر، باھايدىن ھوشۇر، باھايدىن سېتى، جامال كېۋىر، نىجىمىدىن توختى، موللاخۇن يۇسۇپ ئىسمايىل، تىيىپ نازىرى، ئابلىم ئابلا، ساموقجان، ئادىل تاھىرى، ھەيتەم زىياۋدۇن، ھەيتى نەئىم، ئەبەيدۇللا مۇھەممەت باقى، ئابلىمىت خالىق، ئىسمايىل ئايىدىن، ئابدۇشۈكۈر، باھايدىن، جامال غوپۇر، ئەزىز قۇربان، ئابلەق روزى، ھاكىم داۋامەت قاتارلىقلار ئوقۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر - قەلەملىرى ئۈچۈن ھەرقايسى تەبىقىدىكى بايلار، مۆتىۋەرلەر پۇل چىقىرىپ ئىنئام بېرەت-

تى، بەزى چاغلاردا ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئائىلىلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، شېئىر، دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئاتىغانلىرىنى بېرىپ، ئوقۇشقا مەدەت بېرەتتى.

يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر توخسۇن خەلقى ئىچىدە بەسبەس بىلەن يېڭى مەدەنىي - مائارىپ يولىغا قەدەم قويۇش باشلاندى، مائارىپ ئىشلىرى تازا پەللىگە كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، يۇسۇپجان ئەپەندىم ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇلۇپ كېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغۇدەك كىشىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغان ئۇيغۇر ئويۇشمىسى، تۇرپان ئاستانىدا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىشنى ئويلۇشۇپ، تۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش يۇرتىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە تەكلىپمۇ ماقۇل كۆرۈلدى، ئاستانىدا كۇرس ئېچىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەينى زاماندا مەخسۇت مۇھىتى بۇ يەرگە مەكتەپ سالدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، بۇ يەردە نۇرغۇن ياشلارنى تەربىيىلەپ، پەننى بىلىمگە ئىگە قىلغانىدى. دېمەك، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ياشلار نۆۋەتتىكى كۇرسنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى جەزمەن ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالالايتتى، شۇ سەۋەبلىك نۆۋەتتىكى كۇرس ئەنە شۇ پەننى - بىلىم ئۇچىقى بولغان ئاستانىدە ئېچىلدى.

كۇرسنىڭ يېتەكچىسى، تۇرپان ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدىن ھەببۇللا ئەپەندى، ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، دوگامەت ئەپەندىلەر ئىدى. بۇكۇرسقا تۇرپان، پىچان ۋە توخسۇندىن بولۇپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قاتناشتى، كۇرستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېڭى ئىملا قائىدىسى، ھۆسنخەت، لاتىن يېزىقى، ھېسابتىن تۆت ئەمەل، جۇغراپىيە قاتار-



لىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدا چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئەتراپتىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئوقۇغۇچىلارنى نۆۋەت بىلەن ئۆز ئائىلىلىرىگە چىللاپ، ھال سورىغاچ تاماقلاندۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كۇرسقا توخسۇندىن ئابلىتىپ روزى، ئىمىن خۇدابەردى، مۇھەممەت توختىمەت، ئىبراھىم سەمەت، ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ئېزىزسائىمى، ئابدۇۋېلى ھوشۇر، روزى ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى، بۇئوقۇغۇچىلار 7-8 ئاي جەريانىدا خېلى ئىلگىرىلىدى، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغۇدەك مىتوت ۋە بىلىمگە ئىگە بولدى.

كۇرس تامام بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى، توخسۇندىن بارغان ئوقۇغۇچىلارمۇ قايتىپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەيۋاتقان مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى سەپلىنىپ تولۇقلاندى.

ئابلىتىپ روزى بىلەن ئىمىن خۇدابەردى قاتارلىقلار «سەمەرىيە» مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قارسۇدا بىرسىنىپلىق مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا مۇھەممەت ئەپەندى بەلگىلەندى، خودۇڭدا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، ئابدۇۋەلى ھوشۇر بىلەن روزى ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن توخسۇن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئومۇملىشىشقا - تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي تۇتەي يېزىسىدىكى مويىدىن داموللىنىڭ قورۇسىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ تەسىس قىلىن-

دى، شەھەردە بولسا قىزلار مەكتىپى، ئىلانلىقتا خوجىمەت ھاجىنىڭ قوروسىدا رەخمىتوللا ھاجىلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا بىر مەكتەپ قۇرۇلدى.

رەخمىتول ھاجىنىڭ ئوغلى قاسىم، ئاتىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرۇپ، ئىشىك - دەرىزە، پارتا - ئورۇندۇقلارغىچە ئۆزى ياساتىپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا تەقدىم قىلغان ئىدى، خەلق بۇ ئىشتىن بەكمۇ تەسىرلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن قىزلىرىنى يېتىلەپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇردى، بۇ مەكتەپ «4 - قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

توخسۇندا خەنزۇ - خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، خەن - خۇي مەكتىپى بۇرۇنقى ھالىتىدە بولۇۋەردى،

1939 - 1940 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەكتەپلەر ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالدى. شۇ سەۋەبلىك گۇڭشاڭدا ئۇيغۇر - خۇيزۇ مەكتىپى، نەخول مەكتىپى، قاغىچاق مەكتىپى. قاراش ئۇيغۇر مەكتىپى، خۇيزۇ مەكتىپى، ماچىڭ كارىز ئۇيغۇر مەكتىپى، قارا بولاق مەكتىپى، ئەگرى مەكتىپى، كوجەي مەكتىپى، قەسقىر مەكتىپى، ئىلانلىق ھېيتى ھاجى كارىز مەكتىپى، جىدى كارىز مەكتىپى، شوجاڭنىڭ مەكتىپى، ئىلانلىق شاڭخو كارىز مەكتىپى، بورجاي مەكتەپ، جىگدە مەكتەپ قاتارلىق 15 ئورۇندا يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇرۇنقى مەكتەپلەر بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 22 ئورۇندا يېڭى مەكتەپلەر ۋۇجۇتقا كېلىپ، توخسۇننىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. يۇقىرىقى 22 ئورۇندىكى مەكتەپتە 45 سىنىپ بولۇپ، بۇنىڭ 12 سىنىپى ھۆكۈمەت ئۆز تەمىناتى بىلەن باشقۇرغان بولسا، قالغان



33 سىنىپ، ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

ئويۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى 13 نەپەر بولۇپ، يالغۇز سىنىپلىق مەكتەپلەردە مۇدىر بولمايتتى، جەمئىي ئوقۇتقۇچى 45 نەپەر بولۇپ، مۇدىرلار بىلەن جەمئىي 58 نەپەر مائارىپچى ۋۇجۇتقا كەلدى.

ھەر بىر سىنىپتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35 دىن ئوقۇغۇچى ئوقۇغاندا، بۇ مەكتەپلەردە 1575 نەپەر ئوقۇغۇچى بىلىم ئالاتتى. ...

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، ئىشتىن - سىرتقى چوڭلار مەجبۇرى مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، ھەر بىر يېزا - كەنت ئۆز دائىرىسىدىكى ساۋاتسىزلارنى مەكتەپلەرگە ئويۇشتۇرۇپ، مۇسابىقە ئاساستا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، كۆپ ئۆتمەي ناھايىتى نۇرغۇن ساۋاتسىزلار ئۆز ساۋاتلىرىنى چىقىرىۋېلىشتى.

كەچ كۇرسىغا قاتناشقانلار مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش بارلىق قائىدە تۈزۈمگە رىئايە قىلىشاتتى، مەكتەپ قائىدە - تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشتىن تاشقىرى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگىمۇ بىردەك قاتنىشاتتى، شېئىر ئۆگىنىپ، مېڭىش - تۇرۇش قائىدىلىرى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام خاتىرە كۈنلىرىدە رەتلىك تىزىلىپ، داقا - دۇمباق چېلىپ، شېئىر ئوقۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى، ياپون جاھانگىرلىكىگە تەقلىت قىلىنغان قەغەز يولۋاس ھەيكەللەرنى كۆتۈرۈپ، كوچا ئايلىنىپ، شوئار توۋلاپ نامايىش قىلاتتى. نامايىش ئاخىرىدا بولسا ھېلىقى

ھەيكەلگە ئوت يېقىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كىشىلەر ئالدىدا پاش قىلاتتى.

بۇنداق تەنتەنىلىك - داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە يېڭى پەننى - مەدەنىي بىلىملەرگە بولغان ھەۋىسىنى ھەسسىلەپ قوزغىۋېتەتتى.

ئاخشىمى گازۋاي ئاسما پەنەرلەرنىڭ يورۇقىدا ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەر خىل كومېدىيە ۋە ناخشا - ئۇسۇللىرىنى ئويناپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ھەر يىلى 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە ھەر بىر مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مۇسابىقىدە تاللانغانلار ئۈرۈمچىدە بولىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە تاللاپ قاتناشتۇرىلاتتى.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى

ئومۇمەن ئۇيغۇر - مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەدەنىي - مائارىپ ۋە باشقا كەسپىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان، ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى.

1935 - يىلى توخسۇن مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنىپ، 1936 - يىلىغىچە بۇ ئۇيۇشما ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىدى، توخسۇندا مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ كەلگۈسى گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرتلەرنى ھازىرلاپ، خەلققە مەرىپەتنىڭ نۇرلۇق چىرىقىنى يېقىپ بەردى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە،



ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا قايتا سايلام بولۇندى، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە ھەزبۇللا ھاجى سايلاندى، مالىيە بۆلۈمى تەشكىل قىلىنىپ، مويىدىن داموللام مەسئۇل قىلىندى، قالغان ھەيئەتلىرى ئۆزگەرمىدى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە، ھامىدىن غوجى ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن توخسۇنغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ ئورۇنلاشتى، ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇيۇشمىنى رەتكە سالدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر قانچە بۆلۈملەرنى تەسىس قىلدى.

1. مائارىپ بۆلۈمىنى: ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى باشقۇرىدۇ، بۇنىڭغا مۇھەممەت ئەپەندى بۆلۈم باشلىقى بولدى.

2 - مالىيە بۆلۈمى: ئۇيۇشما قارمىقىدىكى پۈتكۈل مالىيە خىزمەتلىرىنى تۇتىدۇ، بۇنىڭغا ئابلىتىپ روزى مەسئۇل بولدى.

3 - سانائىينەپسە: تەشۋىقات - تىياتىر ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، بۇنىڭغا تۇرغۇن دالىمى مەسئۇل بولدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار جانلىق تەشكىل - تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۇيۇشمىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ھەر قايسى بۆلۈملەر ئۆز خىزمەتلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇيۇشما بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلا بولماستىن، بەلكى مەكتەپلەرنىڭ جان تومۇرى بولۇپ قالدى، بۇرۇنقى مەكتەپلەر داۋاملىق كېڭەيدى، قۇدرەت تاپتى، ھەممە جاينى مەرىپەت يالقۇنى قاپلىدى. «دارىلېيتام» تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭغا يېتىم - يېسىر ۋە قارانچۇقسىز باللار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك -

ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، دەپتەر - قەلىمىنى ئۇيۇشما ھەل قىلىپ ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى خاشاگدۇگىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، بۇنىڭ مۇدىرى قۇربان ئابدۇرېھىم، ئوقۇتقۇچىلىرى تۇنجى قېتىم ئابدۇروسۇل سەمەت، 2 - قېتىم سەيدىن ھاپىز، 3 - قېتىم قادىر نىيىم، 4 - قېتىم تۇرغۇن دالىمى بولدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچىكى بىر خىل پورمىدا بولۇپ، بۇ كىيىملەرنى ئۇيۇشما مەبلەغ ئاجرىتىپ تىكتۈرۈپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ بېرەتتى. ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخلىق تاماق بىلەن تەمىنلەشتىن تاشقىرى قىشلىق كۆمۈر، ياتاق، مەش، سوپۇن قاتارلىق نەرسىلەرگىچە ئۇيۇشما ھەل قىلىپ بېرەتتى. بۇ مەكتەپتە بىر مۇدىر، بىر ئوقۇتقۇچى، بىر ئاشپەز، بىر ئوتۇن - سۇ توشۇغۇچى بولۇپ، تۆت شتاتلىق خادىمدىن تەركىب تاپقانىدى.

1938 - يىلىغا كەلگەندە، بازاردا قىزلار مەكتىپى تەسىس قىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ھەرقايسى يېزىلارغا كېڭەيدى، شۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇشى ئومۇملاشتى. قىزلار مەكتىپىنىڭ تەسىس قىلىنىشى خوتۇن - قىزلارنى چۈمپەردىلەردىن ئازاد قىلىۋەتتى، ئارقا - ئارقىدىن قىزلار سىنىپلىرى، قىزلار مەكتەپلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۆز دائىرىسىدە مەجبۇرى مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئەر - ئاياللارنىڭ كەچ - كۇرسلاردا ئوقۇپ ساۋات چىقىرىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە كىرىم مەنبەسىگە كەلسەك، ئۇيۇشما ئۆزىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاردا ساماۋەرخانا ئاچتى، سەنئەت كۇرژۇكلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويدى، ئىئانە توپلاش، ئۆشرە - زاكات يىغىش (1000 دادەندىن ئوشۇق ئاق - قارا ئاشلىق، ئىككى ئۈچ مىڭ جىڭ خۇاسىڭ يىغىلاتتى)، ھەر قۇربان ھېيتلىقى ئۆلتۈرۈلگەن قوي - كالىلارنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى يىغىش بىلەن بۇ ماددىي ئەشيالار سېتىلىپ، ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەيى بولاتتى. كېيىنچىرەك ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ چاغدا توخسۇن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزلىرى يىققان يۇڭ - تېرە، ئۈچەي، خۇاسىڭ قاتارلىق ئەشيالارنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە چاي، گەزمال ۋە باشقا سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ ماگىزىنغا سېلىپ، مەبلەغنى ئوبوروت قىلىپ، ئۇيۇشما ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزدى.

ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيۇشمىدا تۇرسۇن ھاجى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ، ھەر قايسى يەرلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىغا پائال كۆڭۈل بۆلەتتى. توتەي يېزىسىدىن ھەمدۇل ئاخۇنۇم، گۇگشاگدىن مايىت مۇپتى ئاخۇنۇم، ئىلانلىقتىن مۇھەممەت ئەلەم ئاخۇنۇم، خودۇگدىن مەروپ ئاخۇنۇم، بازاردىن ماھمۇت قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق دىنىي زاتلارمۇ بۇ ئۇيۇشمىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر خىل دىنىي سورۇنلاردا ئاممىغا تەشۋىق - تەرغىبات قىلىپ، ئۆشرە - زاكات قاتارلىق ئىجتىمائىي مەبلەغلەرنى يىغىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشاتتى، يىغىلغان بۇ مەبلەغلەرنى توتەي كونا بازاردىكى ھەمدۇل مايىزىن تىزىملاپ، ئۇيۇشما مالىيەسىگە تاپشۇراتتى.

## ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتۈشى ۋە مال باھا ئەھۋالى

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەكتەپلەر ئەڭ ئاۋۋال ھەر قايسى ئۇيۇشمىلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قۇرۇلغانىدى، 1936 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ بەزى مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى باشلاندى.

ئالدى بىلەن بازاردىكى خەنزۇ مەكتىپىنى «1 - مەكتەپ» دەپ نام بېرىپ، ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار مەكتىپىنى «2 - مەكتەپ» دەپ ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئالدى. شۇندىن باشلاپ ھەر يىلى بىر - ئىككى سىنىپلىق مەكتەپنى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى بولۇپ تۇردى.

ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، مەكتەپ راسخودى ۋە باشقا تەنتەربىيە چىقىملىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىپ تۇرۇلدى.

ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار مائاشى ۋە باشقا راسخوتلىرى ئۇيۇشما تەرەپتىن تەمىن ئېتىلىپ تۇردى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى 35 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە بولغانىدى.

1935 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە مال باھاسى بىر قەدەر مۇقىم بولدى (1941 - يىلدىن باشلاپ ئۆزگىرىش بولدى)، شۇ چاغدىكى مال باھاسىدا بىر دادەن قوناق 2.50



يۈەندىن 3 يۈەنگىچە، بۇغداي 5 يۈەندىن 5.50 يۈەنگىچە ئىدى، بىر گەز چىت (سوۋېت رەختى) 0.80 يۈەندىن بىر كويغىچە ئىدى، شەيتان تېرىسى، ياردەن دېگەن رەختلەر بىر يۈەندىن بەش موغىچە ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقلىرى بولسا، ئادەتتە ئېلىۋاتقان مائاشىدىن باشقا يەنە ئۇيۇشما تەرىپىدىن مۇۋاپىق ئىقتىساد ۋە ماددىي بۇيۇم ئاجرىتىپ ھەل قىلىپ بېرىلەتتى.

ناھىيىمىز يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتكۈنچى ناھىيە بولغانلىقتىن، بۇ يەردىن ئۇيان بۇيان ئۆتۈپ تۇرىدىغان كارۋانلار، ئۇلاقچىلار، يېتىمچىلەرنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيتتى، بەختسىزلىككە ئۇچراپ ۋەيران بولغان غېرىپ - مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يول خىراجىتى ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ يولغا سالاتتى، يول ئۈستىدە ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش، ئاغرىقلار بولسا، يېتىملارخانىسىدا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ساقايتىشتەك ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلاتتى.

دېمەك، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يالغۇز مەرىپەت ئىشلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھەل قىلالمىغان ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ كەلدى.

توخسۇن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىمۇ ئۆزىنىڭ تەشكىلاتچىلىق ۋە تەشۋىقاتچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاسارەتلىك ھاياتىنى ئاقارتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى تۇرغۇن دالىمى سانايىنەپىسە تەشكىل قىلدى، تۇرپاندىن رېھىم نىيازقارى، توختى جەبەر، ھۇشۇر ئەپەندى

(ماشى)، ئابدىگايىت قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ كۇرژوكقا قاتناشتۇردى.

توخسۇندىن سۇلايمان ئەپەندى، ئابدۇروسۇل سەمەت، شەھەر ئەتراپىدىكى مۇئەللىملەر ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسىملىرى بۇ ئۆمەككە قاتناشتۇرۇلۇپ، سەپ تولۇقلاندى، سانايىنەپىسە ئۈچۈن 310 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىسكىرىپكا، ماندالىن، تەمبۇر، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى سېتىپ ئېلىپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن «غېرىپ - سەنەم» قاتارلىق درامىلار، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىدىغان كومېدىيىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى قىمار ئويناش، ئەپيۈن ۋە نەشە چەككۈچى بەنگىلەر، ئالدامچىلار، ھەر تۈرلۈك ئەخلاقىي پەزىلەتكە زىت كېلىدىغان ئىشلارنى پاش قىلىدىغان نومۇرلار ئوينىلىپ، خەلق ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتتى.

ئۇ چاغلاردا ئېلېكتر چىرىغى بولمىغاچقا، بىر قانچە ئاسما پەنەر ۋە گازۋاي چىراقلاردىن پايدىلىناتتى، ئويۇن قويىدىغان مەيدانلارغا بولسا كىشىلەرنىڭ كەڭ قورولىرى تاللىناتتى، سۇ سېپىپ تازىلانغان كەڭ قورولار يىراق - يىراقلاردىن ئاتلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە كەلگەن ئەر - ئاياللار توپى بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

خەلق، سانايىنەپىسە ئۆمىكى ئورۇنلىغان تەسىرلىك ئويۇنلارنى كۆرگەندە كۆز ياشلىرىنى تۇتۇپ ئالالمايتتى، زالىملار ۋە مۇشتۇمزورلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى كۆرگەندە مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇجۇرلىتىپ ئورۇنلىرى-



دىن تۇرۇپ كېتەتتى.

دېمەك، سانايىنەپىسە ئۆمىكى ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنلىرى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، پەزىلەتلىك خىسلەت بىلەن تەربىيىلىگەچكە جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. شۇڭا، ئويۇن ئاخىرلاشقاندا مەھەللە - يېزىدىكى يۇرت - چوڭلىرى ئۆز ئاتىغانلىرىنى ئۆمەك ئالدىغا قويۇپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى بىلدۈرۈشەتتى، ھەتتاكى سانايىنەپىسە بىر يېزا خەلقىگە ئويۇن كۆرسىتىپ بولغىچە، ئىككىنچى بىر يېزا ھارۋىلىق كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشەتتى، دېمەك، ئۇلارنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەي ھەر بىر يېزىلاردا ئويۇن قويۇپ، تەشۋىقات قىلىش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئىئانە توپلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بۇنداق سەنئەت شەكلى، تۇرمۇشنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، مەشرەپلەردىكى ئەنئەنىۋى بىر خىل قىزىقچىلىقلاردىن ئالاھىدە بولغاچقا، بۇنداق سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرىدىغان ئادەملەر ئومۇميۈزلۈك ئىدى، قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار بۇ ئويۇنلارنى كۆرمەسە ئارماندا قېلىپ، 2 - قېتىم ئويۇن قويغىچە تاقەتسىزلىنەتتى.

## يۇقىرى سىنىپلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىشى

1937 - يىلى ئەتراپىدا توخسۇن شەھەر سىپىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر ئورۇندا «ئوتتۇرا مەكتەپ» (تولۇقسىز

تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسى يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئىمتىھاندا تاللانغان، ئوقۇش ئىقتىدارى بار بىر بۆلۈم ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتتى.

بۇ مەكتەپكە تۇرسۇن نوروز مۇدىر بولدى، مۇشۇ مەكتەپنى 1 - قېتىم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خېۋىر تۆمۈر، مەسئوت بوساق، ئەبەيدۇللا مەتاقى، لېتىپ كىۋىر، باھاۋدۇن ھۇشۇر، جامال كىۋىر، ھەيتى نەيىم، باقىر غازى، باھاۋدۇن سېتى، ئادىل تاھىرى، ئابلا قۇربان، ھاكىم داۋامەت، ۋاھاپ ئامۇر، رىۋىدۇل ھۇشۇر، ئابدۇراخمان ئايىت قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتە تولۇقسىز سىنىپلارنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇپ، مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن شىنجاڭ سىفەن مەكتىپىگە چىقىپ بىلىم ئالغانلار ئىدى.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلاردىن باشقا خېلى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئالدى، ئۇلار يازلىق تەتىللەردە ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا يۈرۈپ مەدىكارلىق قىلسا، قىشلىق تەتىلدە كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدىكى قارلارنى توشۇپ پۇل تېپىپ، مەكتەپتە ئوقۇش خىراجىتى ھەل قىلاتتى.

كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى شۇنداق ئىشلەش ئارقىلىق، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتى.

يۇرتقا قايتىپ كەلگەن بەزى ئوقۇغۇچىلار، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ سانايىنەپىسەسىگە قاتنىشىپ، خەلقنى ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولاتتى.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا تىنچلىق، مىللەتلەر باراۋەرلىكى



ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خىيانەتچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇشۇپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش پائالىيىتى ھەممىلا يەردە يولغا قويۇلدى.

كەشمىر، ھىندىستان، روسىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقە ئىشلىرى مۇتلەق (ئىچكى ئۆلكىلەردە تېخى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشلار بولۇۋاتقاچقا، بۇ يەرنىڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى) ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.

بولۇپمۇ روسىيىدىن شىنجاڭغا كىيىملىك رەخت، سوكنو - سارجا، ئاياق كىيىمى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق تاۋارلار ئىمپورت قىلىنىپ، شىنجاڭدىن روسىيىگە تېرە، يۇڭ، ئۈچەي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئاشلىق، مايلىق دان، يىپەك قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى شۇنىڭدەك تۈرلۈك كان مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىناتتى.

بۇ سودا ئاساسەن يەككە تىجارەتچىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، بولۇپمۇ روسىيە بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە يېڭىچە مەكتەپلەر تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، ئىختىيارلىقتىن مەجبۇرلىققا ئۆتتى.

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە يەنى ئىدارە خادىملىرى، سودا خادىملىرى. بوغالتىر، كاسىر، پىركازچىك، پىرىيومچىك شۇنداقلا كىچىك - چوڭ كارخانا ماشىنىلىرىنى باشقۇرالايدىغان سانائەت ئىشچىلىرىغا بولغان ئېھتىياج ئاشتى، بۇنداق ئىشلارغا كېرەكلىك ئادەملەرنى باشقا جايلاردىن ئېلىپ

كېلىشكە بولمىغاچقا، مائارىپنى مەجبۇرى مائارىپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئوغۇل قىزلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، مەكتەپلەردە ئېلىپبە، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئىملا، خۇشخەتتىن دەرس، ئەخلاق، تەنتەربىيە ۋە شېئىر ئوقۇلاتتى.

دېمەك، توخسۇندا يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يېڭى مائارىپ ئومۇملىشىپ، ھەشىپەش دېگۈچە پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى، بۇرۇن بار بولغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سەپلەندى، سىنىپلار تولۇقلاندى، يېڭى - يېڭى مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن سېلىنىپ، خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇشقا بولغان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى.

مەكتەپلەردە چېلىنغان دومباق، باراban سادالىرى بىلەن شېئىر ئاۋازلىرى قوشنا مەكتەپلەرنى مۇسابىقىگە چاقىرىپ، پۈتۈن يېزا زىلزىلىگە كېلەتتى، ئۇزاققا بارماي يېزىلاردىكى بەش نوپۇسنىڭ ئۈچىسى ساۋاتلىق بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەي يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى بەلگىلىگەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى چۆرۈپ تاشلىدى.

1942 - يىلى 4 - ئايدا ئاتالمىش «خەلقئارا تۇپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى» نى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈپ، سوۋېت بىلەن بولغان ھەر خىل شەرتنامىلارنى يىرتىپ تاشلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، مۇتەخەسسىسلىرىنى، سودا خادىملىرىنى شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق خىزمەت-



چى خادىملىرىنى قولغا ئالدى، قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالدى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، زىيالىيلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە قامىدى ۋە مەخپىي ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى.

«ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش» باھانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆتۈمۈشلۈك مۆتىۋەر ئادەملەر، بايلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى بولسا تاغارلارغا سولاپ تىرىك كۆمۈۋەتتى، شۇ نۆۋەتتە توخسۇندىن تۇتۇپ كېتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر سەمەت شاڭيو، سوپى شاڭزوڭ، ھىدايى... قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر 130 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق تېرورلۇق تارىخىي ۋەقە بولدى.

ئەمدىگىنە ئەمىنلىك تېپىپ، تىنچ ھاياتقا يۈزلەنگەن شىنجاڭ خەلقى يەنە بىر قېتىم ئەنسىزلىك، پاراكەندىچىلىك ئىسكەنجىسى ئىچىدە قالدى ... بۇنداق ھالەت شىنجاڭ خەلقىنى قاتتىق غەزەپ نەپرەتكە چۆمدۈردى، توخسۇن خەلقىمۇ بۇ ئىشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئەلۋەتتە. شېڭ شىسەي قىلمىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ، بۇلاپ تالىغان ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۆچەكتىن قېچىپ كەتتى. قەيەردە ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، شۇڭلاشقا شىنجاڭ خەلقى پومېشچىك كاپىتالىستلار مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ جاھالەتلىك سىياسىتىگە چىدىماي، ئۆزلىرىنىڭ

ھاياتىنى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1944 - يىلى 8 - ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئازادلىق ئىنقىلابىنى باشلىدى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى.

دېمەك، ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن گۈللەنگەن مەدەنىي - مائارىپنىڭ چىرىقى قايتا ئۆچتى، نۇرغۇنلىغان مائارىپچىلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىزمەت ئورۇنلىرىنى تاشلاپ، باشقا ياقلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن مائارىپچىلار قۇمۇل، ماناس، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېتىشتى.

ئۈرۈمچىدە 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئادىل تاھىرى، ھەيتى نەئىم، باقىرغازى. باھايىدىن ھۇشۇر قاتارلىقلار شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ توخسۇنغا قايتىپ كېلىپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتى.

1944 - يىلى 10 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىن تەختكە چىقىپ، بۇرۇنقى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ساۋاتسىزلار ئىتائەتچان قۇللاردىن ھېسابلىناتتى، مەكتەپلەرگە ئاجراتقان مالىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى شىڭ شىسەي چۆنتىكىگە سالغان بولسا، قالغان - قاتقىنى ۋۇ جۇڭشىننىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ، كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل چىقىرىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلدى.

پۇل پاخاللىقى بىلەن بازارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قاتتىق زەربە بولدى،



بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشىنى ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن يېرىم كۈن ۋاقىت سەرىپ بولاتتى، بىر ئايلىق مائاش بىر كۆتۈرمە قەغەز پۇلدىن ئىبارەت ئىدى.

لېكىن، بۇ پۇلنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئىشلەتكەي دېسە بىر نەرسە كەلمەيتتى، بۇ گۈنى تۆت توپ رەخت ئالغىلى بولىدىغان پۇلغا، ئەتىسى ئاران بىر توپ رەخت ئالغىلى بولاتتى. 100 تاختا چاينى ئىككى ئايلىق مۇددەت بىلەن ئالسا، مۇددىتى توشقاندا 10 تاختا چاينىڭ پۇلىنى تۆلەپلا تۈگەتكىلى بولۇپ قالاتتى. يۇقىرىقىدەك پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ئالىدىغان مائاشلىرى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي ياغاچچىلىق، موزدۇزچىلىق، سەيپۇڭچىلىق ھەتتا سەتراشچىلىق ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرگەن بولسا، ھەتتا بەزىلەر دىرىكلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. توخسۇندا 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ پۇلى بىر دوللار بىر ئاق كوي (كۈمۈش) بولۇپ، قىممىتى ئوخشاش ئىدى. بىر دادەن بۇغداي 13 ئاق كوي، بىر دادەن قوناق ئالتە يەتتە ئاق كوي ھېسابىدا بولدى، شىنجاڭ پۇلىنىڭ 1000 دوللىرى گومىنداڭ پۇلىنىڭ 35 تۈمەنگە تەڭ ئىدى.

دېمەك، بۇنداق تەڭسىز ئالامەتلەر شىنجاڭ خەلقىنى بولۇپمۇ مائارىپچىلارنى قاتتىق تەھدىت ئاستىغا ئالدى، كۆپ ساندىكى مائارىپچىلار كەسپىنى تاشلىدى، ئاز ساندىكىلەر مائارىپ سېپىدە قالدى. شۇ سەۋەبتىن مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان پەننىي دەرسنىڭ سالمىقى ئورنىغا دىن دەرسلىرى ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىدى.

بولۇپمۇ، گومىنداڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردە «شەنداڭبۇ»

لارنى قۇرۇپ ياشلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشقا قىستىدى، ئەزا بولۇشنى خالىمىغانلارنى «كوممۇنىستلار»، «گۇمانلىق ئۇنسۇرلار»، «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ شېرىكلىرى» دېگەن بەدناملار بىلەن قولغا ئېلىپ قىيىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتقا بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇچىلار ئەزا بولۇپ كىردى.

يەنە بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇچىلار بولسا، «سەنمىنجۇيى» تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، ياشلار تەشكىلاتى بىلەن سۈركەشتى، گومىنداڭ ئۈچۈن تايانچ بولدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى شەرىپىگە ھاياتلىرىغا كېپىللىك قىلىپ ئارزۇلاپ ئىشلەتتى. گومىنداڭ، ئىنقىلابچىل ياشلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، تاغقا چىقىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى قىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن گومىنداڭ، توقسۇن زىيالىيلىرىدىن لىتىپ كىۋىر، ھامىدىن غوجى، ئەبەيدۇللا مەتاقى، ئادىل تاھىرى، ھەيتى نەئىم، پىدايى ئاخۇن، مەھمۇت ھۇشۇر، ئابدۇۋېلى ھۇشۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى، بۇلاردىن لىتىپ كىۋىر، ھامىدىن غوجى ۋە ئابدۇۋېلى ھۇشۇرلارنى قالدۇرۇپ، قالغان بەش نەپەر زىيالىينى توقسۇننىڭ شىمالىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، چوڭقۇر كارىز قۇدۇقلىرىغا تاشلىۋەتتى.

ئىلانلىق تەۋەسىدىن جامال غوپۇر باشلىق ئالتە نەپەر ياشنى تۇتۇپ، قىيناپ، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ كارىزغا تاشلىۋەتتى.

قىيۇم شاڭجاڭ، ئابدۇرېھىم شوجاڭ قاتارلىقلارنى سايـ



ـغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، كارىزغا تاشلىۋەتتى.

زوھوردىن بىلەن غوپۇر سېيتىمنى يۈكۈنىڭ سامانلىقىغا تىرىك كۆمۈپ تاشلىدى.

دېمەك (يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي جەريانى قايتا يېزىلىدۇ)، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى، گومىنداڭ تەرەپنىڭ 11 بىتىمنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى بولۇپ، بۇنداق فاشىستىك ھەرىكەت نەتىجىسىدە نۇرغۇن ياشلار يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسانلىق، سەرگەردانلىق تۇرمۇش يولىغا كىرىپ كەتتى. نەتىجىدە مائارىپ ئىشلىرى يۇقىرىقىدەك زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ، ۋەيران بولۇپ كەتتى.

گومىنداڭنىڭ ھەر تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساقلىرى كۆپىيىپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق قوشۇن ئۈچۈن ئوتۇن، ئوت ـ سامان، بوغۇز توشۇپ ئۇلگۈرتۈش؛ پوتەي، ھەربىي ئىستىھكاملىرى ئۈچۈن ئات ـ ھارۋا چىقىرىپ ئىشلەشتەك مەجبۇرىي ئەمگەكلەر ئېغىرلىشىپ، خەلقنى قاتتىق ھالسىرىتىۋەتتى.

شۇ كۈنلەردە ھەر تۈرلۈك ئېغىر ـ يېنىك پىلموتلار شەھەر سېپىلى ئۈستىدە تىكلىنىپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى بىگۇنا ئاھالىلار ۋە خەلق تەرەپلىرىگە قارىتىلغان ئىدى، ھەر بىر پوس ئورۇنلىرىدا تۆتتىن سەككىزگىچە تاپانچا، مىلتىق، قىلىچ، گىرانات ۋە ئوق خالتىلىرى بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ جاللاتلىرى تەييار بولۇپ تۇراتتى، شەھەر ئىچىگە كىرىپ قالغان ياكى بازاردىن ئۇيان ـ بۇيان

ئۆتكەن، سەللا گۇمانلىق دەپ تونۇغان ئادەملەرنى تۇتۇپ كىرىپ كېتىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرەتتى، ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئالاتتى.

ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، گومىنداڭ ھاشىرىغا تۇتۇۋالغانلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئاتلىق - ئېشەكلىك ياكى ھارۋىلىق شەھەر ئىچىگە كىرىشىگە، ھەتتا ئۇلاقلارغا مىنىپ پوستا تۇرغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىگە قەتئىي يول قويمايتتى.

ئاخشىمى سائەت 12 دىن ئاشقاندا ماڭغان ھەرقانداق ئادەمنى تۇتۇپ كېتەتتى، قىسقىسى توخسۇننىڭ شو كۈنلەردىكى ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىرلاشقان بولۇپ، خەلق قىل ئۈستىدە ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى، خەلقنىڭ تەقدىرى مانا شۇنداق تىمتاسلىق ئىچىدە قالدى.

ئالۋان كەلدى ئالامەت، ئۇمىنى تولا ئورۇپ،
چېكىشۋەردۇق نادامەت. بەللەر مۈكچۈيۈپ كەتتى.
كېچىككىنە يەر ئۈچۈن، ئالۋاڭنى تۆلىيەلمەستىن،
بىزگە بولدى قىيامەت. قېنىمىز ئېقىپ كەتتى.

شاڭيو - لوزۇڭ ھەم خاڭتو،
يېيىشى پولو - مانتۇ،
ھەي ئەمەلدار بۇ يۇرتتا،
بىز تۇرالىلى يا سەنتۇ.

توخسۇن خەلقى ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى، ئۆزلىرىنىڭ قانچە ئونلىغان ئېزىز پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلدى، خەلقنىڭ دەردىگە



ھېچكىم يەتمىدى، نالىزارنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئاخىرى خەلقنىڭ بەختىگە يارىشا شەرقتىن كۈن چىقتى، ئوق - دورا ھىدى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار يوقالدى، بەقەتلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى جۇڭگو خەلق ئارمىيىسىلا توخسۇن خەلقىنى شاد - بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى.

مىنى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن، قاسىم رەخمەتۇللا ھاجى، ئابلىتىپ روزى، نىجمىدىن توختى (يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىدە)، ھاكىم داۋامەت، ئابامىسلىم ئاكا، ساتتارخان غوجەخمەت. باقىر غازى، قېيۇم راخمان قاتارلىق يولداشلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

(1922 - يىلىدىن 1933 - يىلىغا قەدەر)

نەسىردىن ناسىرى

ئىلى جۇملىدىن غۇلجا شەھىرى، تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر قەدىمىي جاي. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كونا ھاكىمىيەتلەر ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەچكە خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن ئىدى. شەھەر تازىلىقىمۇ ناچار، سېسىقچىلىق بولۇپ، ئەتىيازلىقى پاتقاقچىلىقتا ئايلىنىپ كېتەتتى، شۇڭا كېسەللىك ۋە ئۆلۈم-يېتىممۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مۇكەممەلرەك دوختۇرخانىمۇ يوق بولۇپ، غۇلجا توپىدەك يولدا بىر فەرەڭ (فرانسىيە) دوختۇرخانىسى، ھازىرقى خەلق كىنوخانىسى ئورنىدا بىر دورىخانا بار ئىدى. فەرەڭ دوختۇرخانىسى بىر تەرەپتىن ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابچىلارنى بېسىپ تارقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋازسىز كىنولارنى قويۇپ، شەھۋانىلىقنى تەشۋىق قىلاتتى. شەھەر ئىچىدىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا ئەپيۇن پىششىقلاپ ئىشلىنىپ كوچىدا ئاشكارا سېتىلاتتى، ئەپيۇنكەش، نەشىخورلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇنداق ئىشلار بىلەن ھۆكۈمەت



ئورۇنلىرىنىڭ كارى بولمايتتى، يامۇل ئىچىدىكى لوزۇڭ، بەگلەرمۇ ئەپيۇن چېكىشەتتى. بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان ئىكەن:

بۇ پەلەكنىڭ ئاستىدا داڭ دېگەن جاي بار ئىكەن،
ئېتى ئانىڭ ئىلىغو، كوچىلىرى تار ئىكەن.
يېڭى كەلگەن ئادەملەر يۈرسە گەر بازار كېزىپ،
كوچىنىڭ بىزەپلىكى، پاتقاق چېچىپ تۇرار ئىكەن.
كوچىنىڭ ئىپلاسلىقىدىن يەتسە چوڭ بەزگەك كېسەل،
دەردىگە دەرمان تاپالماي، نەچچە ئاي بىمار ئىكەن.

1911 - يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بىر ئاز ئەھمىيەت بەرگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى شەنگەن يامۇلىدا بىر شۆتاڭ ئېچىلدى، كۈرەدە بىر شۆتاڭ ئېچىلىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. بۇلار خەنزۇچە ئوقۇدى، بۇ شۆتاڭغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا يۇرت - يۇرتقا سېلىق سېلىناتتى، ئوقۇغۇچى سانى جايلارغا تەقسىم قىلىنغاندا، پۇلى بارلار كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ياللاپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. غۇلجا شەھىرىدە ھۆكۈمەت تونۇيدىغان ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئوتتۇرا مەكتەپكە بالا ئەۋەتىشنى سورىسا، بالىلىرىنى ئەۋەتىپ بەرمەي، ئۆزىمىزنىڭ شەھىرىدە «ئۇسۇل قەدىم» ئوقۇيدۇ، دەيتتى. مەكتەپ خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار مائاشى ئوقۇغۇچىلاردىن تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق يىغىپ ئېلىناتتى.

غۇلجا شەھرىدە، دەسلەپتە، 1909 - يىلى موسابايوفلار ئائىلىسى (ھۈسەنباي) قۇرغان ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ يېنىدا زاۋۇت ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى سىرتتىن تەكلىپ قىلىنىدى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىرى خېلى زور بولۇپ، بۇنىڭدا تەربىيىلەنگەن بىر قىسىم ئىشچىلار، تېخنىك ۋە ھېسابات خادىملىرى كېيىن قۇرۇلغان غەلى ئەخمەت سەددى (تاتار) نىڭ تىيانشان تېرە زاۋۇتى، بابا شوۋنىڭ تېرە زاۋۇتى، تۇراخۇن، موللا ھاجى، ۋاك بىگخىك قاتارلىقلارنىڭ زاۋۇتلىرىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئىلىنىڭ سانائەت ۋە سودا تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن يەرلىك باي ئەمەلدارلاردىمۇ قىسمەن ئويغىنىش بولدى، نەتىجىدە مەرىپەتپەرۋەر بەزى كىشىلەر، ئويغانغان سودا - سانائەتچىلەر ئۆز بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى ئىچىدىكى بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك بولغانلىرىنى تاللاپ، تۈركىيە ، ئىستانبۇل، مىسىر، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ئوقۇتۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن: شۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئىگەللەپ كەلگەنلەردىن مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىيىق ھاجى، ئابدۇللا ئەپەندى، سابىت موسابايوف، مەجىت موسابايوف، جاۋدىق موسابايوف، ئابلەھەت موسابايوف قاتارلىقلار بار ئىدى.

مىجىت ئەپەندى ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى ھەم باغ ۋورا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىق ھاجى قاتارلىقلار ئىلى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىلىم - بىلىم دەرنەك مەك-



تىپى ئېچىپ، شەھەردىكى بالىلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يىغىپ پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپ ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نىزام ئەبىرى، ئابدۇكېرىم ھاجى قاتارلىقلار بۇ مەكتەپنى ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىغۇچىلار ئىدى. بۇ ئويغىنىش ھەققىدە شۇ چاغدا مۇنداق بىر شېئىر يېزىلغانىدى:

ئوقۇش، بار ئادەملەرگە خۇدانىڭ بۇيرۇغان پەرزى،
بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلماق ھەممە ئەھلىنىڭ قەرزى.
جەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ياپون، يونانچە ئۆگەنمەك،
مۇھىمدۇر تىل يازۇسى، ھۈنەرى ئىلمىنى بىز بىلمەك.

بۇ چاغدا يەنە غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان چەت ئەللىك، رۇس، تاتارلارمۇ ئۆز ئۆيلىرىدە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، رۇسچە ئوقۇتتى، يالغۇز نوۋىگورد مەھەللىسىنىڭ ئۆزىدىلا خۇسۇسىي مەكتەپلەر ئالتىدىن ئاشقانىدى. ھەر بىرىدە 15 تىن ئارتۇق بالا ئوقۇيتتى. ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق ئوقۇتۇپ چىقىراتتى، ئوقۇش راسخوتىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۆلەيتتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىرى شەھەردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى ياكى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلاتتى. بەزىلىرى بولسا موسابايوف، باباشوۋ، سابىرھاجىيوۋ قاتارلىق چوڭ سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا، چېگرامال ئالماشتۇرۇش پونكىتلىرىدا ۋە چەت ئەللەردىكى سودا ۋاكالەتخانىلاردا ئىشلەيتتى. مەسىلەن: بۇلاردىن غاپپار پالتايوف، ھەسەنىم پالتايوف، ئابدۇللا لوندۇن، ھەسەن شاگخەي، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مەسئود ھاجىم قاتارلىقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشھۇر بىلىم ئىگىلىرى، سودا-

سانائەتنىڭ ماھىر يېتەكچىلىرى ۋە يېڭى ئىلىم - مەرىپەت تارقاتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، كونا جەمئىيەتتە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ قەدرى - قىممىتى يوق دېگۈدەك ئىدى، ئۇلارغا مۇتەئەسسىپ كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلاتتى:

بىلىم ئەھلى مەرىپەت بايان قىلسا،
مەدەنىيەتنىڭ سۆزىنى ئايان قىلسا.

مۇتەئەسسىپ جاھىللار تالايدۇ ئۇنى،
شامالغا ياكى بىكارغا ئۆتمەيدۇ سۆزى.

غۇلجا شەھىرىدە شۇ چاغدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مەرۇپ سەئىدى (مەرۇپ ئەپەندى) دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىدى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا سوۋېت تۇپرىقىدىكى تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر زىيالىيلار بىلەن كۆپلەپ ئۇچراشقان، ئېلىنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش نىيىتى بىلەن شەھەر ئىچىدە بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خىلۋەت بىر كىچىك يېزىسى - نوغايتۇغا چىقىپ بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇشقا باشلىغان. شۇ چاغلاردا بۇ مەكتەپكە شەھەردىن چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بولغان. شەھەردىن چىقىپ ئوقۇغانلاردىن: ئابدۇكېرىم تۇردى، نىجات نىيازى قاتارلىقلار؛ نوغايتۇ يېزىسىدىن ئوقۇغانلار: ئۆمەر خاڭجاڭ، سابىر ئەلا، ئېلى ئەكبەر، ئايۇپ ئەپەندى، ئىبراھىم باراتوپ قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلى مائارىپ ساھەسىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى-



دىن بولۇپ قالدى.

مەرۇپ ئەپەندى 1931 - يىلى غۇلجىغا كىرىپ، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن مۇھەممەد ئېلى ئاقساقال، شېرىپ قارى، ھۈسەيىن بەگ، نامەن ئاخۇن، نىزام ئەپەندى ۋە غوپۇر دەپتەرچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئۆچەدەرۋازا مەسچىتى يېنىدا بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، تەنتەربىيە، ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغانىدى. مەكتەپ مۇئەللىملىكىنى مەرۇپ سەئىدى، شېرىپ قارىلار ئۆزى ئۆتكەن، ھۈسەيىن بەگ مەتبەئەچى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش قوراللىرى بىلەن ماددىي تەمىناتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەمىنلەپ تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆچەدەرۋازا خەلقى ۋە سىدىق شاكىيو، مىرزاھىت دېگەن كىشىلەرمۇ مەكتەپنى پارتا، دوسكا، رېمونت، ئوقۇتقۇچىلار تەمىناتى جەھەتتىن قوللاپ، يۆلەپ-چۆلەپ، مەكتەپ تېز راۋاجلىنىپ، ئوقۇغۇچىسى 250 دىن ئاشقان ھەم غۇلجىدىكى ئۆزبېك مەكتەپ، تاتار مەكتەپ قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ، كېيىن ئۆچەدەرۋازا مەكتەپتىن ئۈمىد مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ھۈسەيىن بەگ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايدىن قايتىش سەپىرىدە، يولدا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقاندىن كېيىن، بۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەكتەپ نامى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاساسى شۇ ئىدى.

مەرۇپ سەئىدى شىنجاڭ گېزىتىگە يۆتكەپ كېتىلىپ، تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئىز - دېرەكسىز يوقى-

لىپ كەتتى.

شەھەر ئىچىدە يەنە بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ غەرب تەرىپىگە بېشىر ھاجى باي بىر مەكتەپ سېلىپ، مەسۇم ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئاستانى (مۇئەللىمە) تەكلىپ قىلىپ قىزلار مەكتىپى ئاچتى. 1930 - يىللىرى مەن ئوقۇپ يۈرگەندە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 80 دىن كۆپرەك بولۇپ، بىر قىسىم ئوغۇل ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا يەنە ھەرەمباغدىكى داموللا رازىيوف دېگەن كىشىمۇ، مۇتەئەسسىپ كوچىلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي 20 دىن ئارتۇق بالىنى يىغىپ، بىر پەننىي مەكتەپ ئاچقانىدى. ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار 10 سىنىپلىق مۇنتىزىم مەكتەپكە ئايلانغانىدى.

شەھەردە يەنە ئارقا - ئارقىدىن كىچىك كۆلەمدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولۇپ، پەننىي ۋە دىنىي دەرسلەر قوشۇپ ئوقۇتۇلاتتى. ئىلى بەيتۇللادا 200 دىن ئارتۇق تالىپلار قارىلاردىن تەلىم ئالاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا مەدرىسىدە مۇددەرىس بولغانلار بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن نادىرخان داموللام، ئىمىر داموللام، نىزامىدىن ئەلەم قاتارلىقلاردىن باشقا سوۋېت چەلەكتە ئوقۇپ كەلگەنلەردىن سىيىت ئاخۇن، ئىبراھىم خەلپەت، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسىپ ئاخۇن، سادىق قارى ھاجى، ئىمىر داموللام قاتارلىق كىشىلەر مىسىر ئەزھەر داشۆسىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، يەنى پەننىي بىلىم بىلەن دىنىي بىلىملەرنى بىرلىكتە ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئاسىم ئاخۇن دېگەن كىشى كاتتا ئۆلىما بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىت-



لاردا نەزەر غوجا، قاسىم قىسمىتى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلار بىلەن بىرلىشىپ، مەتبۇئات يۈزىدە ماقالىلار ئېلان قىلىش بىلەن بىللە خەلقنى ئويغىتىشتا ئۈندىگەنىدى. بۇلار يەنە پەلسەپە، تارىخ، ئاسترونومىيە، يىلنامە، گۈزەل سەنئەت، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش جەھەتلەردىمۇ مۇنازىرە ئېلىپ باراتتى. شۇڭا مەدرىسىدىكى تالىپلار - ئوقۇغۇچىلار ئۇسۇل قەدىم بىلەن دىنىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئاشۇ ئۆلىمالارنىڭ تەسىرىدە پەننىي بىلىملەر بىلەنمۇ شۇغۇللاندى ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا ئىنتىلدى. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىن ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا چىققانلاردىن مەسۇم ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، سابىت ئەپەندى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار پەننىي بىلىم ئىگىلىرىدىن بولۇپ كەلدى ۋە ياڭ زىڭشىڭنىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش چىرىك سىياسىتىگە تاقابىل تۇردى، دەرنەك سىنىپلار ئاچتى. بۇ سىنىپلارغا چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن تۇرغۇت ئەپەندى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلدى. تەنتەربىيە، سەنئەت، رەسىم، خۇشخەت قاتارلىق دەرس تۈرلىرىمۇ كۆپەيتىلىشكە باشلىدى. خەتتات سادىق قارى ھاجىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا مەخسۇم تالىپلارغا ئۆز ئۆيىدە (تۆپە بازاردا) خۇشخەت - خەتتاتلىقنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىيىپزات خەلپەت، چوڭ پاشا غوجا، ئاخۇنلۇق، تۇردى قادىرى، ئۆمەر سابىرى قاتارلىقلار چىرايلىق خەت يازىدىغان خەتتاتلاردىن بولۇپ قالدى. نەتىجىدە تىيىپزات خەلپىتىم ئىلى تارىخى تەزكىرىسىنى، چوڭ پاشاغوجام سادىر پالۋان، قۇمۇل ۋاڭ - غو-

جامالار تارىخى ۋە ئىلىدىكى گۈلشەنباغ قاتارلىق تۆت باغ تارىخىنى يېزىپ چىققان، ئاخىرلىق بولسا، قۇرئان كېرىمىنىڭ ئەڭ كىچىك نۇسخىسىنى قولىيازما شەكلىدە ئۈچ نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ قولىيازمىسىنى باسما خەتتىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى. تۇردى قادىرى ئىلىدىكى مەشھۇر بايلار، مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسىنى يازغانىدى. لېكىن بۇ قولىيازمىلارنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يازغانلىرى مەتبۇئاتتا بېسىلىۋاتىدۇ.

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئەپەندىلىرىمىز ياكى دىنىي ئۆلىمالىرىمىز بولسۇن خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بەزى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ، ياش ئوغۇل - قىزلىرىمىزنىڭ يېڭىچە ئۆگىنىش، ناخشا ئېيتىش، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشتەك يېڭىلىق ئىشلىرىغا قارشى چىققان. مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر يەنە: «جەدىتچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۇسۇل قەدىم (دىنىي) ئوقۇشىمىزغا زىيان سالدى، تالىپلار دىنىنى تاشلاپ، جەدىتچىلەرگە ئەگىشىپ كەتتى»، دېيىشىپ مەسۇم ئەپەندىنى دەرنەكنى يېپىشقا قىستىدى. مەسۇم ئەپەندى يۇرت مۆتىۋەرى ھەم پاراسەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەرىپەت ساھەسىدىكى مەسلىكىدىن يانمىدى، بەلكى خەلققە، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەدەنىيەت لازىملىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپلىگەن ئىلغار زات ۋە ئۆلىمالار مەسۇم ئەپەندىنى قوللاشتى. شۇڭا دەرنەك مەكتەپ ئۇزۇنچە مەۋجۇت بولۇپ، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيە-



لىدى. شۇ چاغدا ئىسمايىل خەلپەت بۇ مەكتەپ ھەققىدە بۇنداق بىر غەزەل ئوقۇپ يۈرگەنىدى:

بۇ مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۈل، ئەترە، رەيھان،
ئىلى شەھىرىنى خۇشبۇي ھىدى قىلدى خاسىيەتلىك دەۋران.

30 - يىللىرى بولسا كېرەك، ئادىلبەگنىڭ تاسادىپىي ئۆلگەنلىكىنى ئابدۇراخمان ئەپەندى باشلىق كىشىلەردىن كۆرۈپ، بۇ مەكتەپنى («دەرنەك» نى) ياپتۇرۇۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ دەرنەك مەكتەپتە بىلىم ئالغان ھاشىر زاقى، ھاشىر ئىمىن، مەمتىمىن ئۆمەر خەلپەتلەر بەيتۇللانىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىنادا ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، بۇ مەكتەپ تاكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىگە قەدەر داۋاملىق ئوقۇش ئېلىپ باردى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بۇ ئۈچ نەپەر ئەپەندى مەدرىسىدىكى ئىككى قېتىملىق چاڭ شىخۇي (مۇئەللىم تەربىيىلەش) كۇرسىغا ئوقۇتقۇچى بولدى ھەم ئىلى مەكتەپىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن شائىر موللا بىلالنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسىسى بىلەن «غازات دەرمۇلك چىن» داستانى خەلق ئىچىدە غايەت زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇتۇلاتتى. ئەنە شۇنداق داستان، غەزەل ۋە تارىخىي قىسسىلەرنى ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ بىرى قازانچىلىق ناسۇھادامۇللام ئىدى. ئۇ، مىسىرغا چىقىپ ئوقۇپ، ئىلىم ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قازانچىدىكى كىچىك مەسچىتتە

(ئەلا باي مەسچىتىدە) خاتىپلىق قىلدى. ھەر جۈمە نامىزىدا مەدەنىي - مائارىپ، مەرىپەت ھەققىدە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە مەسچىت يېنىدا بىر مەكتەپ ئاچتى. ئۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 100 دىن ئارتۇق ئىدى. لېكىن ناسۇھا دامولام بۇ مەكتەپنى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر «ناسۇھا دامولla ئۇسۇل جەدىت ھەم مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندىلەرنىڭ تەرەپدارلىرىدىن ئىكەن»، دەپ پىتنە قىلىشىپ، ئۇ، قۇتپىدە ۋائىزلىق قىلىۋاتقاندا: «ئاياللارنى تالاغا چىقىرىپ نېمە قىلماقچىسەن؟ شەرىئەتنى چەتنىدىڭ»، دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، خاتىپلىقتىن توختىتىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەقىپ ئاستىدا قېلىپ، مەكتەپنىمۇ يېپىشقا، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ:

جاپا جەۋرىنى كۆردۈم، ۋاپاسىنى كۆرمىدىم ئەسلا،
ۋاپا ئىزلەپ بۇرادەرلەر كۆپتارى جاپا بولدۇم.

ناسۇھا ھەسرەت ئېيتىپ، يىغلىساڭ مىڭ يىل ئەگەر،
ئاقىۋەت ئۆلمەك ئېرۇر ئىلاجىنى قىلمىدىم.

دەپ ھەسرەت چەككەنىدى. خەلقنى ئويغىتىش يولىدا يىراق يېزا - قىشلاقلاردا جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن بۇ مەرىپەتپەرۋەر، خەلقسۆيەر ئالىم يۇرتىدىن ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بىلەن ئىلاجىسىز ئايرىلدى، چەت ئەللەردە قەۋرىسى قالدى ........



ناسۇھادامولىنىڭ شاگىرتلىرىدىن تۆرەم مەھەللىسىدىكى چولاق قارى خەلپەت، قازانچىلىق ئاسىم ئاخۇن، ئىشان قارىم، ناغرىچىدىكى ئەسقەر قارىم، تاجىباي مەھەللىسىدىكى ئابدۇھوتا ئالىي خەلپەم، دۆڭ مەھەللىدىكى باسىت خەلپىتىم، نوۋگورودتىكى تاتار دامولام قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ياكى مەسچىت يېنىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئاز بولغاندا 30 دىن، كۆپ بولغانلىرى 80 دىن بالا ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى. بۇلار دەسلەپتە ئۇسۇل قەدىم بىلەن بالا ئوقۇتقاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپبە يادلىتىش، خەتنى ئۇستىخان تاغاققا يېزىپ بېرىش، ھېسابتا ئەبجەت ئوقۇتۇش، كېيىنكىسى ئولتۇرۇپ ئوقۇتۇش، ئۇزۇن تاياق بىلەن تەن جازاسى بېرىش، پەيشەنبىلىك يىغىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مەشغۇلات بولاتتى. ناسۇھادامولامدىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، دوسكىغا بور بىلەن خەت يېزىش، ئېلىپبەنى دەپتەرگە يازدۇرۇپ مەشق قىلدۇرۇش، ئەرەبچە، رۇسچە سانلارنى 10 گىچە پىششىق مەشق قىلدۇرۇش، پارتا، دوسكىلارنى قوللىنىش، خەلقتىن ئىختىيارى پۇل توپلاش، ئاتىلار ھەيئىتى قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خۇشخەت، ھېساب، جۇغراپىيە، ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، بالىلارنى يېڭىچە پەننىي ئىلىم بويىچە ئوقۇتۇشقا باشلىدى.

ناسۇھا دامولام مەكتەپنى يېپىپ، سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپلەر مەرۇپ سەئىدى ئاچقان ئۈچ دەرۋازا مەكتەپ، دامولla رازىيوف ئاچقان ھەيرانباغ مەكتەپ، مەدرىسىدىكى بېشىر ھاجىم سالغان مەكتەپ، قىزلار مەكتەپ قاتارلىق بىلىم ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ

باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپلەرنى ئاچقانلار ۋە قوللىغۇچىلار شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارغا تېگەلمىدى. ھەرەمباغدىكى مەكتەپ بىلەن ئۈچدەرۋازا مەكتەپنى سىدىق شاڭيو، مەھەممەت ئېلى ئاقساقال، ھۆسىيىن بەگ، شېرىپ قارى، يۈسۈپ فۇماش قاتارلىق نوپۇزلۇق كىشىلەر قوللىغان بولسا، مەدرىسىدىكى قىزلار مەكتەپنى ھاكىم بەگ غوجا، مەسۇم ئەپەندىلەر قوللىغانىدى.

20 ـ، 30 ـ يىللاردىكى غۇلجا مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ئاستا ـ ئاستا راۋاجلىنىپ باردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە ھەر مىللەت مەرىپەتچىلىرىنىڭ بۇ ئۈچمەس تۆھپىلىرى، جاپالىق ئەمگەكلىرى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى.



# مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجىم ھەققىدە

## ئەسلىمە

شېرىپ خۇشتار

داۋاز ھاشىم ھاجىم 1868 ـ يىلى خوتەن قارىقاشنىڭ ئانايىبېشى يېزىسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكار ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ دىنى ساۋاتىغا ئىگە بولغان. ھاشىم ھاجىمنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇن خوتەن ۋىلايىتى، بولۇپمۇ قاراقاش تەۋەسىدە ئاتاقلىق سازەندە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان، كۆپلىگەن يەرلىك تارىخى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ، سەنئەت خۇمار ئۇيغۇر خەلقى، ئۆز سەنئىتىنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ھەرخىل ئولتۇرۇش ۋە سورۇنلۇق مەشرەپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەردە ـ يەنى، نورۇز سەيلىسى، چىللىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى (ئوغلاق ئويۇنى)، ئۆرۈك سەيلىسى، باغ سەيلىسى، يەرمەنكە، چىغىرىق سەيلىسى، ۋە ھەر يىلى بىر قېتىم بولىدىغان قىزىلگۈل سەيلىسى؛ ئۇندىن باشقا بەزمە، باراۋەت، چايخانا (ساماۋەر) ئولتۇرۇشى قاتارلىق سورۇنلاردا، ئۇ، كۆپلىگەن ئاتاقلىق ئىشقىۋاز سازەندە، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلار بىلەن

بىللە بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى.

هاشىم هاجى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق چوڭ سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، ساز ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلايدۇ هەم ئائىلىسىدە دادىسىدىن ئۆگەنسە، پۇرسەت تاپقاندا باشقىلاردىن ئۆگىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا سازەندە بولۇپ قاتارغا قېتىلىدۇ.

ئاشۇ يىللار (19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى) خوتەن داۋازلىرىنىڭ ماهارىتى ئەڭ يۈكسەلگەن هەم دۇنياغا داڭ چىقارغان ۋاقىتلار بولۇپ، كۆپلىگەن خوتەنلىك داۋازلار پاكىستان، هىندىستان، ئىران، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دار ئويناپ داڭ چىقارغان ۋە تاپقان كىرىملىرىدىن ئاشۇ جايدىكى مەسچىت، كۆۋرۈك، مەكتەپ شۇنداقلا يېتىم - يېسىر، كەمبەغەللەرگە هەدىيە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەيرى - ساخاۋەتلىك ئەنئەنىسىنى نامايەن قىلىپ، هۆرمەت بىلەن كىشىلەر تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتلىرى ئىدى.

چەت ئەلدە داۋازلىق بىلەن داڭ چىقارغان بۇ خوتەن داۋازلىرىنىڭ تەرىپى، شىنجاڭ (خوتەن) غىمۇ يېتىپ كېلىدۇ ۋە بۇلار توغرىسىدىكى تەرىپلەر هاشىم هاجىنى قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز يۇرتىدا بولۇۋاتقان زۇلۇم تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ، ئېغىر تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ئېسىگە ئالغاندا، داۋازلىقنى ئۆگىنىپ ئالدىنقى داۋازلاردەك خەيرى - ساخاۋەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ هەم ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. نەتىجىدە 15 يېشىدىلا بالا سازەندە، دەپ ئاتالغان هاشىم هاجى، ئىككى يىللىق تىرىشىشتىن كېيىن،



چامباشچىلىق، يەرپۈزى ماهارىتى، چەۋەندازلىق، ئات ئۈستى ماهارىتى، هاۋا بوشلۇقى ماهارىتى، هەييارلىق (سېرىكچىلىك) هۈنەرلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا مەزگىل ئىچىدە دارۋازلىقنى (دار باغلاپ ئاغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى) پۇختا ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1887 - يىلى 17 يېشىدا خوتەن قارىقاش ناهىيىسىدە مۇستەقىل دار ئويناپ، پۈتۈن داۋازلار ۋە ئۇستازلارنىڭ ئالقىشى هەم دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ، شۇندىن باشلاپ مۇستەقىل داۋاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ داۋازلىق گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالىرىنى باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ دار ئوينايدۇ. كېيىن هاشىم هاجى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قارىقول - فرونزىغا بېرىپ دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هەرقايسى دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك شەهەرلىرىدە دار ئوينايدۇ، شۇ جەرياندا ئۇ، بۇخارا ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشىدۇ.

هاشىم هاجى بۇخارادىكى دار ئويۇنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئافغانىستان بىلەن پاكىستاندا، كېيىن هىندىستاندا دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شۆهرىتى پۈتۈن ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى قاپلايدۇ. هاشىم هاجى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ ئىران، ئىراق ۋە قەدىمكى شەهەر باغدات، قاهىرە، ئىستانبۇل هەم بۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلار جايلاشقان كۆپلىگەن شەهەر، ئۆلكىلەرگىچە بارىدۇ ۋە هەج قىلىپ رەسمى هاجى بولىدۇ. هەر قايسى ئەرەپ دۆلەتلىرىنىڭ خەلىپىلىرى، ئۆلكە باشلىقى، ۋالىيلىرى ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى، ئىنئام

بىرىشىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زامان (19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) دىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋازلىقىنى چەت ئەللەردە نامايەن قىلىپلا قالماي بەلكى «ھاجى داۋاز»، «بالا داۋاز» دەپ نام قالدۇرىدۇ.

ھاشىم ھاجى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ۋەتەنگە (خوتەنگە) قايتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قازا تاپقان بولۇپ، ئاچا-سىڭىل ۋە ئىنىلىرى قالغان ئىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھاشىم ھاجى ئائىلىسىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان سەنئەت چىرىقىنى قايتا ياندۇرۇپ، ئاچا - سىڭىل ۋە ئىنىلىرىگە ساز، ناخشا ھەم داۋازلىق ماھارەتلىرى شۇنداقلا چامباشچىلىق، چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئائىلىنى سەنئەت ئائىلىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇخىل تەرەققىيپەرۋەرلىكى، ئىستىبدات ھۆكۈمەت ۋە فېئودال جاھىل كۈچلەرنى بىئارام قىلىدۇ، نەتىجىدە سەيلە، سورۇن، چايخانا ئولتۇرۇشى ۋە بەزمە باراۋەتلەردە ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ، بارا - بارا يەنە دار ئويناشنىمۇ چەكلەيدۇ. چۈنكى ھاشىم ھاجى نەچچە يىللىق ھاياتىنى چەت ئەللەردە ئۆتكۈزۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە خەلقنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ، ۋاھىزلىق (مەددالىق) قىلىش باھانىسى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا كىرىشكەن ئىدى .........

مۇشۇ بىرقاتار ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ، يۇرتنى تاشلاپ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ، سەرگەردان ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا شىنجاڭنىڭ ھەممە



يېرىنى ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە تۇراقلىق جاي تاللىمىغان ئىدى. 1905 - يىلى، روسىيىدە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە چارپادىشاھىسى «ئەركىنلىك خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە ئىشچىلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېڭىلىق يۈز بېرىدۇ.

شىنجاڭدا ئاسارەتلىك تۇرمۇشنىڭ دەردىنى تولا تارتقان ھاشىم ھاجى، روسىيىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بېرىشنى لايىق تاپىدۇ، نەتىجىدە 1910 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە دار ئەترىتىنى ۋە مۇھىم ئائىلە ئەزالىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدۇ. بۇ، ھاشىم ھاجىنىڭ 2 - قېتىم روسىيىگە چىقىشى بولۇپ، بۇ قېتىم ئالاھىدە قارشى ئېلىنىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دار باغلاپ ماھارەت كۆرسەتسە، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، ساماۋەرلەردە سازەندىلىك قىلىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى بولغان 12 مۇقامنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىتىدۇ. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارغا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. كېيىنكى كۈنلىرىدە ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن پېتىربۇرگ (لېنىنگراد) ۋە موسكۋاغىچە بېرىپ دار باغلايدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق موسكۋادا باغلىغان داردا، ئۇنىڭ دار ئەترىتىدىكى يولداش ئاخۇن موسكۋانىڭ 11 - ئايدىكى سوغۇق ھاۋاسىدا ماھارەت كۆرسىتىدۇ، داردىن سالامەت چۈشكەن بولسىمۇ ئەمما دار

ئۇستىدە سوغۇق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ قاقلىنىش تۈپەيلىدىن سوغۇق ئىچىگە ئۆتۈپ قازا قىلىدۇ.

ھاشىم ھاجى ئۆزىنىڭ داۋازلىق ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ماھارىتى ئارقىلىق، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە ئالاھىدە ھەسسە قوشىدۇ.

قاسىم دۇرغابەگ، ئىمىن قاپىباشى، ئابدۇرېھىم چاڭ، ۋە سەمەت ئاخۇن قاتارلىق مەرھۇملارنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، پەرغانىدە مەشھۇر پەرغانە قانىلى قېزىلغاندا، ھاشىم ھاجىنىڭ ناغرا سۇناي بىلەن ئورۇنلىغان 12 مۇقامى قانال قازغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، قانال مەيدانىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاشۇ يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر رايونلىرى ۋە ئۆزبېك رايونلىرىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ھاشىم ھاجىنىڭ ئۇستازلىق رولى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ، ناغرا سۇنايدىن باشلاپ تەمبۇر، دۇتتار، ساتار، قالۇن قاتارلىق ھەممە سازلارنىڭ ۋە پۈتۈن ئاھاڭلارنىڭ ماھىرى ئىدى. ئۇيەنە ئەرەپ ئەللىرى ۋە ھىندىستان، پاكىستانلاردا بولغان ۋاقىتلىرىدا ئۆگەنگەن چەتئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلايتتى. ھاشىم ھاجىنىڭ سازەندىلىكتە شۇنداق بىر ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ساز چېلىپ ناۋايى، خۇجىھاپىز...... قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئوقۇسا، ساز ئاخىرلاشقاندا، پىرى - ئۇستازلارغا ۋە مەرھۇم ئىجاتكار شائىرلارغا ئاتاپ دۇئا تەكبىر قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «سازچىلىق شەيتاننىڭ ئىشى» دەيدىغان جاھىل مۇتەئەسسىپلەرگە كۈچلۈك زەربە



ئىدى، دەيدۇ.

1930 - يىللارغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمنى قوبۇل قىلغۇچىلار كۆپىيىدۇ، بۇ چاغدا شىنجاڭدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىق زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى كۈچىيىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر ئىلغارلار ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ، شۇ قاتاردا ھاشىم ھاجىمۇ ۋەتەنگە قايتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپەرداشلىرىنىڭ تەكلىپى ۋە 1910 - يىللىرىدا كۇچادا بولغان مەزگىلدە ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن ياش سەنئەتكار - سازەندىلەردىن مامۇت ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، بايىز ئاخۇن سىيتە (ساتار چالغۇچى)، ئىبراھىم تەمبۇر، ئەلنەغمىچى زەيتۇنخان، دىلەيىسخان، ھېزىم ئاخۇن، ھېلىم سېلىم قاتارلىقلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن كۇچادا توختايدۇ.

ھاشىم ھاجى شۇندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن دار ئويناش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشا - مۇزىكا ۋە خەلق سەنئىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ، ھەرقايسى سەيلە باراۋەت ۋە كۆكلەم ئېچىش كۈنلىرىدە چامباشچىلىق، چەۋەندازلىق، ھەپيارلىق (سېرىكچىلىك) ئويناش بىلەن مۇزىكا ئويۇشتۇرىدۇ، يېڭى ناخشىلار ئېيتىدۇ. خەلقنى پەن - مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينالغان تىياتىر، كونسېرت-

لارنى ئوينايدۇ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە زۇلۇمغا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىنىشقا ئۈندەيدۇ، تەيپىڭ تىيەنگودىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان قوزغىلاڭلار تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇخىل ئىلغار پائالىيىتى ۋە يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىشى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، جىن شۇرېن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىدۇ.

1931 - يىلى، زۇلۇمغا ۋە ۋاكىلىق تۈزۈمىگە قارشى پارتلىغان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئۇلغىيىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان بىر بۆلۈم ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنى باشلىۋېتىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ھاشىم ھاجى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇللا داموللا (نەئىمى) نىڭ تىياتىر ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇراجىئەتنامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۇچادىكى بىر بۆلۈم ئىلغار سەنئەتكارلارنى تەشكىللەپ، ئۆز راسخوتى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇ تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى سەھنە نومۇرلىرىنىڭ ئىجادكارلىقىغا زور دەرىجىدە كۈچ قوشىدۇ.


لىن جىلۇ كۇچاغا ھاكىم بولۇپ بارغاندىن كېيىن، ھاشىم ھاجىنىڭ دار ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. 1941 - يىلى كۇچانىڭ سۇ بېشىدىكى دەريا ئېقىمى بۇزۇلغاندا، سۇ بېسىش توغۇننى ياساش ئىشى باشلىنىدۇ. ھاشىم ھاجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن



توغان قۇرۇلۇشى پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا ناغرا سۇناي ۋە سازلارنى ئېلىپ چېلىپ، كۈندۈزى ناغرا سۇناي بىلەن خەلق كۆڭلىنى شاد قىلىپ، كەچلىرى ھەر خىل نومۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن كۇچانىڭ ئاسما ساي كۆۋرۈكىنى ياساشتىمۇ ئوخشاشلا كۈچ قوشىدۇ، ساي بويىدا دار باغلاپ، ئويۇن كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا، ھاشىم ھاجى يەنە جۇڭگو ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەيدىغان «قانلىق يولۋاس»، «شاڭخەي كېچىسى» قاتارلىق دراممىلار ۋە «غېرىپ سەنەم» ئوپېراسىنىڭ سەھنىلىشىشىگە ئالاھىدە كۈچ قوشىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھاشىم ھاجىنىڭ پۈتۈن ھاياتى دار باغلاش، ساز چېلىش ۋە سەنئەت ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆتتى، شۇ جەرياندا ئۇ ۋاھىزلىق (مەددالىق) بانىسى بىلەن ئىنقىلابى ھېكايىلەرنى سۆزلەش، تەيپىڭ تىيەنگودىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەر ۋە كۈرەشلەرنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

ھاشىم ھاجى دارۋاز ھەم سەنئەتكار بولۇپلا قالماستىن بەلكى تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپنى قوللىغۇچى ۋە چوڭ خەيرى ساخاۋەتچى ئىدى، ئۇ، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى ئەرەپ ئەللىرىدە بولسۇن قەدەم باسقانلا يېرىدە خەيرى ساخاۋەتلىك ۋە مائارىپنى قوللاشتىن قالمىدى، بەلكى ئۇ ھەر قاچان دار باغلاپ تاپقان كىرىم ۋە سازەندىلىكتىن تاپقان كىرىمىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقلىرىنى مەسچىت، مەدرىس، مەكتەپ، رارىلىتام ۋە مۇساپىرلارغا ياردەم قىلدى. كۆپلىگەن كىشىلەر چەت ئەللەردىن ۋەتەنگە قايتالمىغاندا، ئۇلارنى ئۆز خىراجىتى



تەرەققىيپەرۋەر زات — قاسىم تاش ھاجى

بىلەن ۋەتەنگە يولغا سالدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ھاشىم ھاجىنىڭ ئىسمىنى مەرىپەتپەرۋەر دېگەن ياخشى نام بىلەن ئاتايدۇ. ھاشىم ھاجىنىڭ خوتەندىن قۇمۇلغىچە ۋە ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ياسىغان يول - كۆۋرۈكلەرگە قىلغان ياردىمى بىلەن مەكتەپ، مەسچىتلەرگە قىلغان ياردىمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى غېرىپ - غۇربالار بىلەن يېتىم - يېسىرلەرگە قىلغان ياردەملىرىمۇ ھېسابسىز ئىدى. تەرىپلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھەر قانداق ئۇسسۇل (دار، سازەندىلىك) بىلەن تاپقان كىرىمنى يېڭىغا سالماي تۇرۇپ بىر بۆلۈمىنى ھەدىيە قىلىدىغان ساخاۋەتچى ئىدى.

ھاشىم ھاجى ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە كۆپ قېتىم دار باغلاپ ۋە تىياتىر كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاپقان كىرىملىرىنى تامامەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەرگەن. بۇ ئىش يالغۇز بىر ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس بەلكى ئاشۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ بىر قانچە يېرىنى ئايلىنىپ، جاي - جايلاردىكى ئىئانە يىغىش ئورۇنلىرىغا ياردەم بەرگەن ئىدى.

مەملىكىتىمىز بويىچە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، ھاشىم ھاجى ئۈرۈمچى، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا دار باغلاپ، سەھنە نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، ھەر قايسى سورۇنلاردا تاپقان پۇللىرىنى ساناپمۇ باقماي شۇ پېتى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، جايلارنىڭ ھۆرمەت ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ھاشىم ھاجى، 1952 - يىلى 84 يېشىدا كۇچادا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى، ئۇ، ۋاپات بولغان بىلەن



مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجى
(1868 - 1953)



دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت
(1888 - 1962)

ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دار ئويۇنىنى ۋە گۈزەل سەنئىتىدىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇشتا ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ قولغا كەلتۈرگەن ئەجرى خەلق ئاغزىدا، تارىخ بېتىدە داستان بولۇپ قالدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن ئەۋلادلار، يەنى ئوغلى سىدىق ئاخۇن بىلەن ئۆز تەربىيىسىدە يېتىلگەن نۇراخۇن داۋازلار ھاشىم ھاجىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پايتەختىمىز بېيجىڭ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا دار باغلاپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە دۆلەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋاز قىلىپ يېتىشتۈرگەن چوڭ ئوغلى سىدىق ھاشىم ھازىر 73 ياش بولۇپ، ئۇ، ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت سېپىدە، بولۇپمۇ شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدە ئىزچىل خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى. كىچىك ئوغلى نۇراخۇن بولسا غۇلجا، كۇچا قاتارلىق جايلاردا شاگىرت تەربىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكا شۇناسلىقىنى ئۆگەنگەن ئوغلى شىر ئېلى بولسا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. نەۋرىسى خەلچەم سىدىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى. نەۋرىسى تۇرسۇن ئېلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇزىكانتى. نەۋرىسى نىگارە بېيجىڭ سىرك ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، سىدىق ئاخۇن، نۇراخۇن تەربىيىلىگەن داۋازلار، شىر ئېلى تەربىيىلىگەن مۇزىكانتلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.

# تەرەققىيپەرۋەر قاسىم تاش ھاجىم توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

قاسىم تاش ھاجىم 1899 - يىلى تاشمىلىق بازىرىدا تەرەققىيپەرۋەر تاش بەگ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن تاشمىلىق باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، كېيىن، 1913 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى ئىلغار دېموكرات زات ئابدىكېرىم خان مەخسۇم بىلەن يۈسۈپ ئوقانلار باشچىلىقىدىكى تاش بەگ، قارى ھاجىم، شېرىپ ئاخۇن قاتارلىق ئىلغار پىكىردىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن تاشمىلىقتا قۇرۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بۇ، شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتلار بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ئىستىبداتلىقتا ئۇچىغا چىققان قۇۋ تۈلكە ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلقنى ئادانلىقتا قالدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە قەشقەردىكى بىر بۆلۈم مۇتەئەسسىپ بايلار، فېئودال كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇ مەكتەپنى تاقايدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەننىي بىلىمگە ئەمدىلا كىرىشىپ بىلىم ئېلىۋاتقان قاسىم تاش ھاجىمنى بۇ مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، خانلىق مەدرىستە بىر قانچە يىل ئوقۇيدۇ. بۇ، ئىستىبدات ياڭ زېڭشىننىڭ چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا قارىتا قۇلچىلىق، يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇ چاغلاردا قەشقەردە ئەنگلىيە، چارروسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كونسۇللىرى بولۇپ، ئۇلار ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن يەرلىك خەلقلەرنى بوزەك قىلاتتى، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇلاپ تالايتتى، سودا ئېكسپلاتاتسىيىسى بىلەن قاقتى - سوقتى قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىن تارقىتىش يولى بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە تارتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلاتتى، ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنى ۋە ئىگىسىز قالغان باللارنى ئوغرىلايتتى. مەسىلەن: ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچى قاراۋۇللىرى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ ئەنگلىيىگە قايتىدىغان ۋاقىتتا، قەشقەر شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىن نەچچە ئونلىغان ياش ئوغۇل - قىزلارنى دەللاللار ئارقىلىق ئالداپ ھىندىستانغا ئېلىپ ماڭىدۇ، بۇلار تاشمىلىققا يېتىپ بارغاندا، قاسىم تاش ھاجىمنىڭ دادىسى تاش بەگ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى توسۇۋېلىپ، باللارنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇرلار بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، چوڭ غۇلغۇلا ۋە نامايىش خاراكتېرلىك نارازىلىقلار ئارقىلىق بۇلارنى ئاخىرى تۇتۇپ قالىدۇ. ئۆز ئائىلىسىدىن قوزغىلىۋاتقان جاھانگىرلىككە قارشى بۇ ھەرىكەت، قاسىم ھاجىغا چوڭ ساۋاق - دەرس

لىك بولىدۇ......

1917 - يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىش بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوللاش يۈزىسىدىن نامايىش ئېلىپ بېرىلىدۇ① ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ شۆبىسى قۇرۇلىدۇ.② ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھۇلى قۇرۇلىدۇ. مۇشۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر قاتارىدا قاسىم ھاجىمۇ ئويغىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ، دادىسى تاش بەگ ۋە باشقا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىلغار ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدۇ، دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئابدىكېرىم خان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئىلغارلار سېپىدە بولىدۇ. 1924 - يىلغا كەلگەندە ئابدىكېرىم خان مەخسۇم قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاقسۇغا پالىنىدۇ، بۇ چاغدا قاسىم ھاجىم ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمۇ

① 1918 - يىلى ئىلى، چۆچەك ۋىلايەتلىرىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنى قوللاش شوئار تەشۋىق ۋاراقلار تارقىتىلىدۇ ھەم زور كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلىدۇ (1983 - يىل 19 - ماي شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇرچە 3 - بەت سەي يىڭنىڭ «ماركسىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ).

② شۇ يىللاردا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، ئوتتۇرا ئاسىيا بولشېۋىكلار رەھبەرلىك قىلغان «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ دەسلەپكى شۆبىسىنى قۇرغان. «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى مەسىلىلىرى» ئايلىق ژۇرنالىنىڭ 1982 - يىلى 10 - سانىدىكى ئا. ئا. ھاكىم باياۋۇنىڭ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى» (20 - 30 - يىللار) دېگەن ماقالىغا قاراڭ.



ئەمما ئىلغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى تېگى - تەكتىدىن لىڭشىدى، بۇ پۇرسەت شېڭ شىسەينىڭ «تۆپىلاڭ» دىن توغاچ ئوغرىلىشىغا ئىمكان بەردى، نەتىجىدە ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» ئىنقىلابى بارلىققا كەلدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ساختا نىقابى بىلەن سوتسىيالىزم - كوممۇنىزمچى بولۇپ ئوتتۇرغا چىقتى. ۋاھالەنكى، شىنجاڭنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى شىنجاڭدا زامانىۋى پەن - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تارقاق ۋە قالاق ھالەتتە تۇرغان خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، پەن - مائارىپقا يېتەكلەشكە مۇھتاج ئىدى. بۇ ئىش تېخى تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا يەرلىك زىيالىيلارنىڭ زىممىسىدە ئىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋە باشقا سىياسىي گۇرۇھلار خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردىن باشقا شىنجاڭدا ياشىغان نەچچە مىليونلىغان خەلققە پەن - مەدەنىيەت ۋە مائارىپتىن دەرس بېرەلمەيتتى، يېتەكلىيەلمەيتتى، چۈنكى، بۇ يەردە تىل ۋە تەرجىمە مەسىلىسى ناھايىتى چوڭ ئورۇندا تۇراتتى. جۈملىدىن ئۇ يىللاردىكى پەن - مائارىپ تەرەققىياتى يەرلىك زىيالىيلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىشىگە مۇھتاج ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا «موما تىكلەنمىسە خامان چۆگىلىمەيدۇ......» دېگەندەك، يەرلىك ئىلغارلار دەس تۇرمىسا يەنىلا باشقا ھەر

قانداق ياردەملەر قونداق بولالمايتتى، خالاس.

1934 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەممە ئۇيۇشمىلاردىن بالدۇر ۋە دائىرىسى كەڭ بولۇپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ 30 - يىللاردىكى گۈللىنىشىگە ئاساس سالدى. بۇ مەزگىلدە، قاسىم تاش ھاجىم ئىلغار پىكىرلىك كونا زىيالىي بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشمىلىقنىڭ شۆبە ئۇيۇشما رەئىسى ۋە قوشۇمچە بەگ بولۇپ سايلىنىدۇ، ئۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاھانگىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭ (قەشقەر) دا ئېلىپ بېرىۋاتقان جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئاسارە - ئەتىقە ئوغرىلاش ئىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

1937 - يىلى، قاسىم تاش ھاجىم قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى ئابدىكېرىم خان مەخسۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ئەنگلىيە پوچتىلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئاسارە ئەتىقە ۋە ئاخباراتلارنى ئويتاغ ئەتراپىدىكى موخ جىلغىسىدا توسۇپ تارتىپ ئېلىپ، ۋەتەنگە خىزمەت كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئۇزۇن يىل داۋاملىشىدۇ.

1939 - يىلى قاسىم تاش ھاجى ئاتۇشتا (بۇ چاغدا ئاتۇش يېرىم ناھىيە ئىدى) يېڭىدىن قۇرۇلغان شىجىجۈيگە ھاكىم بولىدۇ، 1942 - يىلى شىڭ شىسەي سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىستلاردىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە قەشقەردىكى بىر قىسىم ئىلغارلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ، شۇ قاتاردا قاسىم ھاجىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۈرۈمچى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە 1944 - يىلى 1 - ئايغىچە قامىلىدۇ.

1945 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ قەشقەردە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئاقتۇ، ئويتاغ، توققۇزاق قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەربىي ئاخبارات توپلايدۇ. قەشقەردىكى يەرلىك تەشكىلات بىلەن تاشقورغان تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلغۇچى قوراللىق قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىق قىلىدۇ. 1945 - يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا، تاشمىلىقنىڭ سابىق بېگى ئەمەت بەگ قاسىم ھاجىنىڭ ھەرىكىتىگە پايلاقچىلىق قىلىپ، بىر كۈنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتۇپ، تاشمىلىقتىكى گومىنداڭ تۈۋىنىگە تاپشۇرىدۇ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇنىڭ مال مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ بېرىدۇ. پۈتۈن تاشمىلىق بازىرىدا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «قىزىل پاچاق - قاسىم تاشنى يوقىتايلى»، دەپ شوئار توۋلاپ، ئەكسىيەتچىل نامايىش قىلىدۇ.

قاسىم تاش ھاجىم تاشمىلىقتىكى گومىنداڭ تۈۋەندە تىرىك كۆمۈشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، لېكىن، قەشقەردىكى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. قايتا قىلىنغان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇ، تاشقورغان پارتىزانلىرىغا قوشۇلىدۇ.

قاسىم تاش ھاجى تاشقورغانغا بارغاندىن كېيىن، ئويتاغ لىنىيىدە ئۇيغۇر پولكىنىڭ پولكاۋنىكى قىلىپ

بەلگىلىنىدۇ، ئۇ، پولكنى تولۇقلاش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش ئىشىنى ئىشلەۋاتقاندا، باش شتابقا چاقىرتىلىپ، ئارقا سەپ تەمىنات مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1946 - يىلى 7 - ئايدا، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم شەرتلىرى بويىچە توختىتىلىپ قىسىملار تارقىتىلغاندا، قوماندانلىق شتابىنىڭ زۇڭ سەنمۇجاڭى (باش مەسلىھەتچى) بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، تارقىتىلغان قىسىملارنىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن بىللە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن شتاب مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

شىنجاڭدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىنقىلابچىل ياشلار سېپىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، كۆپلىگەن ئىلغار ۋە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، 11 ماددىلىق بىتىمنى ئوچۇق ئاشكارا بۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلغار كىشىلەرنى قولغا ئالغاندا، قاسىم تاش ھاجىمۇ قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ، 1949 - يىلى 1 - ئايدا تۈرمىدىن بوشىنىدۇ. 4 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي ھەيئىتى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، غەربىي - شىمال بىيروسىنىڭ تەستىقى بىلەن يوپۇرغا ناھىيىسىگە ھاكىملىققا بەلگىلىنىدۇ. 1954 - يىلى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىدە خەلق ئىشلار بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1960 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1984 - يىلى سالامەتلىك ۋە ياشقا چوڭ بولۇش



سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلقى سايلامدا خەلق يەنىلا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ سايلىۋالدى، 1985 - يىلى خىزمەتتىن قېلىپ دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ، بۇ يىل 88 ياشتا بولۇپ، ھازىر قەشقەر شەھىرىدە باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. بۇ يىل 15 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ بىلەن تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا قىسقا سۆھبەتتە بولغىنىمىزدا، ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، سالامەت بولسىلا پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ، بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بىز بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتنىڭ بىر ئۆمۈر خەلققە يەتكۈزگەن ئىنقىلابىي خىزمىتىنى ئۇنۇتمايمىز.

(مەن بۇ ئەسلىمىنى قاسىم تاش ھاجىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ رەتلەپ چىقتىم)

# دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت (كەمى) نىڭ ھاياتى توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەرنامايەندىلىرى ۋە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگۈچى ھەر قايسى مۇنەۋۋەر شائىرلارقاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ بولغان دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت (كەمى)، شىنجاڭدا مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم كۈچىيىپ، فېئودال خانلىق تۈزۈمى ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن؛ چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل دىيارنى ئۆزىنىڭ كاللا كېسەر مەيدانىغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە مىللەتلەر ئارا نىزا پەيدا قىلىپ، ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قولىنى بىر بىرىنىڭ ياقىسىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا، 1888 - يىلى ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىدى. شائىر نەمەت خەلپەت، ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن لۈكچۈندىكى دىنى مەدرىستە ئەلا دەرىجە بىلەن ئوقۇپ،



يېشىدىلا ئوقۇغان مەدرىستە خەلپەت (ئوقۇتقۇچى) بولغان، ئۇنىڭغا خەلپەت دېگەن نام شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سىڭگەنىدى.

نەمەت خەلپەت كىچىكىدىنلا زېرەك، ت[illegible] ۋە ئىشچان بولۇپ، ئوقۇش دەۋرىدىن باشلاپلا پار[illegible]ى، ئەرەپ ۋە تۈركىي تىللىرىنى خېلىلا پىششىق ئۆگىنىدۇ، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، پەيلاسوپ شەيخ سەئىدى، ئۆمەر ھەييامى، ناۋايى، غوجاھاپىز شىرازى ۋە سوفى ئاللايار قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

شائىر نەمەت خەلپەت، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن جامائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ، ئۇنىڭ جامائەتكە ئارىلىشىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش مەكتىپى بولىدۇ. ئۇ، مۇستەبىت سىياسەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاپەتلىك يىللاردىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن ئىبارەت قوش زۇلۇم ئاستىدا جەبرى زۇلۇم چېكىۋاتقان جاپاكەش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، زالىم ئەمەلدارلار، ۋاڭ - غوجاملار ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىدىن، ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، زالىملىقىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، نەتىجىدە ئىجتىمائىي ھايات ۋە جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئەينى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش رىياللىقى، ئۇنىڭدا، جەبرى - زۇلۇمغا قارشى غايىۋى ھېسسىيات، ئازادلىق - ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئارزۇسىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ ئىزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلق-

قە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى، كۈچلۈك ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك روھ ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئاخىرى ئۇ، ئازادلىق ۋە
دېموكراتى لىدا ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن قەلەمنى قورال قىلىپ، زالىم ئەمەلدارلار، جاھىل
روھانىيلارنى پاش قىلىپ، كونىلىق، مۇستەبىتلىك، خۇراپىي
نادانلىق ۋە تەقدىرچىلىكنى سۆكىدىغان كۆپلىگەن شېئىر،
قوشاق، لەتىپىلەرنى يېزىپ خەلقنى ئويغىتىدۇ. 1912 -
يىلى ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوز-
غىلىڭى نەمەت خەلپەتكە ناھايىتى زور ئىلھام بولىدۇ.
ئۇ، دەرھال قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئارزۇسىدا
تۇرپانىنىڭ مۇرتۇق يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىدۇ، ئارقىدىنلا
(1913 - يىلى) قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ تۆمۈر خەلپە باشچىلى-
قىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭلار-
نىڭ غەلىبىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى-
نىڭ ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىگە بولغان چەكسىز تەشنا-
لىقىنى نامايەن قىلىدۇ.

بۇ چاغدا نەمەت خەلپەت «باركاللا» دېگەن شېئىرى داستانىنى يېزىپ، ئېزىلگۈچى دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى مەدھىيىلەيدۇ، زالىم ئىستىبداتلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۇ «باركاللا» داستانى، ھەرقايسى جايلاردىكى توي - تۆكۈن بەزمىسى ۋە مەشرەپلەردە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىدۇ.

1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياڭ زېڭشىڭ، تۆمۈر خەلپە بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مويدىن ئاخۇنۇم قاتارلىقلارنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈپ،



ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەن تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلىرىنى ئېچىنىشلىق باستۇردۇ. بۇ خەۋەر جايلارغا يەتكەندىن كېيىن شائىر نەمەت خەلپەت «پۇشايمان»، «ھەسرەت» ناملىق شېئىرلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن قوزغىلاڭچىلارغا تەزىيە ۋە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئىنقىلابى خەلقنىڭ بۇ خىل ئاچچىق ساۋاقنى ئېسىدە تۇتۇپ، داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشىنى دالالەت قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە 1907 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ رەجەپ (راجى) ئاكا باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان مەشھۇر «تۇرپاقلار» قوزغىلىڭىدىن 1913 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە بولغان جەرياندىكى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئاسارەتلىك كۈنلىرى؛ جەۋرى، زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەشلىرى ھەم تۇرپاندا ئەمەت تاماق بىلەن مويدىن خەلپە باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ۋە ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى تارىخىي داستانىنى ① يازىدۇ. ئۇنىڭ داستانى ناھايىتى تېز خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، تۇرپانىنىڭ مەشھۇر ئەلنەغمىچىلىرىدىن نۇرۇل ئاكا، بۇرھان بەدىنرامان قاتارلىقلارنىڭ ئەلنەغمە غەزەللىرىگە ئايلىنىدۇ. نەمەت خەلپەت ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتى-

① 1944 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەينىڭ سوپۇن زاۋۇتى دەپ ئاتالغان تۈرمىسىدە مەھبۇس ئەخمەتجان قاسىمى، ھېلالىددىن ھاجىم، نەمەت خەلپىتىم بىلەن بىللە بولغان ئىدىم. شۇ چاغدا نەمەت خەلپىتىم ماڭا بۇ تارىخىي داستانى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، يۈز بەتلىك سورا خاتىرە دەپتەردىن ئۈچ دەپتەر تولغان، دېگەن ئىدى.

گە سازاۋەر بولغانلىقىنى كۆرۈپ، خەلق شائىرلىرى ۋە ئام-
مىدىن سەممىي ئۆگىنىدۇ. ئۇ، ئۆگىنىش جەريانىدا، 1920 -
يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ شائىر ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئابدۇخالىقنىڭ ئۆزىگە «ئۇي-
غۇر» دەپ تەخەللۇس قويغانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولۇپ،
ئىسمى - جىسمىغا لايىق قويۇلغان ئىسىم، دەپ مەدھىيە
شېئىر يازىدۇ. ئۇ، شۇندىن باشلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ، قويۇق مۇناسىۋەتتە بو-
لىدۇ. كېيىنچە نەمەت خەلپەتنىڭ شېئىر - قوشاق ۋە ھەج-
ۋىيلىرى بىۋاسىتە ۋاڭ ئوردىسىغا قارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئېرغۇ-
چىلاردىن نۇ چىقتى، لۈكچۈن قۇۋۇقىدىن غۇ چىقتى» دېگەن
ھەجۋىسى «چوڭ پاشا» دەپ ئاتالغان لۈكچۈن ۋاڭى مە-
ھەممەت سايىت ئوردىسىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ
تاشلايدۇ. بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولغان ۋاڭ ئامالسىز
قېلىپ، نەمەت خەلپەتنى ۋاڭ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ
ئوردا «قىزىقچىسى» قىلىپ ئۆزى بىلەن تۇرغۇزىدۇ. بۇ
پۇرسەت نەمەت خەلپەتنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدىكى رەزىللىكىنى
تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇندىن باش-
لاپ ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم
سەن ئاڭلا» دېگەن مەنا بىلەن ئۆتكەن - كەچكەننى
مەسخىرە قىلغان بولۇپ ۋاڭنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ
ئۆتكۈر سۆزمەنلىكى بىلەن كۆپ ئىشلاردا ۋاڭغا مەسلى-
ھەت بېرىپ، ئۇنى قايىل قىلىپ، كەمبەغەللەر ئۈستىدىكى
ئالۋان - ياساق ۋە ئازاپلارنى ئازايتىدۇ. كېيىن، ياش
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن روسىيە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى



ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ئائىت كۆپ نەرسە-
لەرنى ئاڭلايدۇ ھەم شېئىر يېزىش ئۇسلۇبىدىكى دىنىي
تەسەۋۋۇپتىن رېئالىزملىق ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتى
ئۇسلۇبىغا كۆچىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتى تاكى مەرھۇم شائىر 1933 - يىلى شېڭ شىسەي
تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگىچە داۋاملىشىدۇ، نەمەت خەل-
پەت مۇشۇ جەرياندا يەنە تۇرپاندىكى تەرەققىيپەرۋەر
مەرىپەتچى مەخسۇت مۇھىتى بىلەنمۇ تونۇشىدۇ، ئۇنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا، مەخ-
سۇت مۇھىتى نەمەت خەلپەتنى ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى ۋە
ئەقىللىق، دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان ناھىيىسىدىكى قو-
راللىق ھەرىكەتلىرىگە ۋە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
سەركەردىسى غوجىنىياز ھاجىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەرگە قاتناشتۇرىدۇ. شۇنداق
قىلىپ ئۇ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ (تۇرپان) ۋەكىلى بولۇپ،
قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. مەخ-
سۇت مۇھىتى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ يەنىلا مەھمۇت مۇھىتى-
گە (مامۇت سىلىڭغا) مەسلىھەتچى بولىدۇ. نەمەت خەلپەت
بىر قېتىملىق سۆھبەتتە (يەتتە قۇدۇقتا غوجىنىياز ھاجىم
بىلەن شېڭ شىسەي قوشۇنى ئۇرۇشۇۋاتقاندا) غوجىنىياز
ھاجىمنىڭ يېنىدا بولۇپ، ماخۇسەن گەپ - سۆزسىزلا
قۇمۇلغا چېكىنگەچكە، غوجىنىياز ھاجىم قىسىملىرى يالغۇز
قالىدۇ ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرىنىڭ قىستاپ ھۇجۇم قى-
لىشىغا ئۇچرىغاندا، نەمەت خەلپەتمۇ غوجىنىياز ھاجىم بىلەن
بىللە چېكىنىدۇ (بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى
قارا شەھەر ئەتراپىدا ئىدى). شۇندىن كېيىن غوجىنىياز

هاجىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەسئۇل كاتىپ ۋە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. غوجىنىياز ھاجىم گۇچۇڭدىن قوزغىلىش ئالدىدا، شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىدە، غوجىنىياز ھاجىمغا مەسلىھەتچى بولىدۇ ۋە سۆھبەت خاتىرىسى بىلەن شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىدىغان جاۋاب خەتنى يازىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ كونا مەسلىھەتچىسى نەمەت خەلپەتنى غوجىنىياز ھاجىمدىن سوراپ قەشقەرگە ئېلىپ كېتىدۇ، نەمەت خەلپەت قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ دۇڭبىيە قوشۇن ئىشىغا زور ياردەمدە بولىدۇ ۋە دۇڭبىيىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. غوجىنىياز ھاجىم ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى يالغۇز قالدۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر بۆلۈم قابىل كىشىلەرنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدۇ. شىڭ شىسەي شۇلار قاتارىدا يەنە نەمەت خەلپەتنىمۇ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدۇ. ئەمما نەمەت خەلپەت ئۈرۈمچى ياكى قەشقەردە بولغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ئۇمۇمەن شېئىرى ئىجادىيىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ، كونا شېئىرلىرىنى رەتلەش ئارقىلىق 14 جىلت ئەسەر توپلايدۇ. بىر بۆلۈم شېئىرلىرى 1935 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىدۇ. 1936 - يىلى 18 - فېۋرال «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قارشى» ناملىق شېئىرى موخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن



بىرگە يېڭى تۇرمۇش قاراشلىرى، خەلقنىڭ مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا بولغان ئارزۇسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

1937 - يىلى شىڭ شىسەي قانلىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوچۇق ئاشكارا ھالدا تۇتقۇن قىلىشنى باشلايدۇ، بۇ چاغدا، غوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېرىپ خان باشلىق بىر بۆلۈم ئۇيغۇر، قازاق ئىنقىلابىي ئەرباپلار قولغا ئېلىنىدۇ، شۇندىن كېيىنلا نەمەت خەلپەتمۇ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

نەمەت خەلپەت يەتتە يىل تۈرمە ئازابىنى تارتىدۇ، ئۇ، دەسلەپ شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى 5 - تۈرمىسىدە، كېيىن تۆتىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرمىدە، ئەڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى دۆڭكۆرۈك (ھازىرقى ئىككىنچى دوختۇرخانا ئورنىدىكى) سوپۇن زاۋۇتى دەپ ئاتالغان تۈرمىدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلغارلار بىلەن بىللە بولۇپ ئەمگەك قىلىدۇ. تۈرمىدىكى ھەر خىل ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە قىيىن - قىستاقلار ئۇنىڭغا ئېغىر جىسمانىي جازا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمايدۇ. بەلكى ئۇ، تۈرمە جەريانىدا ئۆزىنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ناھەق قولغا ئېلىنىۋاتقان بىگۇنا قېرىنداشلار ئۈچۈن قاتتىق قايغۇ ئۇرۇپ، «ۋادەرىخ» ① دېگەن شېئىرىدا:

«ياخشىلاردىن قالمىدى زىنداندا چۈشمەي بىر كىشى،
بۇ نىچۈك بى رەھىملىك، ئەي چەرقى گەردان ۋادەرىخ»

دەپ يازسا، تۈرمىدە تونۇشقان بىگۇنا كىشىلەر ۋە ئىنقى-

① شائىرنىڭ «ۋادەرىخ» دېگەن شېئىرى، 1944 - يىلى سوپۇن زاۋۇتى تۈرمىسىدە يېزىلغان.

لابچىلارنى مەدھىيىلەپ:

«ياخشىلارغا ھەمنەپەس بولساڭ ئەگەر زىنداندا سەن،
ھېچ كېرەك يوق ئەيلىسەڭ، جانىڭدىن قۇربان ۋادرىغ»

دەپ يېزىپ، تۇرمىداشلىرى — ئوخشاش ئازاب چېكىۋاتـ
قانلار ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى
ئىزھار قىلغانىدى. ئۇنىڭ تۇرمىداشلىرى، بولۇپمۇ 1942 ـ
يىلىدىن 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئاخىرىغىچە بىللە بولغان
ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ (نەمەت خەلپەتنىڭ) ئىرادىلىك،
دوستلارغا سادىق قەلبىنى چۈشىنىدۇ، بۇلار تۇرمە داۋامىدا
ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ.

نەمەت خەلپەت، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا
تۈرمىدىن بوشىنىپ تۇرپانغا قايتىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسى
ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما گومىنـ
داڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئۇنى داۋاملىق رازۋېت
قىلىدۇ ھەم يوشۇرۇن تەقىپ ئاستىدا تۇتىدۇ. بۇ چاغدا،
نەمەت خەلپەت تۇرپاندا «تۇرپان شىركىتى» ناملىق سودا
شىركىتىنى قۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، خەلقنى
سودا تەشكىلاتىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەمەلـ
دارلىرىنىڭ قانۇنسىز سودىسىنى چەكلەيدۇ. بىر قېتىم گومىنـ
داڭ ھەربىيلىرى خوتەندىن ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتمەكچى
بولغان 40 مىڭ جىڭ ساپ يىپەكنى تۇرپانغا ئېلىپ كېـ
لىدۇ، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان نەمەت خەلپەت سودا رەسـ
مىيىتى بويىچە يىپەكنى توسۇپ قويىدۇ، كېيىن نۇرغۇن تاـ
لاش - تارتىشلار ئارقىلىق گومىنداڭ ھەربىيلىرىنى مۇنازـ
رىدە يېڭىپ، 2000 جىڭ ساپ يىپەكنى تۇرپان شىركىتى
نامىغا ئېلىپ قالىدۇ.



1946 ـ يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم بولـ
دۇ، بۇ يىللاردا، ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان نەمەت خەلپەت تۇرپان خەلقى
نامىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە چىقىدۇ
ۋە «مانا كەلدىم» ناملىق شېئىرىنى گېزىتتە ئېلان قىلىدۇ.
شۇندىن باشلاپ نەمەت خەلپەت تۇرپان، توخسۇن، پىچان،
لۈكچۈن قاتارلىق جايلارنىڭ سايلام خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ
ۋە خەلقچىل سايلامنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن تۆھپە قوشىـ
دۇ. كېيىن تۇرپاننىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ، بىر بۆـ
لۈم ئىلغارلارنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كېلىدۇ، بۇ
چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەتۈر قويۇن چىقىرىپ 11 مادـ
دىلىق تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، بۇ مۇناسىـ
ۋەت بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىدۇ، نەمەت خەلپەتمۇ ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپان ۋەكىللىرىنى باشلاپ
ئىلىغا بارىدۇ ۋە ئىلىدا تۇرۇپ، تۇرپان شىركىتىنىڭ خىزـ
مەتلىرىگە ياردەمدە بولىدۇ. ئىلىدا بولغان مەزگىلدە «يەتـ
تە ۋىلايەت خەلقچىل تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇلى
بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1948 ـ يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان «شىنجاڭـ
دا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»
نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. نەمەت خەلپەت
غۇلجىدا بولغان مەزگىلدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى چوڭـ
قۇر ھېس قىلغان، ئۇ، ئەينى يىللاردا ئىچكىرى ئۆلكـ

لەردە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قازىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقى، جۇڭگو ھاۋا بوشلۇقىدىن قارا بۇلۇتلارنىڭ پۈتۈنلەي سۈپۈرۈلۈپ يورۇق تاڭ ئاتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلايدۇ. ئۇ، 1949 - يىلى 7 - ئايدا يازغان «بولماس» دېگەن غەزىلىدە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋە مۇستەھكەم ئىنقىلابىي مەيدانىنى تولۇق ئىپادىلىگەنىدى.

ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت، 20 يىلىدىن باشلاپلا خەلققە تونۇلغان خەلقپەرۋەر جامائەت ئەربابى ئىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋاڭ - بەگلەردەك تېرىكتاپ ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش ھەم ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تەرىپىدە تۇرۇش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ، 1931 - يىلى قوزغالغان قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قولىغا قورال ئېلىپ قاتناشتى، 1935 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن تارتىپ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولدى، ئۇ، ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر، داستان، لەتىپە ۋە قوشاقلار يازدى (ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارالغان كۆپلىگەن لەتىپىلىرى زامانىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن باشقىلار ھېسابىغا خاتىرلىنىپمۇ قالدى). ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرى ۋە لەتىپىلىرى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ئۇ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان كۈنلەردە، كۆپلىگەن شېئىرلىرى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئا-



زادلىقىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

نەمەت خەلپەت 50 - يىللاردىلا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ سايلانغان، 1955 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە تۇرپان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

نەمەت خەلپەت ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ زور غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، ئۇ، 1962 - يىلى ئېغىر قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 74 يېشىدا ۋاپات بولدى. پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ 1935 - يىلىغىچە يازغان ئەسەرلىرى شېڭ شىسەي قولىدا، قالغانلىرى كېيىنكى تۈرلۈك ھەرىكەتلەر جەريانىدا يوقالغان بولغاچقا، تېپىلغان ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشرى قىلىنغان «گۆدەك» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. بىز بۈگۈن دېموكراتىك شائىر، خەلقپەرۋەر جامائەت ئەربابى نەمەت خەلپەتنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يۈز يىل (1888 - 1988) توشۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا خەلققە يەتكۈزگەن تۆھپىسىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

# يەكەن ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ كېلىش مەنبەيى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

(يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش)

## 1 ــ نوپۇسى

ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھىيىمىز يەكەندە 150 ئائىلە، 580 گە يېقىن خۇيزۇ نوپۇسى بار ئىدى، 1986 ـ يىل ئاخىرىسىدىكى ستاتىستىكا بويىچە ھازىر بار بولغان خۇيزۇلار 210 ئائىلە، 894 نوپۇس بولۇپ، ناھىيىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 0.5 نى ئىگىلەيدۇ.

1960 ـ، 1961 ـ يىللىرى دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە نىڭشا، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە ئاپتونوم رايونلىرىدىن تۇرمۇش يولى ئىزدەش سەۋەبىدىن 100 دىن ئارتۇق ئائىلە، 500 گە يېقىن خۇيزۇلار ئېقىپ كەلگەن بولۇپ، ناھىيىمىزنىڭ مەلۇم يېزا بازارلىرىغا ئورۇنلاشقانىدى. بۇلاردىن بىر قىسىملىرى كېيىنچە ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئەسلى يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر يەنە 80 ئائىلە، 300 دىن ئارتۇق نوپۇس ناھىيە-



مىزنىڭ ئودانلىق، تاغارچى، ئۇشقول قاتارلىق يېزا كەنتلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك سودا تىجارەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

## 2. خۇيزۇلارنىڭ يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى

ناھىيىمىزنىڭ شەھەر ئىچى تىراباغ دېگەن جايىدا 250 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بىر خۇيزۇ مازارلىقى بولۇپ، 1983 ـ يىلى بۇ مازارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جۇيوك شېڭ (ئۇيغۇرچە ئابدۇللا) ئىسىملىك بىر خۇيزۇنىڭ قەبرە تېشى تېپىلغان، بۇ قەبرە تېشىغا ئۆلگۈچىنىڭ شەنفېڭنىڭ 6 ـ يىلى دەپنە قىلىنغانلىقى يېزىلغان، بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، جەسەدنىڭ دەۋرى مىلادى 1851 ـ 1861 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەسەد دەپنە قىلىنىشتىن بىر نەچچە ئون يىل بۇرۇن، بىر نەچچە يۈز كىشىنىڭ جەسىدىنى بۇ مازارلىقتا دەپنە قىلىنغان.

مۆيسىپىت كىشىلەردىن تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلىشىمىزچە، خۇيزۇلارنىڭ ناھىيىمىزگە دەسلەپكى قېتىم كەلگەنلىرى مانجوكۆل ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ كەلگەن ۋاقتى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، 300 يىلغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. 2 ـ قېتىم كەلگەنلەر، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھەربىي گېنىرالى زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، نىڭشا قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قوزغىلاڭدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تەخمىنەن 20.000 ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار شىنجاڭنىڭ پوكاڭ، جىمسار، سانجى

قاتارلىق جايلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جايدا يەنە قوزغىلاڭ بولۇپ، ئېغىر قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇن نەچچە مىڭ كىشى بەي يەنفۇ دېگەن كىشىگە ئەگىشىپ ئاقتۇغا كەلگەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بەي يەنفۇ بىلەن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ قارا قول دېگەن جايىغا ئورۇنلاشقان، ئاز قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىلىپ، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق ناھىيەلەرگە كەلگەن، يەكەنگە كەلگەنلىرى ئەينى ۋاقىتتا 300 ئائىلە ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ناھىيىمىزنىڭ يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى گەيشىڭ دېگەن جايىغا، يەنە بىر قىسىملىرى ئالمەت، ئودانلىق دېگەن يېزىلارغا ئورۇنلاشقان.

### 3. شۇغۇللانغان كەسىپلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ناھىيىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ يېزىغا ماكانلاشقانلىرى ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەھەرگە ماكانلاشقانلىرى سودا - تىجارەت، يېمەك - ئىچمەك، مەسىلەن: دۇفۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەش، ئاشپەزلىك، لەڭپۇڭ، گازىرچىلىق، سەيپۇڭلۇق، كىچىك يايمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتلىقلىرى ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا تەرجىمانلىق، بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق ۋە باشقا مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرمۇ ناھىيىمىز-



دىكى خۇيزۇ زىيالىيلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، مەدەنىي - مائارىپ ۋە كەسپىي، ئىقتىسادىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

### 4. دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى ۋە مەزھەپلىرى

خۇيزۇلار 18 - ئەسىردىن ئىلگىرى سۈننىي (ئىمامى شافى) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان، 1780 - يىللىرى ئەتراپىدا ئىرانلىق مەغرۇپ شاھ ھەزرىتىم دېگەن كىشى ئافغانىستان ئارقىلىق يەكەنگە كېلىپ، شەھەر ئىچىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مېيشا يېزىسىنىڭ چاپخانا دېگەن جايىغا ماكانلاشقان، بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ ئورۇندىكى بەش مو ئەتراپىدا كېلىدىغان جايغا بىر خانىقا، بىر مەدرىس، بىر مەسچىت سالدۇرغان، يەرلىك خۇيزۇلارغا دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، 300 مودىن ئارتۇق يەرنى خانىقا، مەسچىتكە ۋەخپە قىلدۇرغان. بۇ كىشى ئىشان بولۇپ، «سوفىزىم» نى كەڭ تەشەببۇس قىلىش بىلەن شۇ دەۋىردىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى ئارقىلىق كۆپ ساندىكى خۇيزۇلارنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىپ، ئىشانلىقنى يولغا قويغان، مەغرۇپ شاھ ئىسلام دىنىي شىئە مەزھىپىنىڭ ئېتىقادچىسى بولۇپ، مۇرىت بولغانلارنىڭ بىر قىسمى يوشۇرۇن ھالدا شىئە مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان، لېكىن ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بارالمىغان. بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەرلىك خۇيزۇلار ئىچىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەردىن خەن جەنشى (ئۇيغۇرچە ئىسمى داۋۇت خەلىپە)، خەن جەنسۇڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى موساخەلىپە) قاتارلىقلار خانىقا، مەدرىس ۋە دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىغا ۋارىسلىق

قىلغان. بۇلارمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى بىلەن ۋاپات تاپقان-
دىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن خەن جىندۇڭ (سىراجىددىن
خەلىپە)، خەن جىنشا (جالالىددىن خەلىپە) قاتارلىقلار
شۇ دەۋىردىكى ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورۇنلاردا خىزمەت
ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، 1922 - يىلىدىن باشلاپ ۋارىسلىق
قىلىش ئادىتى ۋە ئىشانلىق دىنىي پائالىيەتلەر تاشلىنىپ
قالغان. شۇنداق قىلىپ، شىئە مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىمۇ دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ئاياغلاشقان. مەسچىت، مەدرىسلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان
قىسمىغا 1959 - يىلى گۇڭشېلىشىش مەزگىلىدە ناھىيىلىك
دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ قورۇلۇشى سېلىنغان بو-
لۇپ، ھازىرغا قەدەر تەجرىبە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ باش-
قۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

2 - قىسىم 1861 - يىلى تۈركىيەدىن غۇلام مەسۇم خان
دېگەن كىشى يەكەنگە كېلىپ، شەھەرنىڭ غەربىي - جەنۇب
تەرىپىدىكى ئىراباغ گۈزە دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان،
بىر يىلدىن كېيىن ئۆز خانىسىدىن باشقا جايغا خانىقا
سالدۇرۇپ، ئىشانلىقنى يولغا قويۇش بىلەن خۇيزۇلارنى
مۇرىتلىققا قوبۇل قىلغان. بۇ كىشى سۈننىي مەزھىپى (ئىمامى
شافىئى) دە بولغانلىقى ئۈچۈن خۇيزۇلارنىڭ ھەممىسى سۈننىي
مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. مەزكۇرنىڭ تەسىر دائىرى-
سى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن نىڭشا، چىڭ-
خەي، شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، پوكاڭ قاتارلىق جاي-
لاردىكى خۇيزۇلاردىنمۇ ئاز بولمىغان كىشىلەر مۇرىتلىققا
قوبۇل قىلىنغان.

غۇلام مەسۇم خان غوجا 1911 - يىلى ۋاپات بولغان-



دىن كېيىن، بۇ كىشىنىڭ ئوغلى ئۆمەرخان غوجا خانىقاغا
ۋارىسلىق قىلىپ، ئىشانلىقنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ كىشى
1958 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 3 - ئەۋلاد ئاچىسىنى-
نىڭ ئوغلى مەھەممەتخان غوجام ۋارىسلىق قىلىپ، ئىشان-
لىق، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ كىشى ھازىر
70 ياشتىن ئارتۇق بولۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى.
يۇقىرىقى ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ مىللىتى خۇيزۇ بولمىسىمۇ ئەم-
ما غوجا - ئىشان، مۇرىتلارنىڭ پىرى بولغانلىقى ئۈچۈن
ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ ھەر يىلى بارائەت، رامزان
ئايلىرىدا نىڭشا، چىڭخەي، شەرقىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم
جايلىرىدىن مۇرىت ئەۋلادىدىن بولغان بىر نەچچە خۇيزۇلار
كېلىپ، مەھەممەتخان غوجام ۋە بۇ كىشىنىڭ ئاتا - بوۋى-
لىرىنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت ۋە تىلاۋەت قىلىپ قايتىش-
ماقتا. 1961 - يىللىرى ئىچكىرىدىن كېلىپ ئۇدانلىققا ئورۇن-
لاشقان تەن ئاخۇن باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلار، ئىسلام
دىنىدىكى سۈننىي مەزھەپ ئىچىدىكى ۋاھابىي دېگەن مەز-
ھىپىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى،
ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جىنازىسى ئالدىدا تارقىتىدىغان «دورا-
نى پۇلى» بىلەن تۇپراق بېشىدا تەقسىم قىلىنىدىغان «ئىس-
قات سالات» پۇلىنى قويسا قوبۇل قىلمايدۇ؛ ئۆلۈم يېتىم
پەتىھەسىگە كېلىدۇ، نەزىر ئاش يېمەيدۇ، قولىنى جۈپلەپ
دۇئا قىلمايدۇ، ئىككى قولىنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىپ جۈپلاش-
تۇرماي دۇئا قىلىدۇ، ئۆشرە، زاكات قوبۇل قىلمايدۇ.
يېڭى مەزھەپ بىلەن كونا مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئوخشىماس-
لىق تەرىپى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ھەر ئىككىسى سۈننىي مەز-
ھەپكە تەئەللۇق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا

ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئىسلام قائىدىلىرى، دىنىي پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، بۇ توغرىدا بىرەر زىدىيەتلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرى يوق، ئۇلار بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، يول قويۇش ئارقىلىق ئىناق بولۇپ ئۆتمەكتە.

## 5. دىنىي پائالىيەتلىرى

1905 - يىلىدىن بۇرۇن، خۇيزۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادى كېلىپ ئورۇنلاشقان مانجوكۆل قېشىدىكى راۋاق تۈۋى دېگەن جايدا بىر چوڭ مەسچىت بولۇپ، كېيىنكى قېتىم كەلگەنلەر كۆپرەك گەيشەك دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بۇرۇنقى مەسچىت بار جايدىكى خۇيزۇ جامائەتلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، - بالا چاقىلىرى باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن مەسچىت جامائەتسىز قالغانىدى. شۇڭا 1906 - يىللىرى بۇ مەسچىتنى يۆتكەپ، گەيشەك دېگەن جايدىن يەر ئېلىپ بىر مەسچىت سالغان. 1960 - يىلى ئىچكىرىدىن كېلىپ ئۇدانلىق يېزىسىغا ئورۇنلاشقان خۇيزۇلار 1985 - يىلى مەخسۇس بىر خۇيزۇ مەسچىتى سالغانىدى، ھازىر بۇ مەسچىتكە تەن ئاخۇن دېگەن كىشى ئىماملىق قىلىدۇ. ھازىر ناھىيىمىزدە خۇيزۇلارغا تەئەللۇق بولغان ئىككى مەسچىت بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرى شەھەرنىڭ ئىچىدە، يەنە بىرى يېزىدا، خۇيزۇلار بۇ مەسچىتلەردە ھېيت نامىزى، جۈمە نامىزى، كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز ۋە باشقا نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا، خانىقالاردا جەھرى ھەلقە ئېلىپ بېرىش،



ئازادلىقتىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

## 6. خۇيزۇلار ئىچىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەربابلار

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەغرۇپ شاھ ھەزرىتىم بىلەن غۇلام مەسۇم خان غوجاملاردىن باشقا، خۇيزۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەردىن بىر قانچىسى ئۆتكەن.

(1) خەن دارىن (ئۇيغۇرچە ئىسمى جالالىدىن)، 1924 - يىلىدىن بۇرۇن دېھقانچىلىق، تىجارەت ۋە ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1925 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە قەشقەردىكى مادوتەي، جاڭ يوفىڭ، لوبىڭ سىلىڭ، مامۇت سىجاڭ قاتارلىقلارغا مەسلىھەتچى (سەنمۇ) بولغان، 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا قايتىپ كەلگەن. 1937 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ يەكەندىكى ھەربىي ئەمەلدارى لوبىڭ سىلىڭ تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 12 - ئاي ئەتراپىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

(2) خاجى چۈەن (ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىبلاخۇن باي)، 1925 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە يەكەن چىڭ فاڭ تۈەنىدە كاتىپلىق قىلغان، 1933 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1934 - يىلى 5 - ئايلاردا تۈرمىدىن چىققان. 1935 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە يەكەن تاموژنا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (جۈجاڭ) بولغان، 1937 - يىلى 7 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىققان. 1949 - يىلى 12 - ئايغىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئازادلىقتىن كېيىن 1949 - يىلى 12 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئۆزگەرتىلگەندىن

كېيىن، 1955 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن. 1956 - يىلى دۆلەت شىركەتچىلىكىدىكى سودا سارايىغا بىر قىسىم ئۆي، دۇكان، مەلۇم سەرمايە قوشۇپ ئەزا بولغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتىپ چىقىرىلىپ، 1970 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چوڭ يىغىنغا ئېلىپ ماڭغاندا، ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئىستىزۋېتىلىپ يىقىلىپ كەتكەچكە مېڭىسىگە قان چۈشۈش بىلەن ۋاپات بولغان.

(3) مامىڭ ئىچىلىڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى رامزان ئاخۇن)، بۇ كىشى خۆيزۇلارنىڭ چوڭ ئاخۇنى بولۇپ، خۆيزۇ مەسچىتتە 30 يىل ئىماملىق قىلىپ، يەكەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

سىيىت ئاخۇن، بۇ كىشى 1941 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە يەكەن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە خۇيجاڭ بولغان، كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1950 - يىلى ۋاپات بولغان. يەنە ھاشىم ئاخۇن، لوياخۇن، دەنداخۇن قاتارلىق كىشىلەر خۆيزۇلار ئىچىدىكى ئاتاقلىق ئەربابلار بولۇپ، كېسەللىك، قېرىلىق سەۋەبى بىلەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ۋاپات بولغان.

ھازىرقى كۈندە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، بىر قەدەر ھۆرمەتكە لايىق كىشىلەردىن مافى گۇي (ئۇيغۇرچە ئىسمى ئابلاخان) تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ. يەكەن سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىخۋەنىڭ، ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت كەسپىي ئورۇنلىرىدا تەرجىمانلىق، بوغالتىرلىق خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن، 1985 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. تۆمۈر ئاخۇن ھازىر ئۇدانلىق يېزىسىدا بولۇپ، ئۇدانلىق خۆيزۇ مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىنى ئۆتەيدۇ، ئۇ كىشىمۇ شەھەر



يېزىلاردىكى خۆيزۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە.

## 7. مەدەنىي مائارىپ ۋە ئەدەبىي سەنئەتى

يەكەندىكى خۆيزۇلارنىڭ مەخسۇس مەكتىپى بولمىغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر بالىلىرىنى مەدرىسلەردە ئوقۇتقان بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇتقان. 1931 - يىلى گەيشەڭدىكى خۆيزۇ مەسچىتىدە بىر سىنىپلىق خۆيزۇ دىنى مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، سۇ ئاخۇن دېگەن كىشى مۇئەللىم بولۇپ، ئەرەبچە قۇرئان، كىتابلارنى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان.

1933 - يىلى يەكەندە يۈز بەرگەن خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ قالايمىقانچىلىقىدا بۇ مەكتەپ ئەمەلدىن قالغان. 1935 - يىلى يەنە ئۆز ئورنىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ياڭ خوشاڭ دېگەن كىشى مۇئەللىم بولغان. بۇ ۋاقىتتىكى بالىلار خەنزۇچە تىلىنى ئاساس قىلىپ، پەننىي ۋە دىنىي دەرسلەردىن بىلىم ئالغان. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، بۇ مەكتەپ يېڭى شەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، 1937 - يىلىدىن ھازىرغىچە خۆيزۇلارنىڭ ئايرىم مەكتىپى بولمىغاچقا، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئىختىيارلىقى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەكتەپلەردە بىلىم ئالماقتا. ناھىيىمىزدىكى خۆيزۇلارنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن ئۆز ئالدىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي سەنئەت، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەشكىلىي پائالىيەتلىرى يوق.

## 8. ئۆرپ - ئادەتلىرى

خۇيزۇلارنىڭ ناھىيىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن ھەر خىل پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىرگە بولغان تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، كۆپ جەھەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇيغۇر، خەنزۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. پەقەت گەۋدىلىك بولغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئوغۇل - قىزلارنىڭ تويىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى دانە قوشقارنىڭ بېشىنى قىزىل رەڭدە بوياپ، لېنتا باغلاپ، قىزنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن بىرگە قىز ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ، توي مۇراسىمى قىزنىڭ ئۆيىدە بولماستىن، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. نىكاھ مۇراسىمىدا، يىگىت بىلەن بىرگە كەلگەن قولداشنىڭ ئاستىغا قىزىل كىگىز سېلىنىدۇ، بۇلار كىگىز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ (تىزلىنىپ) ئولتۇرىدۇ، ئارقىسىدا تويغا قاتناشقان ياشلار ئۆرە تۇرىدۇ، نىكاھقا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ئاخۇن يىگىتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا شىرە قويۇلىدۇ. قىز يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئىككى ياندىن ئورۇن ئالىدۇ. تويىدىن بۇرۇن قىز تەرەپتىن يىگىتكە ۋە ياشلارغا قىزىل بويالغان ياڭاق، چىلانلارنى تارقىتىدۇ، نىكاھ قىلغاندا قىز بىۋاستە جاۋاب بەرمەيدۇ، قىزغا ۋەكالىتەن قىزنىڭ ئاتا ياكى ئانا تەرەپتىكى تاغىلىرىدىن بىرسى جاۋاب بېرىدۇ. ئوغۇل بىۋاستە «ئالدىم»، دېگەن



جاۋابنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ئوغۇلنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن بارلىق ياشلار يىگىتنىڭ بېشىغا ياڭاق بىلەن چىلان ئاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپتىكى يىگىت قولدىشى بولغانلار يىگىتنىڭ بېشىنى يۆگەپ، مۇھاپىزەت قىلىدۇ. (2) قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ياشلار ئۈچ كۈنگىچە بىر ئالمىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپ، ئوغۇل بىلەن قىزنى چىشلىگىلى سالىدۇ، ئالما ئىككى تەرەپكە مىدىرلاپ تۇرغاچقا، چىشلىيەلمىسە مازاق قىلىدۇ. (3) توي بولۇپ 3 - كۈنى قىز بىلەن يىگىت قىزنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ، قىز تەرەپ بۇ چاغدا باشقا مېھمان چاقىرمايدۇ. (4) توي مۇراسىم كۈنى قوينىڭ يۈرەك، جىگەر، بۆرەك، ئۆپكە، ئۈچەي، كاللا قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرىدىن سەككىز خىل ئوخشىمايدىغان سەي تەييارلايدۇ، بىر ئاز ئىقتىسادلىقلىرى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن قىممەت باھالىق سەي تەييارلايدۇ. بۇنىڭغا قۇربىتى يەتمىگەنلەر ھازىر گۈرۈچ ئېشى، قورداق بىلەن مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدۇ. (5) توي مۇراسىمىدىن كېيىن يىگىتكە قىز تەرەپنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىنى بىر بىرلەپ تونۇشتۇرىدۇ، يىگىت ھەر بىر كىشىگە ئېگىلىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ سۇنۇپ تازىم قىلىدۇ. (6) ئۆلۈم - يېتىم (مۇسىبەت) بولغاندا، كىچىكلىرى ئۆلۈپ كەتسە چوڭلار قارىلىق باغلىمايدۇ، ياشانغانلىرى ۋاپات بولسا چوڭ كىچىك ئۇرۇق تۇغقانلار كېپەنەك كىيىپ، بېشىغا ئاق باغلاپ ماتەم تۇتىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ئايالى قارىلىق باغلايدۇ، ئايالى ئۆلۈپ كەتسە ئېرى قارىلىق باغلىمايدۇ. مۇسىبەتتىن كېيىنكى 7 - كۈنى كالا، قوي

ئۆلتۈرۈپ، شورپا بىلەن خاجەرنان قىلىپ نەزىرسىنى بېرىدۇ. مېھمانلار قايتار ۋاقتىدا ھەر بىر كىشىگە بىردىن يۇپۇڭزا (قويماق)، ئۈستىگە بىر پارچىدىن كالا گۆشى قويۇپ يوللۇق تۇتىدۇ. يۇقىرىقى ئادەتلەر ئارقىلىق 49 كۈنگىچە ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن يەتتە قېتىم نەزىر ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋاپات بولغۇچىنى خاتىرىلەيدۇ. بىرىنچى قېتىمقى نەزىردىن كېيىنكى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىرلەر شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا ئاساسەن ئازبولسا ئاز، كۆپ بولسا كۆپرەك مېھمان بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە يۇپۇڭزا، ماخورا، ھەر خىل پىچىنە پىرانىكلارنى ئاساس قىلىپ، ساڭزا، تۇقاچ، گۆش بىلەن مېھمان كۈتىدۇ. ھېيت نامىزىدىن كېيىن ھەر بىر كىشى خاتىپ، ئىماملارغا سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئاندىن مەسچىتنىڭ مۇتىۋەللىسى مەسچىت ئىچىگە جەينماز سېلىپ ئولتۇرىدۇ. جامائەت ئىختىيارلىق ئاساستا بىر نەچچە يۈەندىن پۇل سەدىقە قىلىدۇ. بۇ پۇلنى ئىمام، مەزىن، مۇتىۋەللى، خاتىپلار ئالدى بىلەن 30% نى خۇيزۇلار ئىچىدىكى كەمبەغەل، كېسەل، مېيىپ كىشىلەرگە بېرىدۇ، 50% نى مەسچىتنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا، مەنقۇلاتىغا سەرپ قىلىدۇ، 20% پۇلىنى ئۆزلىرى خىراجەت قىلىدۇ. ھەر يىلى بارات ئېيىدا مويسىپىتلەر ھەر كۈنى بىرى ئۆيىدە بىر كېچىدىن تۈنەك قىلىپ، مەۋلۇت ئوقۇيدۇ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەسلەيدۇ ۋە تۆۋە - ئىستىغپار قىلىدۇ. (7) بالا تۇغۇلۇپ 2 - كۈنى ئاخۇنۇم چاقىرىپ ئەرەبچە (خۇيزۇچە) ئىسىم قويۇلىدۇ. يەتتە ياشتىن ئاشقاندا يەنە بىر قېتىم خەنزۇچە ئىسىم قويۇلىدۇ. تۇي مۇراسىمىنى



بولىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەندە ئەرەبچە (خۇيزۇچە) ئىسمىنى ئاتايدۇ، ئوغۇل باللارنى خەتنە قىلىدۇ. (8) كىيىم - كېچەكلەر ئاساسەن خەنزۇچە بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ياشانغانلىرى ئاق دوپپا كىيىدۇ، ئاياللارنىڭ كىيىمى ئۆزىنىڭ تىزى بىلەن تەڭ بولىدۇ، ياشانغانلىرى قارا رومال ياكى ئاق رومال ئارتىدۇ. ئائىلە تۈزۈلۈشى كۆپرەكى خەنزۇچە نۇسخىغا ئوخشايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنقى خۇيزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىدە بىر يۈرۈش ئۆرپ - ئادەتلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بەزەنلىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن قالغان، يەنە بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرى زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىسلاھ قىلىنغان.

## 9. يەكەن تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى

1932 - 1933 - يىللىرى قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۆمۈر سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، شەرقىي جەنۇبتىن شامەنسۇر (ئابدۇللا)، ئىمىر سايىپ قوشۇنلىرى پوسكامغا يېتىپ كېلىپ، يەكەنگە يۈرۈش قىلىش ئېھتىماللىقى يېقىنلاشقاندا، ئىككى تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەھدىتى يەكەن ئەمەلدارلىرى ۋە خەلق ئىچىدە كەسكىن بىر ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى، يەكەندىكى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى

ئالاقىزادە ئىچىدە قېلىپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان ھەر مىللەت خەلقىدىن 10 دىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالدى. مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن مادوتەي بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، قەشقەر كونا شەھەردىن 300 گە يېقىن قىرغىز ئەسكەرنى يۆتكەپ كېلىپ، يەكەندىكى خۇيزۇلاردىن خەن جىنشى (جالالىدىن) دېگەن كىشىنى تۇەنجاڭلىققا، خۇيزۇ خۇاجىچەن (ئېلى ئاخۇن باي) نى مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىققا بەلگىلەپ، شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلدۇ. 1933 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ تۆمۈر سىلىڭغا قارىتا باشقىچە پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى بىلىپ، يەكەندىكى خۇيزۇلارغا ئىشەنگەنىدى. ئۇلار قىرغىز قوشۇنىنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغاندا، تۇەنجاڭ خەن جىنشى قەشقەردە بولۇپ كېلەلمىگەن، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قېچىپ، يەكەندىكى ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ باشلىقى ئابدىلھەمىت ئاقساقالنىڭ جايىغا (چىنەباغقا) يوشۇرۇنۋالغان. قىرغىز پولكىدىن × × × × × باشچىلىقىدا بارلىق قىرغىز (ئاز ساندىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ) قوشۇنلىرى شامەنسۇر قوشۇنلىرىغا قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولغان، بىرەر سوقۇش يۈز بەرمىگەن. خۇاجىچەننى ئازلا ئۆتمەي شامەنسۇر نەزەربەنت قىلىپ تۈرمىگە ئالغان. 1934 - يىلى 2 - ئاي مەزگىلىدە، شامەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئىمىر ساھىبلار قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ يەكەندىكى خۇيزۇلاردىن 1000 ئەتراپىدا كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغان ھەم بۇلاردىن 80 كىشىنى، باغلاپ، بىر نەچچە ھارۋا بىلەن بىر بەن قوزغىلاڭ-



چى قوشۇنىنىڭ مۇھاپىزىتىدە خوتەنىنىڭ ئىلچى، قاراقاش ناھىيىلىرىگە ئاپىرىپ، يەر ئىگىلىرىگە بەشتىن 10 غىچە كىشلەرنى نازارەت بىلەن ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1936 - يىلى 8 - ئايلاردا، ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەندە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇلارنى نازارەتتىن بوشاتقان، ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ياشانغانلىرىنى يەكەنگە قايتۇرۇۋەتكەن، بۇلار تۈرلۈك خارلىنىشلاردا بولغان بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈش، قىيناش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمىگەن، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ خۇاجىچەن (ئېلى ئاخۇن باي) مۇ 1934 - يىلى ئەتىيازدا قويۇۋېتىلگەن.

1933 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە يەكەندە خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن پولات تۇەنجاڭ، ھاپىز تۇەنجاڭ قوشۇنلىرى، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ماخۇسەن قوشۇنلىرى تۇرغان. ماخۇسەن قوشۇنلىرى سان - سۈپەت، قورال جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلغان، ئىككى خىل قوشۇن كونا شەھەردە بولۇپ، ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت بولۇۋالغانلىقتىن ئوتتۇرىدا سۈركىلىش بولۇپ تۇرغان.

1936 - يىلى ماجوڭيىڭ قوشۇنلىرىنى، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ياللانغان سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ تانكا، ئايروپىلانى ئارقىلىق يەكەندىن قاغىلىق، خوتەن تەرەپلىرىگە چېكىندۈرگەن، بۇلار كەلگەندىن كېيىن خۇيزۇلارغا تەگمىگەن، ماخۇسەن قوشۇنلىرىمۇ يەكەندە تۇرغان ۋاقىتتا، يەرلىك پۇخرالارغا زىيانكەشلىك قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ جەھەتتە چوڭ سۈركىلىش، ئۆچمەنلىك ئەھۋاللىرى يۈز بەرمىگەن. لېكىن 1933 - يىلىدىن 1937 -

يىلغىچىلىك ئارىلىقتىكى قالايمىقانچىلىقتا مەيلى خوْيزۇ، ئۇيغۇر بولسۇن، خەنزۇ بولسۇن ھەر قايسى تەرەپتىن ئۆلگەن، زىيان - زەخمىگە ئۇچرىغانلار ئاز ئەمەس. بۇ ئەھۋاللار كېيىنكى يەكەن تارىخى ماتېرىياللىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.



# قارا شەھەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

ئەيسا مۇسا

## 1 - قارا شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

قاراشەھەر كونا، قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، شەھەرقۇرۇلۇشى ئۆتكەن دەۋرگە لايىق سېلىنغان، شەھەرنىڭ شىمالى تەرىپىدە تۆت دەرۋازىلىق چوڭ سېپىل بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە ئۈن نەچچە قوراللىق كىشى سىغارلىق كۆركەم راۋاق بارئىدى. سېپىلنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ ئۈستىدە بىردىن تۆت چوڭ توپ زەمبىرەكى قويۇلغان ئىدى، سېپىلنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە بىر يىلىك ئەسكەر بولۇپ، بۇنىڭ ئەسكەر باشلىقى ماجىڭفۇ (خوْيزۇ) ئىدى، ئۇنىدىن باشقا يېڭىدىن كەلگەن نيوجىڭشۇسى (خەنزۇ) ۋالىي ئىدى، جۈملىدىن گوزۇڭچاڭ قاتارلىق بىرقانچە قان ئىچكۈر زۇڭجاڭلار، يەرلىك ئەمەلدارلار، خەنزۇ قاسساپلار، گۆرۈكەش ۋە ئەپيۇنكەش سودىگەرلەر بارئىدى.

قارا شەھەر ئەسلى بىر ناھىيە بولۇپ، 1920 - يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇزۇ ئالاھىدىلىكىگە ۋە

يەرشارائىتىگە ئاساسەن كوچىلىرىغا ھەرخىل ناملار بېرىل-
گەن ئىدى. مەسىلەن: شەھەرنىڭ (سېپىلنىڭ) جەنۇب تەرى-
پى (دەريانىڭ ئۇياقى) خوجىلۇق، شىمال تەرىپى (دەريا-
نىڭ بۇياقى) چوڭ رەستە، كىچىك رەستە، قەشقەر
مەھەللىسى، سۆگەت كوچىسى، تۆت كوچا، قالماق كوچىسى،
ساڭخو كۆۋرۈك، يېڭى مەھەللە، لىڭگۇ مەھەللىسى، بايتاغام
مەھەللىسى، موپاڭ كوچىسى، خانىقا كوچىسى، مامۇت موپاڭ
كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. تۆت كوچا يېنىدا بىر بۇتخانا بولۇپ،
بۇنى قىزىل بۇت دەپ ئاتايتتى. ھازىرقى ئاشلىق ئىدا-
رىسىنىڭ ئورنىدا ئاق بۇت دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇتخانا
بارئىدى، ھازىرقى بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا «زالاڭ
يامۇلى» دېگەن بىربىنا بارئىدى.

قاراشەھەر ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي شىنجاڭ بىلەن
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىدى، سودا - سېتىق
تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى پاراۋان، باياشات، ئاۋات
شەھەر بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئىناق ياشايت-
تى. مىللەتلەر تەركىبى: ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ،
قازاقلاردىن ئىبارەت ئىدى،

## 20- 30- يىللاردىكى پاراكەندىچىلىك

چىڭخەيدىن ماشىمىڭ سىجاڭ بىلەن مالۇجاڭ،
توخسۇندىن توختى شاڭيو دېگەن تەنجاڭ، ئىلانلىقتىن
ئاقۇپ جىسا دېگەن زىڭخۇي بولۇپ، توخسۇن، كۆمۈش،
چۇققو، ئۇششاقتال، تېۋىلغۇ، لۇشخولاردىن تېرىشتۇرۇپ
ئىككى يۈزدەك ئادەمنى يىغىپ قارا مىلتىق، ئارا گۈرجەك،
ئوغاق، پالتا، توقماقلار بىلەن قوراللاندۇردى. بۇلار شەھەرنىڭ
لۇشىخو، توڭگۇزلۇق دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىدىكى خۇيزۇ
مەسچىتكە ئورۇنلاشقان ئىدى. كېيىن بۇلار شەھەرگە كىرمەك-



چى بولۇپ، ئالدىدىن ئادەم ئەۋەتىش ئۈچۈن بۇنىڭغا
مويدۇن ئاخۇن، كىرەمباي، مەن (ئەيسا مۇسا) ياسىن،
مەھەممەت جىلان، مۇساخان، ئىمىن ئاخۇن، توختى شالۋاق،
ساتتارئېلى قاتارلىقلار بەلگىلىنىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ
يۈرۈش قىلدۇق. شۇ ئارىدا، دوتەي - شىيەنجاڭلار ياللىغان
ئادەملىرى بىلەن بىزگە ئۇچرىغان ئىدى، بىز ئارقىغا
قايتىپ ئۇلارنى تۆەنجاڭ، لۈيجاڭ، سىجاڭلار بىلەن كۆرۈشتۈ-
رۈپ سېپىل ئىچىگە كىردۇق، قورال - سايمانلارنى تىزىملاپ
تاپشۇرۇۋېلىپ، ھارۋىكەشلەر شاڭيۇسى سىدىق شاڭيو، توخ-
تى قۇم دېگەن كىشىلەرنىڭ ھارۋىلىرىغا بېسىپ، گۇڭخا-
جىنىڭ ئۇن سارىيىغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن
يۇقىرىغا خەۋەر قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن باشلىقلار كەلدى. ماشى-
مىڭ ماشىڭنىڭنىڭ (مارىڭ نىڭنىڭ) جايىغا ئورۇنلاشتى، مالۈي-
يجاڭ، توختى تۆەنجاڭلار گۇڭخاجىنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتى.
لېكىن دوتەي، شىيەنجاڭلار ئامان قالغان ئىدى. چۈنكى
دوتەي نيوجۇڭشوسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى،
شەنجاڭ قوشۇلۇپ سەپكە كىرىشنى توغرا تېپىپ ۋەدە بەر-
گەن ئىدى. شۇ كۈنى مەجلىس ئېچىپ قارا شەھەردىن
ھەربىي قوشۇن (ئۇيغۇرلاردىن) تەشكىللەپ، كورلىغا يۈرۈش
قىلىش ئۈچۈن ئىناۋەتلىك ۋە يەرلىك كىشىلەردىن
ئىككى يۈزئەللىك ئادەم تىزىملىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارغا
ئۆمەر ئاخۇن، تاش ھاجىمنى باشلىق قىلىپ، مويدۇن
لەنجاڭنى، كىرەمباينى، مىنى (ئەيسا مۇسا)، سادىق
ھاجى قاراقاشنى، مۇساخاننى پەيلەرگە بۆلۈپ، پەيجاڭ-
لارغا تېگىشلىك ئادەملەرنى ئايرىپ، كورلىغا بېرىپ جەنلۈي-
جاڭ بىلەن كۆرۈش قىلىپ، كورلىنى پەتلى قىلىشنى

بۇيرىدى. بىز شۇئان تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىپ، ئەتىسى سەھەردە كورلىغا يېتىپ بېرىپ، سايباغدىكى باۋۇدۇن ھاجىمنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. ئەلچىلەشمەكچى بولۇپ ئادەم كىرگۈزسەك، جەنلۇيجاڭنىڭ بىزلەرنى مايمۇن قىلىپ ئۇينىتقۇسى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بارغان سەبداشلىرىمىز ئۈچكە بۆلۈنۈپ، ئۈچ تەرەپتىن شەھەرگە كىرىپ قاتتىق ئېلىشىپ، بەش سائەت ئىچىدە جەنلۇيجاڭنى مەغلۇپ قىلدۇق. بۇ ئىشقا كەلگەندە كورلا خەلقى ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جەنلۇجاڭنىڭ كالىلىسى قارا شەھەردە ماشىمىڭ ھوزۇرىدىن ئورۇن ئالدى، لۇيجاڭنىڭ كۆيئوغۇلى جاڭ تۇەنجاڭ كورلا چوڭ كۆۋرۈك ئاستىدا جان بەردى. بىز قارا شەھەرگە قايتىپ چىقىپ، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى تەرەپكە ماڭماقچى بولدۇق. قارا شەھەردىن ھاپىز ۋۆكجاڭ، كاڭ مەزە تۇڭگان، كورلىدىن، ئېلى ھاجى، خالىق ھاجى، ئوغلى ئابدۇراخمان، كۇچاردىن، ھارۋىكەشلەر شاڭيوسى تۆمۈرنى قەشقەرگە بەلگىلەپ قويۇپ، بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىمىزغا بۇيرۇق بېرىلدى. شۇ چاغلاردا قارا شەھەر پۈتۈن بىر ناھىيە بولۇپ، تورغۇت، خوشۇت دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلاتتى. تورغۇتنى - تۆگمەن (تونۇيۇن)، خوشۇتنى - بەيسى لۇيۇن ۋاڭزىلەر باشقۇراتتى. مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە ئېلىپ باراتتى. ئەنە شۇ مەنزىللەردە تۆگمىگەن يۇقاپ كېتىپ ئورنىغا بالىخان قالدى، ئۆمەر بايىنىڭ ئورنىغا مويدۇن ئاخۇننى بەلگىلەپ، ئۇدۇل تاغ بىلەن نەنسەنگە كېلىپ تۆت كۈن تۇرۇپ ئالدى — كەينىمىزنى تەگشەپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كىرىپ مالۇيجاڭ، توختى تۇنجاڭ-



لار باشچىلىقىدا باخۇلياڭدىكى تۇرسۇن بوۋاينىڭ ھويلىسى بىلەن ئەر دارىننىڭ جاڭزىسىغا ئورۇنلاشتۇق، ئاندىن ئۇشەندەن ئورنىدىن ئىش باشلىدۇق. شۇ ئورۇننىڭ ئاستىدا شەھەر ئىچىدىن كەلگەن يول بولۇپ، شۇ يولدا كۆك چاپان، ئەتور تۇماق ئەسكەرلەر، يەنى خەنزۇ، موڭغۇل، ئورۇس، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، ئاستىمىزدىكىلەرنى تۇيماي يۈرۈپتىمىز، تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدۇق. ئۇلار ئېغىر قورال - ياراقلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، بىزگە قارشىلىق كۆرسەتتى. بىز ئاجىز كېلىپ يېڭىلدۇق. چوڭ كۆۋرۈك، قىزىل تاغ تەرەپتىكىلەرمۇ ئاجىز كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇلارمۇ چېكىندى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئۆتكەندە كېچىلەپ نەنسەنگە قايتىپ كەتتۇق. شۇ كېچە يۇقىرىدىن: «داۋانچىڭ تاغ ئاغزىنى توساپ، قومۇلدىن يانغان شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى بىرنى قويماي قىرىپ تۈگەتۈش» دېگەن بۇيرۇق چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم داۋانچىڭغا يۈرۈش قىلدۇق. بىز بارغىچە شىڭ شىسەي داۋانچىڭ بازىرىغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان ۋاقىت ئىكەن، شۇڭا بىز ئۇلارنى توسىيالمىدۇق. ئارقىدىن سايپوپىغا كېلىپ ئالدى - كەينىدىن قورشاپ يوقاتماقچى بولدۇق. خېلى ئېلىشتۇق، بىر ئاز ئادەم چىقىم بولدى. مېنىڭ ئىككى قولۇم، بىر پۇتۇمغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغانلىقىمدىن چېكىنىپ نەنسەنگە قايتىپ كەتتۇق. شىڭ شىسەي ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە كىرىپ ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جىن شۇرېنغا قارشى ھۇجۇم قىلدى. جىن شۇرېن ئايروپىلان بىلە-

لەن قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى شېڭ شىسەي ئىگەللەيدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا خېجىڭ پۈتۈن ناھىيە بولۇپ، بالىخانىنىڭ ئايالى ھاكىم بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيتتى. خۇشۇت يېرىم ناھىيە بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇششاقتالغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭغا خۇخەيبىڭ دېگەن كىشى جۇيجاڭ بولۇپ ئىشلەيدۇ. كورلا قارا شەھەردىن ئايرىلىپ پۈتۈن ناھىيە بولۇپ، ئابدۇل پەتتار، ئابدۇل ۋەلىيۇپ ھاكىم بولۇپ ئىشلەيدۇ.

## 3. شېڭ شىسەي دەۋرىكى مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى

قارا شەھەر شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن دەسلەپكى دەۋرىدىلا ۋىلايەت بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن سانائىنەپىسە ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، شۇ قاتاردا خەنزۇ، خۇيزۇ ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلغان ئىدى. ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلۇپ، مەدەنىي ـ مائارىپ خىزمەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللارنى بىر ـ بىرلەپ يىغىپ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئۇدۇللۇق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى شەنلى مەكتەپلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن ساۋاتسىزلىقنى يويۇش كەچ كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. قەيەردە بىرەر مۇساپىر ئۆلۈپ قالسا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، دەپنە قىلىشتىن سىرت، ئىگە ـ چاقىسى يوق، ياشانغان، پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر كەتكەن مېيىپ كىشىلەرنى ئەر ـ ئايال دېمەستىن دارىل ئاجىزىن باغچىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق بولغاچقا كوچىلاردا



تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى (قەشقەر مەھەللىسىدىكى مەرھۇم تۇردى ھاجىمنىڭ قورۇسى دارىلئاجىزى قىلىنىپ، مۇئاۋىن ھاكىم سايىت ھاجىمنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى). ئاتا ـ ئانىسىز، يېتىم ـ يېسىرلەر ئۈچۈن كورلا ھەرەمباغدىكى مەخسۇت ئەلى ھاجىمنىڭ مەسچىتى ئىچىدە بىر سىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، دارىلئېيتام ئوقۇغۇچىلىرى تەربىيىلەنگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا كورلا ھاكىمى ئابدۇقادىر تاھىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەسەنوپ ئىدى. مەن (ئەيسا مۇسا) قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلات مۇدىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەچ كۇرسلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇشتىن سىرت، دارىلئاجىزىن مەكتەپلىرىدە بىر كىشىلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىناتتىم.

# باي ناھىيىسىدىكى قاچ - قاچ ۋەقەسى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

1933 - يىلى 10 - ئايدا، يۇرتىمىز باي ناھىيىسىنىڭ چۆلتاغ ۋە قارلىق تاغ تەرەپلىرىدىكى يېزا - ئايماقلىرىدا (يەنى، گۈلباغ، ئۇنباش، ياتۇر، مىچىخ، قۇشتېمى قاتارلىق يېزىلار بىلەن ناھىيە بازىرى ئىچىدە) قورقۇنچلۇق بىر مەيدان يېغىلىق — قىرغىنچىلىقلار بولۇپ ئۆتتى. گەرچە بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئاز كام 60 يىلچە بولغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرتىمىزدىكى بوۋاي - مومايلار بۇ پاجىئەنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ھېلىمۇ نەۋرە - چەۋرىلىرىگە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىشىدۇ. جۈملىدىن مەنمۇ ئەنە شۇ پاجىئەنىڭ دەرد - ئەلىمىنى يەتكىچە تارتقان ھەم بىگۇناھ تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى تۆكۈلگەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىمەي، ئېچىنماي تۇرالمايمەن. دادام، تاغىلىرىم ۋە مەھەللىمىز ئىشتارچىدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن ئاقساقاللارنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، بۇ پاجىئەنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇ ئەسلىمىنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان تارىخلىرىغا ۋە ئالاقىدار قوليازمىلارغا ئاساسەن ئېنىقلاپ رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. تولۇق بولمىغان



تەرەپلىرىنى مەزكۇر ۋەقەدىن خەۋىرى بار يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىغا تەۋسىيە قىلىمەن.

## 1 - باي ناھىيىسىنىڭ قىسقىچە تارىخىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 33.6 كۋادرات كىلومېتىر (يەنى تاغلىق رايونى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 56.4 پىرسەنتىنى، ئېدىرلىق 5.8 پىرسەنتىنى، تۈزلەڭلىك 37.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان) بولۇپ، دېھقانچىلىققا ماس كېلىدىغان جايلىرى 14.1 پىرسەنتىنى، چارۋىچىلىققا ماس كېلىدىغان جايلىرى 43.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، 890 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار.

ناھىيىمىزنىڭ 1985 - يىلىدىكى نوپۇسى 154 مىڭ 960 بولۇپ توققۇز مىللەت ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 140 مىڭ 18 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 13 مىڭ 312 بولۇپ، 8.5 پىرسەنتىنى، خۇيزۇلار 675 بولۇپ، 0.4 پىرسەنتىنى، قىرغىزلار 875 بولۇپ، 0.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە بەش قازاق، بەش موڭغۇل، 13 جۇاڭزۇ، ئالتە مانجۇ، ئىككى ئۆزبېك، بىر شىبە بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باي «باي» ۋە «سايرام» دىن ئىبارەت ئىككى شەھەرگە، يەنى ئىككى مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر ئىككى رايوندىلا خەيرىيەت ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ئادەتتىكى مەمۇرىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلغان. 1882 - يىلى 7 - ئايدا شەرق ۋە غەربتىكى

ئىككى شەھەر قوشۇۋېتىلىپ، باي ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.
ياڭ زېڭشىن (1912 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە
ھۆكۈمرانلىق قىلغان)، جىن شۇرېن (1928 ـ يىلدىن 1932 ـ
يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان)، شېڭ شىسەي (1933 ـ يىلدىن
1943 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان)، ۋۇجۇڭشىن(1944 ـ يىلدىن
1946 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) ۋە گومىنداڭ دەۋرـ
لىرىدە ئوخشاشلا باي ناھىيىسىدىمۇ ھەربىي ـــ مەمۇرىي
مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇپ، خەلق ئۈستىدىكى باج ـ سېلىق ۋە
ئالۋاڭ ـ ياساقلار يىغىۋېلىنىش بىلەن بىللە، يەرلىك
فېئودال بەگلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمىمۇ ئېغىر
بولۇپ كەلگەن.

## 2 ـ قاچ ـ قاچ پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، باي ناھىيىمىز
تۆت تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، شۇ زامانلارـ
نىڭ ئەڭ قالاق قاتنىشى بىلەن خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىـ
دىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، مائارىپ ۋە باشقا يېڭىلىقلار دېگەنـ
دىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. مىللىي تەڭسىزلىك ئەۋجـ
گە چىققان بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى
يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن
تاشقىرى ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ، يېڭىلىقتىن ئۆلگىدەك قو
رقۇپ، ئۇنى ھامان ئۇجۇقتۇرۇپ كەلگەنىدى،
شۇڭا، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىقنى
ئەۋج ئالدۇرغان ئىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارـ
لارنىڭ قول ـ چوماقى بولغان بەگ، يۈزبېشى، مىڭبېشى،
چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ خەلقنى
رەھىمسىز رەۋىشتە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ۋاستى



بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتـ
ۋاتقان ئالۋاڭ ـ سېلىقلار خەلق نوپۇسىنىڭ توقسەن پىرسەنتىـ
نى تەشكىل قىلغان نامرات، ئاجىز ۋە ئوتتۇرا ھال دېھقانلارنىڭ
تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈرگەنىدى. ئامبال ـ
دارىن ۋە شەن يامۇلنىڭ تەييارتاپلىرى بىر قات
ئالۋاڭ قويسا، ئۇلارنىڭ قول ـ چوماقچىلىرى بولغان
بەگ ـ ئاقساقاللار بۇنى ئىككى قاتلاپ ئېلىپ يانچۇقىغا
سالاتتى. دېھقانلار سەل ـ پەل نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئالۋاڭـ
سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىسا، «ئامبالنىڭ يارلىقىغا بويـ
سۇنمىدى»، دېگەن باھانە بىلەن دېھقانلارنى ئۇرۇپ ناكا قىلغانـ
دىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ،
ئۆزلىرىنى يامۇلغا سولاپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ـ
تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايتتى.
1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى، 1913 ـ يىلى پارتـ
لىغان تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزـ
غىلىڭى ۋە 1919 ـ يىلىدىكى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە
بيوروكرات كاپىتالىزمغا قارشى قوزغالغان 4 ـ ماي ھەرىـ
كىتى قاتارلىق بىر قاتار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بولۇپ ئۆتـ
كەن بولسىمۇ، لېكىن چەت ـ ياقا ناھىيىمىز باينىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالىدا ئانچە زور ئۆزگىرىشلەر بولمىدى. 1932 ـ
يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭى
غەلىبە قىلىپ كورلىغىچە قانات يايدى، تۆمۈرئېلى (دەسلەپـ
تە تۆمۈر تۇەنجاڭ دەپ ئاتالغان) كورلىدىن جەنۇبىي شىنـ
جاڭغا يۈزلىنىپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. يول
ئۈستىدە كۇچانى ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەمـ
ما باي ناھىيىسىنىڭ ياقا ئېرىقىتا (ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەت)

بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، ئارقىدىنلا ئاقسۇنىمۇ ئالدى ۋە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا، يەنى 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىققان ماجۇڭيىڭ، قۇمۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچى ئۇرۇشلىرىدا ئارقىمۇ - ئارقا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەنلىك خەۋىرى بايغا يېتىپ كېلىدۇ. ئارقىدىنلا ماجۇڭيىڭنىڭ ئارغىبۇلاقتىن ئۆتۈپ قارا شەھەرنى پاتپاراق قىلغانلىقى، يۇقىرىلارنىڭ جان ساقلاش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، قارا شەھەر دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىغاچقا كېمىگە ئۆلگۈرەلمەي قالغان 300 دىن ئارتۇق يۇقىرىنىڭ سۇدا ئېقىپ ئۆلگەنلىكى ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر ماجۇڭيىڭ ئارقا تاغ يولى بىلەن ماڭسىلا ئۇدۇللاپ بايغا چۈشەتتى. بولۇپمۇ قىيىر بىلەن قىزىلغا نىسبەتەن ۋەھىمە ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئەمما ماجۇڭيىڭ بۇ يول بىلەن تازا تونۇش بولمىغاچقا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتناش يولى بىلەن ئىلگىرىلەپ، كۇچانىڭ شىمالى دەرۋازىسى ياقا يېزىسىغا يېتىپ كېلىدۇ ھەمدە بۇ جايدىكى 19 نەپەر يۇقىرانى ياقا ئاخۇنى شەمسىدىن ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ ئېتىپ تاشلاپ، كۇچا شەھىرىگە يول ئالدى. بۇ ۋاقىتتا باينىڭ قىيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، گۈلباغ ۋە بۇلۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىكى خەلقلەر ماجۇڭيىڭنىڭ كۇچا شەھىرىگە كىرىپ شەنبىھاجى بىلەن ناسىر شەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ساي كۆۋرۈكى يېنىدا ئېتىپ تاشلاپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ باي تەۋەسىگە كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئەندىشە قىلىشىدۇ. بۇ شۇم خەۋەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن قىزىل، توقسۇن ياتۇر، گۈلباغ، بۇ-



لۇڭ، ئونباش ۋە بازار ئىچىدىكى تۇرغۇنلىغان خەلقلەر چۆلتاغ بىلەن قارلىق تاغ ئىچىنى پانا قىلىپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئۆيۋاقلىرىنى ئېلىپ تاغ ئىچىگە قېچىشىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىشىپ، «ئۆلمىگەن جاندىن ئۈمىد بار» دېگەندەك، يېقىن ئەتراپتىكى داللىلارغا، چوگا - چاتقال، ئوت - چۆپ دۆۋىلىرى ئىچىگە، ھەتتا گەمە، قازناق ۋە تۈگمەن كوللىرى ئىچىگە مۆكۈنۈپ، مال، جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈش ۋاقتىدا (يەنى، 1933 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى كۇچا تەرەپتىن كېلىپ، باي ناھىيە بازىرىغا كىرىدۇ. ئۇلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولغاچقا ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بازار سىرتىدىكى تەلۈۋچۈك ئېقىنى بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىنى بازار ئىچىدىكى دەڭسارايلارغا ۋە شەھەر بايلىرىنىڭ قوروللىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

مەخمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرىنىڭ بازارغا تەرتىپ بىلەن كىرىپ، تىنچ جايلاشقانلىقىنى كۆرگەن باي خەلقى خاتىرجەم بولۇپ، غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلىدۇ. بىراق 2 - كۈنى ئەتىگەندە قاراساي تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، «ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ؟!» دېگەن خەۋەر بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يېزا - بازارلارغا يۇر كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە يەنە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ مەخمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى بازارنى بوشىتىپ قارا سايغا چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. ۋەھىمىدىن قورقۇپ قولى ئىشقا بارمى-

غان كىشىلەر قارا ساي تەرەپنى تىڭ - تىڭلاپ كۆزىتىشىدۇ، چۈش قايرىلغاندا مىلتىق ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپ، بازارغا يېقىنلىشىدۇ. شۇندىن كېيىن مەخمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى قارا سايىنى بويلاپ شەرققە (گۈلباغ، ياتۇر تەرەپلەرگە)، يەنە بىر قىسمى غەربكە (ئونباش، مىچىخ تەرەپلەرگە) چېكىنىشكە باشلايدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى توقسۇندىن ئۆتۈپ قارا سايغا كەلگەندە ئۈچكە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى شەرققە چېكىنگەنلەرنى، بىر قىسمى غەربكە چېكىنگەنلەرنى قوغلاپ ماڭىدۇ. قالغان بىر قىسمى قالايمىقان ئوق چىقىرىشىپ، مىلتىق - قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەنچە ھەيۋەت بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىرىدۇ.

## 3 - ياتۇر تەرەپتىكى قىرغىنچىلىق

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، قارا سۇ ئېقىنىدىن جەنۇبقا قاراپ بۆلۈنۈپ ماڭغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئاۋۋال يېڭىلەڭگەر (ھازىرقى بەشىنچى دادۈي) ئايمىقىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىشىدۇ، يول ئۈستىدە ئۇچرىغانلىكى ئۆيلەرگە كىرىپ، پۇشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بولسا بۇلاپ يەپ ماڭىدۇ، قېچىشقا ياكى مۆكۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان قېرى - ئاجىزلار بولۇپ قالسا ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ، مەخمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرىنىڭ قايسى جايغا مۆكۈنگەنلىكى ياكى قايسى تەرەپلەرگە كەتكەنلىكىنى تېپىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ (ئەمما يېڭىلەڭگەر ئايمىقى چوڭ قاتناش يولىنىڭ بويىدا بولغاچقا دېھقانلار ئاساسىي جەھەتتىن قېچىپ كەتكەن يا-



كى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالغانىدى). ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئايماقتىن ھېچقانداق بىرەر يىپ ئۇچى ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇدۇللاپ تۆگە بويىنى (13 - دادۈي) ئايمىقىغا چاڭ سالىدۇ. ئۇلار بۇ جايدا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ھېلاخۇن ئاقساقال قاتارلىق ئۈچ كىشىنى تۇتۇۋالىدۇ ۋە مەخمۇت مۇھىتىلارنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ سوئال - سوراق قىلىدۇ. پۇقرالار راستىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىشەنمەي نەق مەيداندىلا چېپىپ تاشلاپ، دۈگان مەھەللىسىگە (ھازىرقى 9 - دادۈيىگە) ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ بىر قىسمى قارا سۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاچسا، يەنە بىر قىسمى دەريا ساھىلىدىكى قالماق ئۆيلىرىگە ① كىرىۋېلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەگرىتاغ ئېتىكىنى بويلاپ ئىشتارچىغا (ھازىرقى 8 - دادۈيىگە) باستۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ جايدا ئۇلار مەھەللىمىزدىكى تاھىر ئەمەت (بۇ ئادەم رەھمەتلىك چوڭ تاغام ئىبراھىم ئاخۇننىڭ قېيىناتىسى ئىدى، تاغامنىڭ ئېيتىشىچە مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگزىدىكى قوناق شاخلىرى بىلەن باغلاپ بېسىپ قويغان بىدە دۆۋىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان. كىچىك باللار ۋە قېرى - چۆرىلەرنى سەي گەمىلىرىگە ياكى ئېغىل - قوتانلاردىكى چوڭ - چاتقانلار ئارىسىغا مۆكتۈرۈپ قويغان. دادام، بوۋام - مومام قاتارلىقلارمۇ ئېغىلىمىزنىڭ ئۈستىدە-

① ھازىرقى ياتۇر 9 - دادۈينىڭ ئۈستىدىكى يول بويلىرىدىكى قاتار تاغلاردا 100 دىن كۆپرەك ھوجۇر ئۆي ۋە گەمىلەر بار. يەرلىك كىشىلەر بۇنى: «ئىلگىرى قالماقلار يۇرتىمىزنى بېسىۋالغاندا ياساپ ئولتۇرغان ئۆيلىرى ئىدى» دەپ تەبىر بېرىشىدۇ.

كى قوناق شېخى ئارىسىدا ئىككى كۈن ئاچ قورساق ياتـ
قان ئىكەن)، ئىبراھىم ئاقساقال قاتارلىق بىر نەچچە
كىشىنى گەپ - سۆز يوقلا ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇلار يېقىلـ
غان جايىدىلا جان ئۈزىدۇ. ئارقىدىن يەنە مەھەللىمىزدىكى
توقاشخان قاتارلىق تۆت نەپەر ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ
ئىپپەت نومۇسىغا تېگىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نىياز قارى ئاخۇ-
نۇم، سىدىق زۇڭگەي قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ئۆيلىرىنى
چالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئالتۇن، يامبا ۋە باشقا قىممەت
باھالىق مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭـ
دىن كېيىن بۇلار ئۇلپاڭ ئايمىقىغا (ھازىرقى 12 - دادۈي)
باستۇرۇپ كېلىپ، ھوشۇر روزى، سايىم ئاخۇن قاتارلىق
ئالتە نەپەر ئادەمنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ھوشۇر روزىدىن باشقا
بەش نەپەر ئادەم شۇ جايىدىلا جان ئۈزىدۇ. بۇ جايدىن
يەنە سارىخان دېگەن ئايالنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئار-
قىدىن ئۇلار بۇزغۇ (ھازىرقى 7 - دادۈي) ئايمىقىغا باسـ
تۇرۇپ كېلىپ، ئىبراھىم ئاقساقال، چوڭقۇر ئاخۇن (لەقىمى
گۆش) قاتارلىق ئون ئادەمنى ئېتىپ تاشلايدۇ. بەش نە-
پەر ئايالنىڭ ئەرلىرىنى باغلاپ قويۇپ ئاياللىرىغا باسقۇنـ
چىلىق قىلىدۇ. شۇ قاتاردا سىلىمخان دېگەن 20 ياش
ئەتراپىدىكى چوكاننى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ.
(بۇ چوكان ئۇلارنىڭ قولىدا خورلىنىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن
روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ). شۇنىڭدىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەر-
لىرى ياتۇر (ھازىرقى بىر يېزىلىق ھۆكۈمەت بولۇپ قۇرۇل-
دى)، پارچە مەكىت، تاغچى، بۇلۇڭ ۋە قازغان قاتارلىق
جايلارنى پاراكەندە قىلىپ، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كېتىشىدۇ.



## 4 - گۈلباغ، ئونباش ۋە مىچىخ تەرەپلەردىكى قىرغىنچىلىق

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاراسۇ ئېقىنىدىن
شەرق تەرەپكە بۆلۈنۈپ ماڭغان بىر قىسىم ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى
ئاۋۋال ئارال ئايمىقىغا (ھازىرقى گۈلباغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ
2 - دادۈيى) باستۇرۇپ بېرىپ، ساۋۇت ھاجىمنىڭ بىر ئوغلىنى،
ئەرشىدىن ئاخۇننىڭ بىر ئوغلىنى ۋە توختاخۇن، روسلاخۇن قاتار-
لىق ئالتە ئادەمنى ئېتىپ تاشلايدۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ چوجە
كۆيباغ مەھەللىسىدىكى توختاش موللامنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئې-
تىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تورىيا مازارغا (ھازىرقى
گۈلباغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 6 - دادۈيى) باستۇرۇپ كېلىپ،
ئىسلام موللام قاتارلىق ئۈچ كىشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ
تاشلايدۇ. ئارقىدىن قورويلۇققا (ھازىرقى گۈلباغ يېزىلىق
ھۆكۈمەتنىڭ 11 - دادۈيى) باستۇرۇپ كېلىپ نىياز ئۇسـ
تام، ئەيسا ئاخۇن قاتارلىق تۆت ئادەمنى ئېتىپ تاشلايدۇ،
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئونباش يېزىسىدىكى ھەر قايسى
ئايماقلاردا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، كۆۋەزلىك مەھەللىسىدـ
كى نىياز مىراپ دېگەن كىشىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ۋە جىڭـ
دىباغ مەھەللىسىدىكى ھېزىم (لەقىمى كۆتەك)، سادۇق ئۇسـ
تا قاتارلىق ئادەملەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيـ
ىن ئەسكەرلەر چاقماق تېزلىكىدە مىچىخ (ھازىر بىر يېزىـ
لىق ھۆكۈمەت بولۇپ قۇرۇلدى) دائىرىسىگە ئۆتۈپ 2 - داـ
دۈيدىكى مەھەممەت ئاخۇننىڭ تۈگمىنىگە كېلىدۇ. نەتىجىدە
تۈگمەننىڭ كۆلىگە مۆكۈپ ياتقان يۈسۈپ موللام، بارات

ئاخۇن قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئېتىپ تاشلاپ، تۈگمەن ئۆگزىسىدىكى ئوت - چۆپ ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ياتقان توختى ئاخۇننىڭ پۇتىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى دەرھال سۆرەپ چۈشۈرۈپ، ئېتىپ تاشلاپ، تۈگمەندىكى ئۇن، بۇغداي قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ ئېلىپ ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىشىدۇ.

## 5 - ناھىيە بازىرىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق

قاراسۇ ئېقىنىدىن ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ماڭغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق يېزىلىرىنى ئاختۇرۇپ، مەخمۇت مۇھىتىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىگەندىن كېيىن، بۇلاڭ - تالاڭ قىرغىنچىلىقلارنى ئاياقلاشتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ناھىيە بازىرىغا توپلىنىدۇ.

بۇ كېچە - ناھىيە بازىرىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن تارىختا ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئەنسىزلىك ھەم دەھشەتلىك بىر كېچە بولۇپ ئۆتىدۇ. چۈنكى ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ناھىيە بازىرىغا جەم بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئامبار بېگى باقىبەگ بىلەن ئامبار دوغۇسى نۇراخۇنلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ، ئاندىن ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ چېقىپ، بۇغداي، قوناقلارنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن كۈنبويى چاپتۇرۇپ ھالى قالمىغان قوتۇر ئاتلىرىغا يەم - خەشەك قىلىپ بەرگەندىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان ئاشلىق ۋە ياغلارنى بۇلاپ كېتىدۇ. ياتار ۋاقتى بولغاندا ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ ھەر تەرەپتىكى



ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ ۋە باسقۇنچىلىق قىلىشنى باشلايدۇ.

بىر قىسىم ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يېڭى بازاردىكى ئىسلام ھاجىم دېگەن كاتتا باينىڭ قورۇسى بىلەن قوشنىسى ھەسەن سوپۇنچى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - بىساتلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، قوتاندىكى قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەر بۇلاق بېشىدىكى (ھازىر بۇ بۇلاقنىڭ ئىزىمۇ قالمىدى) ناۋاي ئىبراھىمجاننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ مال مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەندىن تاشقىرى خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ (مۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان خورلۇقتىن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى نېرۋا كېسىلىگە (سودايى كېسىلىگە) گىرىپتار بولۇپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئۇزۇن قالمايلا ئۆلۈپ كېتىدۇ).

ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يەنە ئۆيبازار، قازانچى مەھەللىسى، تەلۋۈچۈك بويلىرى ۋە چاچاڭ قاتارلىق مەھەللىلەرگە توسالغۇسىزلا باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرىدۇ ۋە خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تېگىدۇ. قىسقىسى ئۇلار كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە باستۇرۇپ كېلىپ، ئاياغ ئىزلىرى تەگمىگەن جايلار قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن ئەنسىزلىككە تولغان بۇ بىر كېچىنى ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزىدۇ.

## 6 - ماجۇڭيىڭنىڭ ئاقسۇغا يولغا چىقىشى

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئىگە بولغان ئولجا غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى

باي ناھىيىسىدە تۇرغان 24 سائەتكىمۇ يەتمەيدىغان مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولغاندىن تاشقىرى، يول ئۈستىدە (باينىڭ دائىرىسى ئىچىدە) يەنىلا بۇلاڭچىلىق - قىرغىنچىلىقلار بىلەن ھەيۋە قىلىپ ماڭىدۇ.

ئۇلار ناھىيە بازىرىدىن قوزغىلىپ چىققاندىن كېيىن يول ئۈستىدىكى قۇشتېمى، تاختا قاتارلىق مەھەللە ئايماقلارنى ئارىلاپ مېڭىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان پۇقرالار ئۈستىدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپلا قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە چېپىپ تاشلايدۇ. داۋانچى يېزىسىنىڭ (ھازىر بوجاي رايون دەرىجىلىك بىر دېھقانچىلىق مەيدانى) ئاراشو مەھەللىسىگە بارغاندا ھاشىم ئاخۇن، ھامۇت نامى، مامۇت نەمەت، كېرەم ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا يىقىلغان جايىدا جان ئۈزىدۇ، كۆتەكتۇر مەھەللىسىگە بارغاندا ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق تۆت ئادەمنى، قۇشتېمى مەھەللىسىگە بارغاندا شاۋاز (خۇيزۇ ئادەم ئىدى)، ئەيسا قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى ئىلگىرى - كېيىن ئېتىپ ۋە چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياقا ئېرىققا (باي ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر يېزىلىق ھۆكۈمەت) بارغاندا ئۇ جايدىمۇ دەم ئېلىش باھانىسى بىلەن بازار ئىچىنى تازا پاتپاراق قىلىپ، قارايۇلغۇن (ئاقسۇ تەۋەسىدە) ئارقىلىق ئاقسۇ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ناھىيىمىز دائىرىسىدە ئىككى كۈن داۋاملاشقان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق، يەنى قاچ - قاچ پاجىئەسى ئەنە شۇنداق تېز ھەم ئېچىنىشلىق ھالدا ئاخىرلىشىدۇ.

ناھىيىمىز خەلقى ئارىسىدا «قاچ - قاچ پاجىئەسى»، «ماجۇڭيىڭ قاچ - قېچى» ۋە «ماجۇڭيىڭ يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىپ



كېلىۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئاز كەم 60 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قانلىق دېغى ۋە دەرد - ئەلىمى تېخى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. چۈنكى ئەشۇ قاچ - قاچ پاجىئەسىدە ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغان يېتىم قىز - ئوغۇللار، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا - ئانىلار، ئاياغ - ئاستى قىلىنغان ئاياللار ۋە يېتىپ - ئاشقىچە ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىنكى دەرد تۆكۈش سورۇنلىرىدا، ئىجارە ھەققى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىدە فېئودال زومىگەرلەر ئۈستىدىن قانداق شىكايەت قىلىپ دەرد تۆككەن بولسا، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىدىنمۇ ئەنە شۇنداق دەرد تۆكۈپ يىغا - زارە قىلىشىدۇ، مەيلى قانداقلا سورۇنلاردا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماجۇڭيىڭ توغرۇلۇق گەپ ئېچىلسىلا، ئۇنى يەرگىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيدۇ ۋە نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئېلىشىدۇ.

# پىڭ دېخۇەي بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەسلىمە

يۇ جەنباڭ

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەندىن كېيىن، ماۋجۇشى، جۇزۇڭلىلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ كونكرېت يازما پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ماۋجۇشى جاڭ جىجۇڭنىڭ غەربىي شىمالغا بېرىپ پېڭ دېخۇەي بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، جاڭ جىجۇڭ: «غەربىي شىمالدىكى قېرىنداشلار ۋە ھەربىي قىسىمدىكىلەر مېنى ئوبدان بىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرىمەن. ئەگەر سىز مېنىڭ غەربىي شىمالغا يەنە بىر قېتىم بېرىشىمنى توغرا تاپقان بولسىڭىز، مەن پېڭ دېخۇەينىڭ — مەسلىھەتچىسى بولۇشقا رازى» دېدى. ماۋجۇشى: «سىز بۇرۇن غەربىي شىمال تۆت ئۆلكىدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئىدىڭىز، ھازىر پېڭ دېخۇەينىڭ ياردەمچىسى بولسىڭىز سىزگە ئۇۋال بولامدۇ؟» دېدى.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ: «مەن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، قوماندانلىققا ئىتائەت قىلىمەن» دېدى. ئىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن جۇئېنلەي زۇڭلى يەنە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ



تۇرغان ئورۇنغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى، ھەم ئۇنى ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ بېيجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا كەلدى. قوماندان پېڭ دېخۇەي، قوماندان خې لۇڭ، سىياسىي كومىسسار شى جۇڭشۈن قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. جاڭ جىجۇڭ، پېڭ دېخۇەيلەر كۆرۈشۈپلا گويا قەدىناس دوستلاردەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سەمىمىي سۆزلىشىپ تېزلا چىقىشىپ كېتىشتى. ئۇلار ئايروپىلان بىلەن لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقىنىدا شىنجاڭ مەسىلىسى، غەربىي شىمال ۋەزىيىتى ۋە بۇ جايلارنىڭ بايلىقى، ھاۋا كىلىماتى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەت، مىللىي مۇناسىۋەت، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ زوزۇڭتاڭغا بەرگەن باھاسى خېلى — ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ. جاڭ جىجۇڭ: «سىلەرنىڭ خۇنەنلىك يۇرتداشلار شىنجاڭدا خېلى كۆپ ئىكەن» دېدى. پېڭ دېخۇەي: «راست، زوزۇڭتاڭ خۇنەنلىك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئېلىپ بارغان خۇنەنلىك ئەزىمەتلەر ئاز ئەمەس، كېيىن ئۇلار ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تېخىمۇ كۆپەيدى»، «زوزۇڭتاڭ 1880 - يىلى يەنى بۇندىن 70 يىل بۇرۇن شىنجاڭغا كىرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلۇغدۇڭدىن خېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن يول ئۈستىدە ئەينى زاماندىكى سۆگەت تاللار تاھازىرغىچە بار. يەرلىك خەلقلەر بۇنى «زو زۇڭتاڭ سۆگىتى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ قومۇلدىكى ۋاقتىدا تۇرغان ئۆيلەر گەرچە ئۆرۈلۈپ تۈگەشكەن بولسىمۇ، لېكىن سۆگەتلىرى تېخىچە تۇرۇپتۇ. زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا كىرگەندە يېشى

چوڭقىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چېگرا رايونىغا ئاتلىنىش ئىرادىسى چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆلسىمۇ ئىلىنى قايتۇرۇپ ئالىمەن، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرىمەن دېگەن. شۇ ۋاقىتتىكى چىڭ ئوردىسىنىڭ ۋەكىلى چوڭ خۇۋ ئىقتىدارسىز بولغاچقا ئۆز يېرىنى باشقىلارغا يەم قىلىدىغان شەرتنامىنى باشباشتاقلىق بىلەن ئىمزالىغان. چاررۇسىيە بولسا ئىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ياقۇپبەگنىڭ پاراكەندىچىلىكى بولغاچقا، ۋەزىيەت ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. لېكىن زو زۇڭتاڭنىڭ سىياسىتى توغرا بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن شىمالغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىپلوماتىيە جەھەتتە تەنپەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قايتا شەرتنامە تۈزۈپ ئىلىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن زو زۇڭتاڭنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ» پىڭ دېخۇەي: «زو زۇڭتاڭنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى بولسىمۇ لېكىن ئۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان» دېدى. جاڭ جىرجۇڭ: «شۇنداق، زو زۇڭتاڭ خۇيزۇلارنى باستۇرغان، ئادەتتە كىشىلەر، شۇنداقلا يېقىنقى زامان تارىخشۇناسلىرى ھەمىشە زىڭ گوفەن، زو زۇڭتاڭ، پىڭ يۈمىن، خولىنىيلەرنى بىرقاتاردا قويىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادىل ئەمەس. زىڭ گوفەن، پىڭ يۈمىن خولىنىيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەرىپىلا بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەرىپى يوق. لېكىن زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت، بۇ بىر مىليون 600 كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى ساقلاپ قېلىشتا تۆھ-



پىسى بار» دېدى. پىڭ دېخۇەي: «دېگىنىڭىز يوللۇق» دەپ باش لىڭشىتتى. جاڭ جىرجۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئەپسۇسكى، كېيىن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلار ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا بويسۇندۇرۇش، بېسىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، كەمسىتىشتىن ئىبارەت خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇنلىغان تارىخى جىنايى قەرزگە بوغۇلدى. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار مەسىلەن: ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلاردىن بولۇپ ئۇلار ئېغىر قارىمۇ - قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەر بەش يىلدا بىر كىچىك مالىمانچىلىق، ھەر ئون يىلدا بىر چوڭ مالىمانچىلىق بولۇپ جاھان تىنچلانمىدى. مەن شىنجاڭدا تۇرغان بىرقانچە يىل ئىچىدە سۇبيېكتىپ جەھەتتە تارىخى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ئۈچ ۋىلايەت (ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق رايونلاردىكى ئىنقىلاب) بىلەن ھەمكارلىشىپ، تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىقتەك بىرلىككە كەلگەن سىياسەتنى يۈرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلغان ھەمدە نۇرغۇن كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم، ئەپسۇسكى، ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدىم» دېدى. پىڭ دېخۇەي: «شىنجاڭ مەسىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ، سىز بۇ جەھەتتە كۆپ جاپا چەكتىڭىز. لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مىللىي مەسىلە پەقەت ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پرولېتارىيات ھوقۇق ئىگىلىگەن شارائىتتا ئاندىن ھەقىقىي ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولىدۇ» دېدى. جاڭ جىرجۇڭ باش لىڭشىتىپ: «مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن» دېدى. جاڭ جىرجۇڭ بىلەن پىڭ دېخۇەي 27 - چېسلا بىر ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە كەلدى.

ئارقىدىنلا بىر قاتار جىددىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۆلكىلىك پارتكومنى قۇرۇپ چىقتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. سىياسىي پروگراممىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى: 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. ئورۇمچىدىكى ھەرساھە ھەرمىللەت ئەربابلىرى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئاچتى. جاڭ جىجوڭ چوڭ يىغىندا قىسقا، ئىخچام ۋە قىزغىن سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى، شىنجاڭ شۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدىكى، بىرىنچىدىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك غەلىبىسى ۋە ئاسىيمىزنىڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغانلىقى، ئىككىنچىدىن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىققا تەشنا ئىكەنلىكى، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى. 3 - دىن شىنجاڭدىكى سابىق گومىنداڭ ئارمىيە ھۆكۈمەت مەسئۇلى گېنېرال تاۋسىيۇ قاتارلىقلارنىڭ مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋازقوشۇپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن بولدى» دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ ئۆز سۆزىدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىغا يۈكسەك باھا بېرىپ «بۈگۈندىن باشلاپ شىنجاڭ يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ ئۇلۇق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچلۈك بىرھالقىسى بولۇپ قالدى. ھەممە ھاكىمىيەت ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكىدىن بۇرۇنقى ئاساسىي زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس. بۇندىن كېيىنكى مەسىلە ئىتتىپاقلىق ۋە قۇرۇلۇشنى



ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت». دەپ قارىدى. ئۇ چاغدا ھەقىقەتكە ئۆتكەن قىسىملار، ئامانلىقنى قوغدىغۇچى خادىملار بىلەن ساقچىلارنى قوشقاندا تەخمىنەن 100 مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 14 مىللەتنىڭ نوپۇسى تۆت مىليونغا يېقىنلىشاتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە يەنىلا بەزى كىشىلەرنىڭ، ئارمىيىنىڭ قەلبى مۇقىم بولماسلىق ھادىسىسى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭلاشقا پىڭ دېخۇەي ئورۇمچىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان جەڭچى، ئوفىتسېرلار ۋە ئورگان كادىرلىرىنى چاقىرتىپ، «قانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش لازىم» دېگەن تېمىدا جاڭ جىجوڭنى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەنە 1 - بىڭتۇەن ۋە ھەقىقەتكە ئۆتكەن قىسىملارنىڭ ئورۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئوفىتسېرلىرىنى ھەمدە ئورگان كادىرلىرىنى چاقىرتىپ، «قانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش لازىم» دېگەن تېمىدا جاڭ جىجوڭنى يەنە بىرقېتىم دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ دوكلاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى تۆت چوڭ قىسىمدىن ئىبارەت ئىدى:

1 - جاڭ جىجوڭ كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ بېيپىڭدىكى سەككىز ئايلىق كەچۈرمىشلىرىنى، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى، بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇق يېتەكچى ئىدىيىسى، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دېموكراتىك ئىستىلى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى تەپسىلىي ۋە سەممىي، جانلىق بولۇپ ئاڭلىغۇچىلار چوڭقۇر تەسىرلەندى.

2 - ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، ئىقتىسادىي، خەلقئارا تەرەپلەردىن، نۆۋەتتىكى ئىچكى، تاشقى چوڭ ياخشى

ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى.

3 ـ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشقا قارىتا ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدەك ئۆتمۈشتە ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم كىچىك مالىمانچىلىق، ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم چوڭ مالىمانچىلىق بولۇپ تۇرىدىغان رايون ئەگەردە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ناھايىتى يامان بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بارلىق ھەقىقەتكە ئۆتكۈچى خادىملاردىن رېئاللىققا يۈزلىنىش كېرەكلىكىنى، مەردانىلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشنى، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەر-تىپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جەڭچى، ئوفىتسېرلىرى بىلەن ئىچقۇيۇن ـ تاشقۇيۇن بولۇپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش لازىملىقىنى ۋە بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئۈمىد قىلدى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا پىڭ دېخۇەي مۇنداق دېدى: «گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ دوكلاتى ناھايىتى ياخشى تەسىرلىك بولدى. بۇنى ئېلان قىلىش كېرەك. ئاڭلىمىغانلار كۆرۈش كېرەك». شۇڭا جاڭ جىجۇڭ كاتىپىغا ئۆزىنىڭ دوكلاتىنى رەتلەپ پىڭ دېخۇەيىنىڭ كۆرۈپ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇشنى بۇيرىدى. بەزى يولداشلار بۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ. بولۇپمۇ دوكلاتتا جياڭ جيېشىنى جياڭ ئەپەندى دېگەن يەرلىرى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. پىڭ دېخۇەي: «نېمىشقا ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئاساسلىقى پارتىيە سىرتىدىكىلەر ئاڭلىسۇن دېگەن گەپ»



دېدى. دوكلات «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «گەنسۇ گېزىتى»، «ئاممىۋى گېزىت»، «نۇرلۇق گېزىت» مۇ كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈرۈپ باستى.

غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېت تەسىس قىلىنىش ئالدىدا پىڭ دېخۇەي جاڭ جىجۇڭغا: «خەلقنىڭ ئىشلىرىنى كۆپچىلىككە تايىنىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇن مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاجمىز. سىز بەزى كىشىلەرنى تونۇشتۇرسىڭىز قانداق» دېدى. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ ۋە بەزى مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىر مۇئاۋىن باش كاتىپنىڭ ۋە بەنگۇڭتىڭنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس ئىدى. بەزىلەرنىڭ تارىخىدا ئازراق مەسىلىسى بار ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا تەشكىلات كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئازراق پىكرى بولدى، دېدى. پىڭ دېخۇەي: «ئۇنىڭ نېمە كارايىتى بار؛ ئۇلار جاسۇس، ئىشپىيون بولمىسىلا — قان قەرزى يوق، خەلقنىڭ غەزىپى يوق ئىختىساسلىق كىشى بولسىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بۇ ھەقتە قايتا گەپ سۆز قىلمايدىغان بولدى.

بىر قېتىم پىڭ دېخۇەي بىلەن گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئىككىسى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: «ھاكىمىيەت ئاساس، ئازادلىقتىن بۇرۇن مەنمۇ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن

ئىلاجى قىلىپ غەربىي شىمال خەلقى، ئالدى بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئازراق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ غەربىي شىمال خەلق كەسپى شىركىتى ۋە شىنجاڭ قۇرۇلۇش تېخنىكا يېتەكچىلىك ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ بەزى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. ئەمما گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. نەتىجىدە ئىش ئاقمىدى.» گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ قويىدى.

پېڭ دېخۇەي: «چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلغان ھاكىمىيەت، سىزنىڭ كەڭ خەلق ئۈچۈن بەخت سائادەت يارىتىشىڭىزغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئىختىساس ئىگىلىرى يوق ئەمەس، لېكىن كىم ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؟ ماددىي ئاساسمۇ يوق ئەمەس، لېكىن كىم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ؟» دېدى. جاڭ جىجۇڭ كەينىدىن يەنە مۇنداق دېدى: «ھازىر بىزگە كومپارتىيە ۋە ماۋجۇشى رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ پارتىيە ئىسىل ئىستىلگە ئىگە ھەم ئوبدان كادىرلارغا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دۆلەتنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ تەلىپى، لېكىن قاچان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ سوتسىيالىزمغا ئۆتكىلى بولىدۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس».

پېڭ دېخۇەي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ھازىر



ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، جاھانگىرلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاش قاتارلىقلار يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تولۇقلانمىسى بولىدۇ. بۇ خىزمەت تۈگىگەن ھامان سوتسىيالىزم باسقۇچىغا ئۆتىمىز».

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ: «ئۇنداق بولسا ياخشى، بىزلەر ھەر نېمە بولسا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرالايدىكەنمىز» دەپ، يېقىملىق كۈلۈپ قويىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش باشلانماقچى بولۇپ پېڭ دېخۇەي بېيجىڭگە قايتىپ كەتتى. جاڭ جىجۇڭمۇ بېيجىڭگە قايتىپ كەتتى. كېيىن پېڭ دېخۇەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئېغىر يۈكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تېزلىك بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ماقالە يېزىپ، دوكلات بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

ئىزاھات:

جاڭ جىجۇڭ (1890 ـ 1969)، يەنە بىر ئىسمى ۋېن بەي، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ زىشەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، گومىنداڭنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەمتىمىن سادىق تەرجىمىسى

# پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە

## تېك جەجۇڭ

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا. نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىردى ۋە 13 - كۈنى «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»نى ئېلان قىلدى. ئۇ «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»سىدە «شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى تىنچلىق يولىدا خاتىرجەم ياشاش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەققىدىكى سىياسىي پروگراممىسىنى شەرھىلەپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىكى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لياۋشېن، خۇەيخەي ۋە پىڭجىندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتقان بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قىلىش ۋەزىيىتى بېكىتىلىپ بولغان ئىدى. غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا،



خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئازاد قىلىپ، خېشى كارىدورىغا سىلجىپ كىرىپ شىنجاڭغا يېقىنلاشقان ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى گومىنداڭچىلارغا تەقدىر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. رەئىس بۇرھان، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، گېنېرال تاۋسىيۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭمۇ بېيپىڭ يولىدا مېڭىشى كېرەك، دېگەن قارارغا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ باسقۇچتىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە نىسبەتەن مەن جاڭ جىجۇڭنىڭ 2 - خىل مۆلچەرىنى تاللىۋېلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش نىشانى ئۈچۈن يول ھازىرلاشقا باشلىدىم. شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەئىس بۇرھان بىلەن گېنېرال تاۋسىيۇ كۆپ قېتىم مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئارمىيە ئىچىدە ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇرىدىغانلاردىن ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۈرۇڭلار بار ئىدى. يەرلىكتىمۇ ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇرىدىغان بىر بۆلۈك سىياسىي كۈچلەر بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئوسمان گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشىدىكى چوڭ توسالغۇ ئىدى.» 1949 - يىلى يازدا رەئىس بۇرھان ئۆزىنىڭ «ھەرتەرەپتىكى ئەربابلارنىڭ بىردەك تىرىشىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋە «ھەرمىللەت خەلقىنى

ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دىن ئىبارەت سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ماڭا پەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئۇ بولسىمۇ ئوسمان كونترول قىلىپ تۇرغان قوراللىق كۈچلەرنى پارچىلاپ بىر بۆلۈم قازاق يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشىنى ھىمايە قىلىش مەيدانىغا كەلتۈرۈش، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىتلارنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، قازاق يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا بىز بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق بىجا كەلتۈردۇق.

## 1 - ئوسمان تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇردى

1949 - يىلى 1 - ئايدا، بۇرھان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئوسمان قاتارلىقلار پىتنە ئىغۋا تارقىتىپ: «بۇرھان تەختكە چىقىپ، شىنجاڭنى كوممۇنىستلارغا سېتىپ بېرىدىغان بولدى» دەپ ھەممە يەردە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇرھانغا خەت يېزىپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇرھاننى تەختتىن چۈشۈرۈش كويىدا بولدى.

1947 - يىلى قىشتا، شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن، ئوسماننى ئالتايدىن شىمالىي شىنجاڭ تەرەپكە ئېلىپ كېلىپ بەيتىك تېغى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىقتىن دەللىقان (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى) يېتەكچىلىكىدىكى مىللىي ئارمىيە



تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، شىمالىي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق تۆت ناھىيىدە تۇرغان ئىدى. سۇڭ شىلىيەننىڭ مەقسىتى ئوسماننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپ بىلەن تۈزگەن بىتىمنى بۇزغانلىقنىڭ بىر دەلىلى، شۇنداق بولغاچقا سۇڭ شىلىيەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوسمانغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قورال بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئوسماننىڭ قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ مەشىق قىلدۇرۇپ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سەنتەيدە گۇچۇڭ، جىمسار، مورى، فۇكاڭ تۆت ناھىيىدىكى قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئوسمان ئۈچۈن ئەسكەر تەربىيىلەش باشلاندى. ئاندىن ئوسماننىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرغان ئالتاي رايونىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئوسمان بىۋاسىتە كونترول قىلىپ تۇرغان كۈچ — ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قېچىپ كەلگەن قازاق ئۆيلىرىنى قوشقاندا تەخمىنەن 20 مىڭدەك كىگىز ئۆي بار ئىدى. جەڭگىۋار كۈچىمۇ 10 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى خىل بولۇپ، ھەر ئون ئادەمدە بىردىن يېنىك پىلىموت، پىيادە ئەسكەرلەر توپى بولۇپ ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنان كۆپ قېتىم ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىپ قىلغاچقا ئوسمان گۇرۇھى ئىچىدە كومپارتىيىگە قارشى كۈچلۈك تەتۈر ئېقىم پەيدا

بولغان ئىدى. 1948 - يىلى، ئۇ قازاقلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى كومپارتىيىگە قارشى بەزى جاھىل ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاتالمىش «دىننى قوغداپ كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» دېگەن بىرنېمىنى قۇرغان ئىدى.

ئوسمان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى ئەكسىيەتچىل كاتتىۋاشلار بىلەن بىرلەك ئالاقىلىشىپ (مەسىلەن سانجىدىكى ئىدرىس، قۇتۇبىدىكى باندىتلار كاتتىۋېشى ئورازباي، ماناس ناھىيىسىدىكى سىدىق مەيپا قاتارلىقلار) شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە ئۆتۈشىگە قارشى تۇردى. بولۇپمۇ گۈچۈڭ، مورى، جىمسار، فۇكاڭدىن ئىبارەت تۆت ناھىيىدىكى قازاقلار ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئەگەر ئوسماننىڭ قوراللىق كۈچلىرى يوقىتىلمىسا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەن ھامان چوڭ بالايىئاپەت كېلىپ چىقاتتى.

ئوسمان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇرھان ئەپەندى گەرچە كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، خۇددى چۆلدە سۇ توختىمىغاندەك ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئوسمان «ئەگەر كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كىرىدىغان بولسا مەن ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن» دەپ ئاشكارا داۋراڭ سالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە تەرەپ قوشۇن ئەۋەتىشكە توغرا كەلسىمۇ ئەپسۇسكى ئەسكەر يوق ئىدى. چۈنكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ تۇرغان ماچىڭشياڭ قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد



بولۇشىغا كۈچىنىڭ بىرىچە قارشى تۇرغاچقا ئۇلار ئوسماننى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارمايتتى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئوسماننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشىنى كۈتۈشكە ئۈلگۈرمەيتتى. يەنە كېلىپ ئۇرۇش بولۇپ قالسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بالايىئاپەت ئىچىدە قالاتتى. شۇڭلاشقا بىردىن - بىر چارە ئوسماننىڭ ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش ئىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە مايىل قىلىپ، ئوسماننى يېتىم قالدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا قارشى تۇرىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھاجەت ئىدى.

## 2 - بۇرھان ئەپەندىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسى

بۇرھان ئەپەندى ماڭا ئوقۇتقۇچى بولغان بولۇپ، بىزدە ئۇستاز ۋە ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. كېيىنچە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىككىمىز تۈرمىدە بىرگە ياتقان ئىدۇق،

شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ، بىز تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بۇرھان ئەپەندى ئۈرۈمچىگە ۋالىي بولدى. مەن سانجىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدۇم. ئۇ ماڭا ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق تۆت ناھىيىدىكى قازاقلارنىڭ ماجرالىرىنى ۋەكالىتەن بىر تەرەپ قىلىشنى ھاۋالە قىلغان ئىدى. چۈنكى مەن ئىلگىرى ئالتايدا كۆپ يىل خىزمەت قىلغاچقا قازاقلارنىڭ تىلىنى بىلەتتىم. قازاقلار ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋىتىممۇ بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم قازاقلار ئىچىدە بولغان ماجرالارنى مېنىڭ

بىر تەرەپ قىلىشىمنى ھاۋالە قىلاتتى. ھەر قېتىم سانجىدىن ئۆتكەندە ئۇ مېنى يوقلاپ ئۆتەتتى. ئىككىمىزنىڭ شەخسى مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سەنتەيدە ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەنلىكىمنى بىلەت[illegible]ە مۇشۇنداق پايدىلىق ئامىللار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مېنى ئوسماننى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش خىزمىتىگە تاللىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1949 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بۇرھان ئەپەندى مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە چاقىرتىپ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا مېنىڭ ھازىرقى خىزمەت ئەھۋالىم ۋە ئوسماننىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى سورىدى. مەن بىرلەپ ئۇنىڭغا دوكلات قىلدىم. بۇرھان ئەپەندى ماڭا دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە ئۆتۈش يولىغا مېڭىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ شىنجاڭ چوقۇم ئازاد بولىدۇ. بۇنى ھېچقانداق كىشى توسىيالمايدۇ، گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەن، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، قىلچىمۇ جەڭگىۋارلىقى يوق، ھالبۇكى شىنجاڭ چېگرىسىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، كەينىمىزدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بار. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش يولىدا ماڭماي باشقا يول يوق، بىز ئۆز ئادەملەر. سىزنىڭ كاللىڭىز سەگەك بولۇشى كېرەك. گومىنداڭغا ئەگەشمەي، ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىڭىز كېرەك». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ھازىر قىيىنراق بولۇۋاتقان مەسىلىنىڭ بىرسى ئوسمان مەسىلىسى،



ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۈچى زور. ئەسكىرىي كۈچى كۆپ، ئۇ يەنە قازاقلار ئىچىدە چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەن سىزنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ئوسمان گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئوسمانغا ئەگىشىۋاتقان بىر قىسىم قازاق يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە تارتىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىغا بۇيرۇشنى ئويلاۋاتىمەن». ئۇ يەنە :«سىز بۇ خىزمەتنى تەلتۆكۈس ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك، ئازاد بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ ھاياتىڭىز، خىزمىتىڭىز، مەرتىۋىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولىمەن» دېدى. ئومۇمەن ئوسماننى پارچىلاش خىزمىتىنى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن مەن رەئىس بۇرھانغا: «مەن ئوسماننىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى پىششىق بىلىمەن، بىر قانچە ياخشى دوستلىرىم بار. ئۇلار ئوسماننىڭ ئالدىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدۇ، مەن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرىمەن» دېدىم. بۇرھان ئەپەندى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەينى - كەينىدىن: «ياخشى، سىز يۈرەكلىك ھالدا ئىشلەڭ، ماددىي جەھەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىزنى زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ» دېدى. بۇرھان ئەپەندى يەنە: «بۇ ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. بىر پاي ئوق چىقارماي شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي تىنچلىق بىلەن بىر تەرەپ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «مۇئەللىم، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى قولغا كەلتۈرىمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

ماڭا ئارقا تىرەك بولۇشى كېرەك، ئۇلارغا ماقۇل بولىدىغان شەرتلەرنى چوقۇم ئەمەلدە كۆرسىتىش لازىم.» دېدىم. بۇرھان ئەپەندى ماڭا: «سىز ئادەمنى شەھەرگە ئېلىپلا كېرىدىغان بولسىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان باشقا ماددىي ئەشيا، مالىيە كۈچلىرىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن» دېدى. ئۇ ئاخىرىدا: «سىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئالاقىدار كىشىلەر بىلەن كونكرېت تەدبىر ۋە پىلانلارنى مەسلىھەتلىشىپ ئىشنى دەرھال باشلاڭ» دېدى. مەن سەنتەيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچتە ماناتنى تېپىپ، ئۇنىڭغا، مېنىڭ بىلەن بىرگە ئوسمانىنى ئىچكى جەھەتتىن - پارچىلاشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى بىۋاسىتە دېدىم. ماناتا ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ رەئىس بۇرھاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بەك خۇشال بولدى. مەن ماناتقا ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش خىزمىتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ، سەزدۇرۇپ قويماسلىقنىڭ زۆرۈرلىكىنى تاپىلىدىم. بىز ئوسماننىڭ خاتالىقى، كەمچىلىكى ھەمدە ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى قەبىلە كاتتىۋاشلىرى ئىچىدە پارچىلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلدۇق.

ئالدى بىلەن مۇھىم نۇقتىنى تاللاپ، ئەگەر ئۇلار ئوسماندىن قول ئۈزۈپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەگىشىپ ماڭىدىغان بولسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا يايلاق ئايرىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باياشات تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ كونكرېتنى تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈردۇق.



## 3 - سەنتەيدىكى قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسى

رەئىس بۇرھان ئوسماننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە تولا مېنىڭ جىمسار، سەنتەيدىكى قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسىدا ئوسمان ئۈچۈن ئەسكەر تەربىيىلەپ بەرگەنلىكىمنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرى باش قوماندانلىق شىتابىنىڭ 2 - باشقارما 15 - گۇرۇپپىسىدا شاڭ شياۋ دەرىجىلىك گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئەسلىدىلا ئوسماننىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىمنى شۇنداقلا مەندە دىيەنتەي قاتارلىق ئالاھىدە خىزمەت - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە مېنىڭ سەنتەيدىكى قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

1947 - يىلى ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى تەرىپىدىن ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ھەرقايسى قازاق قەبىلىلىرىدىكى چارۋىچىلار ۋە قوراللىق كۈچلىرىنى باشلاپ، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق ئورۇنلارغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى.

شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىليەن 2 - باشقارمىنىڭ بىر گۇرۇپپا ئەۋەتىپ دىيەنتەي بىلەن ئوسمان تۇرۇشلۇق يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشنى بۇيرىغان. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ماشىڭشەن بولۇپ ئوقۇشۇمچە تەرجى-

مان ئىدى. ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئوسمان بىلەن دەرھال كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. باش قوماندان سۇڭ شىليەن ئوسماننىڭ ئالتايغا قايتىپ بېرىپ مىللىي ئارمىيىگە قارشى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئۈچۈن قورال - ياراق، ئوق - دورا جەھەتتىن ياردەم بەرمەكچى بولدى. ئوسمان ئۆز قىسىملىرىنىڭ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن ئاجىزقوشۇن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، سۇڭ شىليەننىڭ تەربىيىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. سۇڭ شىليەن شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرى سىلىڭبۇسى ئارقاسەپ تەمىنات بۆلۈمىدىن ئوق - دورا، كىچىك تىپتىكى زەمبىرەك قاتارلىق قوراللارنى ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. كەينىدىنلا گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، فۇكاڭدىن ئىبارەت تۆت ناھىيە بويىچە قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسىنى قۇردى. بۇنىڭ ئورنى جىمسار ناھىيىسىنىڭ سەنتەي دېگەن يېرىدە ئىدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىچىدە، ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، سەنمۇچۇ ۋە سىياسىي خىزمەت باشقارما 2 - بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ماشاڭشەن 2 - باشقارما 15 - گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولۇپ، مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ تەرجىمە بۆلۈمچىسىنىڭ قوشۇمچە باشلىقى بولدى. مەن مۇئاۋىن تەرجىمە بۆلۈمچە باشلىقى قوشۇمچە 15 - گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم.

بىز 1948 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ تاكى 7 - ئايدا ئۇرۇشۇش تەرەپدارى سۇڭ شىليەن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ گېنېرال تاۋسىيۇ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولغانغا قەدەر قازاق ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تەربىيىلەپ بەردۇق.



گېنېرال تاۋسىيۇ بۇ ئىشنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن دەرھال تەلىم - تەربىيە گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن بىرقانچە مىڭ قوراللىق قازاق ئەسكەرلىرىنى ئۆزجايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى داۋاملىق بىر يەرگە يىغىپ باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. باش قوماندانلىق شتابى مېنى 15 - گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى نامى بىلەن بۇ ئەسكەرلەرنى قامال قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1949 - يىلى يازدا بىز قازاقلارغا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنسىز سالاھىيەت ۋە پايدىلىق شەرت - شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئوسماننى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردۇق.

### 4 - ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش

مەن ئوسمان بىلەن كۆپ يىللار سالام - سائەت قىلىپ يۈرگەچكە ئوسماننىڭ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى، ھەممىدە ئۆزۈمنىڭلا راست دەيدىغان تەرسا، ئاچكۆز ئىكەنلىكىنى، قەبىلىۋازلىقى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان بىلەتتىم. مەسىلەن: مەيلى گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇشسۇن، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنى بولاشتا بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ قەبىلىسىدىكى قوراللىق كۈچلەرنى ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداشقا قوياتتى. باشقا قەبىلىلەردىكى قوراللىق كۈچلەرنى 1 - سەپكە ھەيدەيتتى. باشقا قەبىلىدىكى چارۋىچىلار سەل - پەللا دېگەن يېرىدىن چىقمىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماي قويمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز جەمەتىنىڭ باشقا قەبىلىدى-

كىملەرنى خالىغانچە ئاياق ـ ئاستى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، بوزەك ئېتىشكە يول قويۇپ، زوراۋانلىق قىلاتتى. ھەرقېتىم-لىق جەڭدە ئولجا قىلىنغان غەنىمەتلەردىن ياخشى قورال-ياراق، كەمچىل ماددىي ئەشيالار قاتارلىقلارنى ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى.

ھالبۇكى، ئالدىنقى سەپتە تازا جېنىنى ساتقانلارغا ئازراق ـ چاقماق قەنت ۋە پېچىنە-پىرەندىك بۆلۈپ بېرەتتى. ئەگەر جەڭدە مەغلۇپ بولسا ئوسمان ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، مال ـ مۈلكىنى بىخەتەر يەرگە چېكىندۈرۈپ كېتەتتى. جەڭ مەيدانىدا ھەدەپ ـ ئېلىشقانلار زىيان تارتاتتى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن باشلىقلار گەرچە ئەگىشىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، چېقىش يولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسىمۇ بىراق باشقا پاناھى بولمىغانلىقتىن يەنىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. پولك باشلىقى ماناتنىڭ دادىسى ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا بۇرۇندىنلا جۇڭگونىڭ تاشقى دائىرىدىكى ئىشپىيونى بولۇپ، ئۇنى سابىق گورۇپپا باشلىقى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مەن بۇرۇن ئالتايدا خېلى ئوبدان ئۆتۈشكەن ئىدىم. ئەمدى بولسا مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەپ بولۇپ، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى بەك ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئوسمان كونترول قىلىپ تۇرغان قەبىلە باشلىقلىرى ئىچىدە ئىناۋىتى ئۈستۈن بولۇپ، خېلى چاقىرىق قىلىش كۈچى بار ئىدى. ئۇ ماڭا: «بىز كۆپچىلىكنىڭ ئوسمانغا بولغان نارازىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ قەبىلە باشلىقلىرىنى



پارچىلىشىمىز لازىم. بۇ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش، ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار، كىممۇ ئۇنىڭغا جېنىنى سېتىشنى، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىسۇن. ئاقىۋەت ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، خالاس» دېدى. بىز ئوسماننىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدۇق. مەن، پولك باشلىقى مانات ۋە ئۇنىڭ كاتىپى مەجىت ئۈچىمىز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ باردۇق، مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ رەئىس بۇرھانغا پىلانىمىزنى دوكلات قىلدىم. ئۇ ناھايىتى رازى بولۇپ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قوشۇلدى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن چوڭ كاتىۋاشلارنى مېنىڭ بىۋاسىتە ئۇنىڭغا خەت ئارقىلىق تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. ئۇلار مېنىڭ خېتىمنى ئېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ بۇرھاننى تاپسىلا بولاتتى، يارلىق كۆتۈرۈۋېلىش، ھال سوراش راسخوتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان بولدى. جاۋجيەنفېڭنىڭ سەنتەيگە بارغاندا بىۋاسىتە مېنى ئىزلەپ مۇناسىۋەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ پۈتۈشۈۋالدۇق.

جاۋجيەنفېڭ — شىنجاڭ نەپىقە كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇپ بىزگە كېرەكلىك راسخوتنى شۇ ئاجرىتاتتى. مانات 1 - قېتىم رەئىس بۇرھان بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەندە جاۋ جەنفېڭنىڭ كىچىك ماشىنىسىدا كەلگەن ئىدى. مانات ئۆلكە مەركىزىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بىز ئىككىگە بۆلۈنۈپ پولك باشلىقى خاباش بىلەن قورمانباينىڭ خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. بىز قانچە كۈنگە بارمايلا خىزمىتىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

مەن پولك باشلىقى مانات ئارقىلىق خاباش، قۇرمانباي قاتارلىق ئۈچ چوڭ مۆتىۋەرنى رەئىس بۇرھان بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتىم، رەئىس بۇرھان ئۇلارنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئازاد بولۇش يولىغا مېڭىشتەك تارىخىي يۈزلىنىشى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. ئۇلاردىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، توغرا يول تاللىشىنى، يەنە ئوسمانغا ئەگەشمەسلىكنى، خەلققە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى ئۈمىد قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىگە يايلاق ئايرىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىختىيار قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن ماكان تاللىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ بىرقانچە قازاق مۆتىۋەرلىرى بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ رەئىس بۇرھانغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. جاۋ جيەنفېڭمۇ قوبۇل قىلىشقا قاتناشقان. بۇ ۋەكىللەر قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان ۋە ئۇلارغا قارىتا تەشۋىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلار قايتىدىغان ۋاقىتتا رەئىس بۇرھان ئۇلارغا بىردىن قول سائىتى (ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن)، بىردىن پايىكە ماركىلىق قەلەم سوۋغا قىلغان. ئۇلارغا قاراشلىق قەبىلىلەرگە نۇرغۇن چاي ۋە رەخت ياردەم قىلغان. بۇ ۋەكىللەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىش ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھاننىڭ ئۇلارغا



بەرگەن تەربىيىسىنى يەتكۈزدى. ھەممە چىقىش يولىنى چۈشەندۈردى.

جىققىيى جىمسار ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىككىمىز بىر كامېرغا سولانغان ئىدۇق. مەن قازاقچىنى بىلگەچكە، ئىككىمىز ئوبدان چىقىشىپ كەتكەن ئىدۇق. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككىمىز ئۇزۇنغىچە كۆرۈشمىگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە مەن ئۇنىڭغا بۇرھانغا ئەگىشىشنىڭ لازىملىقىنى، ئوسمانغا ئەگىشىپ ئەسكىلىك قىلماسلىقنى تەكىتلىمەكچى بولدۇم. 1949 يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى مانات بىلەن ئىككىمىز نەنسەندە مۇئاۋىن ھاكىم جىققىيىنى يوقلىدۇق. قەدىناسلار قايتا كۆرۈشتۇق، ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قوي سويۇپ بىزنى كۈتۈۋالدى، مەن جىققىيىغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ پات ئارىدا ئازاد بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم ھەممە ئۇنىڭغا: «قەدىناس دوستۇم، سېنىڭ نىشاندىن ئادىشىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن، سېنىڭ ئوسمانغا ئەگىشىپ شاپاشلاپ كەتمەي، رەئىس بۇرھانغا ئەگىشىپ قەتئىي مېڭىشىڭنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن.» دېدىم، جىققىيى بۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى، ھەممە: «مەن رەئىس بۇرھانغا ئەگىشىپ مېڭىشقا بەل باغلىدىم. چۈنكى بىز مۇشۇ يەرلىك ئادەملەر، سەرسان بولۇپ يۈرۈشنى خالىمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈشكە ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. بىز ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم بۇ قەبىلە باشلىقلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ رەئىس بۇر-

ھان بىلەن كۆرۈشۈشكە تونۇشتۇردۇق. شۇ تەرىقىدە 1949 - يىلى 8 - ئاي مەزگىلىدە ئوسمان كونترول قىلىپ تۇرغان قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتتى. ئوسمان ئۇزۇن يىللار باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ قورغان ئاساسىي جەھەتتىن پارچىلاندى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرغان بۇ توسالغۇ سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، رەئىس بۇرھاننىڭ كۆپ ساندىكى قازاق قەبىلە مۆتىۋەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش تەرەپكە تارتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىشقا ئېشىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن يول ئېچىلدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئوسمان مانات بىلەن ئىككىمىزنىڭ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئېلىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئاندىن بىلدى، ئۇ ئازا چېچاڭشىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە ئادەم بالىسى بولمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچكەن، ھەممە يەرگە مېنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى قەيەردە تېپىۋالسا شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان.

مەن 1949 - يىلى 8 - ئايدا تاغقا بېرىپ جىمسار ناھىيىسىنىڭ قازاق مۇئاۋىن ھاكىمى چىغاي بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن ئۆزۈم يالغۇزلا نەنسەنگە بارغان ئىدىم. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتكەن قازاق مۆتىۋەرلىرى مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ مېنى قوغداشقا ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن. يېرىم كۈن ئىچىدىلا 100 دىن كۆپرەك ئادەم يىغىلدى. مەن رەھمەت ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتىم. ئوسمان بىزنىڭ ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش ئىشىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىزنى بىر نېمە قىلىۋېتىشكە ئامالسىز ئىدى. بىز ئوسماننىڭ يېقىنلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئامالسىز قالدۇق. ئوسماننىڭ يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولۇپ ئۇلار قاتتىق كونترول قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوسمانغا قاراشلىق 200 دىن كۆپرەك كىگىز ئۆي ۋە جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن 60 دەك ئاق ئورۇس بار ئىدى. بۇلارنىڭ دۈيجاڭى ساماروۋ ۋاسىلى ئىدى. رەئىس بۇرھان ماڭا ساماروۋنى تىرىك تۇتۇپ ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىغان ئىدى. مەن بۇنى ئادا قىلالمىدىم، چۈنكى بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى ئۇ ئوسمانغا قوغدىغۇچى ئەترەت باشلىقى بولۇپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىشىم ئەپسىز ئىدى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا بىز بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدۇق. مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خىزمىتىمنى دوكلات قىلغاندا، رەئىس بۇرھانغا ئىچكى جەھەتتە پارچىلاش خىزمىتىنىڭ جەريانىنى بىر - بىرلەپ دوكلات قىلدىم، بۇ تارىخىي تۆھپىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

مەمتىمىن سادىق تەرجىمىسى

责任编辑：哈力克·沙克
阿布利孜.穆罕默德·沙依拉米

新疆文史资料选辑（25）（维吾尔文）
中国人民政协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　15.125印张　1插页
1988年12月第1版　1988年12月第1次印刷
印数：1——5，700

ISBN7—228—00866—9/K 元
（内部
20·

ISBN 7 – 228 – 00866 – 9
K·74(
20
元